
# BULAK



# بۇلاق

1990 4



كلتوروب ايمان آلارغه جان بيله خدمت قيليب / حاصل ايلاينك معرفت بو بولدا بولغاى جاهلى
كوركاچ ايتورمن بو معنى كيم اوزوم دا دوستلار / هيچ كيم ايرماس ابرى سنديك جهاندا غافلى
اوت كوراي ديم كيچه كوندوز بو عمروم فسق ايله / بو سعادت كامنى تيكوردى آخر كاملى
يوق ايدى گمراه فاسق من كبى بو عصرده / بولدى اوشبو بولدا بادى عارف دريا دلى
بولماغيل غافل اولاردين دمبدم قيلغين طلب / كيچه كوندوز يادينده ايلاب فغان غلغلى

بو سعادت غه سنى تيكوردى عابد شكر قيل
غازىء دوران عبيد الله ميرى فاضلى

اى مالك ملك سن ازلدين ابدا / قيصر بيله فغفور ايشيكينك دا گدا
اقرار سنكا قيلدى همه موجودات / اول كونكه الست بربكم ايردى ندا
[illegible] هم ارض و سما / سين دين همه كائنات قيل نشو و نما



عابد بذنامم نينك اميديو تورار وزكاردين
پادشاها سن توروب كونكلوم غمى رنجيم كامى

تا بجاديم هركز جهاندا بر موافق همدمى / يار سودا سيدين انينك كونكلى بولغاى خرمى
منزل دلكش ايكن عالم ده غم كاشانه سى / تا بقاسيدين عمر ابدا ولتورسانك آنده بر دمى
آدم اول دور كيم محبت بوى بولغاى كونكليده انينك / بو سوز ونى آلتونلاغينك غم اكرسن آدمى
قيلماغوم دور عالم الكره بردمى عيش نشاط / كونكلوم انينك توشوب دور عشقيدين ماتمى
دربدر آواره بولدوم وصلدين تاپماى نشان / مبتلا دور من سوراغماى تاپماى همدمى
تاپماغونك هركز بو عالم ده تيريك ليكيدين خبر / بولماسا كونكلونك انينك عشقيدين بر محرمى

غنچه ديك قان باغلاغان كونكلونك اچيلغاى عابدا
گلشن كوييداغو تشبيه باشيغا اوز زره شبنمى

اى ياران لار سوزمدا نامدين تركليك حاصلى / تا بساكير ايستاب جهاندا حق غه يكان حاصلى

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق

ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى

11-يىل نەشرى

ئومۇمىي 33-سان

1990

II

33

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، يالقۇن ئىسمائىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاببباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتىمىن يۇسۇپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

1990 - يىل 4 - سان

# مۇندەرىجە

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«دىۋانى ئابىد» تىن ....................ئابىدى قۇمۇلى (5)
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا
«گۈل ۋە نەۋرۇز»....................... مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفى (28)
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر
مەنسۇر باخشى غەزەللىرىدىن................................ (38)
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: سۇلايمان يۇنۇس

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ھافىز شىرازى شېئىرىيىتىدىن................................ (44)
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۇسۇپ

## مەشھۇر كلاسسىكلار

مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ـ شەمسىددىن سامى... ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى (63)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

سەنەۋبەر (داستان) ........................................ (75)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەيساجان مۇسا
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ........................................ (94)
رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەردە ئىمىن
يىگانە جاھان بىلەن يىگانە دەۋران ........................................ (111)
رەتلەپ نەشرگەتەييارلىغۇچى: ياسىن زىلال
ئەپسانىلەر ........................................ (126)
رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخەت ھاشىم
رىۋايەتلەر ........................................ (141)
رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسمايىل تۆمۈرى
بېيىت ـ قوشاقلار ........................................ (150)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئىلياس تاھىرى

* *

چاغاتايچە لۇغەت «ر» ........................................ (159)
تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.
خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى.
تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: يۈسۈپ خاس ھاجىب پورتىرىتى. رەسسام: غازى ئەھمەت.

ئىككىنچى بېتىدە: 1) «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت — «گۈل بىلەن نەۋرۇزنىڭ كېمىگە كىرگەنلىكى»؛ 2) ئابىد قومۇلى شېئىرلىرىنىڭ «باياز» دىن ئېلىنغان فوتو سۈرىتى.

ئۈچىنچى بېتىدە: 1) خوتەندىن تېپىلغان «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ قوليازما نۇسخىسىدىكى ئايرىم بەتلەرنىڭ فوتو سۈرىتى؛ 2) ھافىز شىرازى غەزەللىرىنىڭ «باياز» دىكى تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر.

تۆتىنچى بېتىدە: 1) ھافىز شىرازى پورتىرىتى؛ 2) «دىۋانى ھافىز»غا ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت («جۇڭگو قامۇسى» نىڭ چەتئەل ئەدەبىياتى قىسمىدىن ئېلىندى).

# „دىۋانى ئابىد"

ئابىد قۇمۇلى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

مۇھەررىردىن: گۈزەل لىرىك شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مەلۇم تۆھپە قوشقان شائىر ئابىد XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمۇل دىيارىدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدىلا شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ شېئىرلار ھازىرغىچە تېپىلمىغانىدى. شۇڭا شائىرنىڭ نام-ئەمالى ۋە ئەسەرلىرى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ئۆتكەن يىلى 12-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدىن بايقالغان «باياز» ناملىق قول يازمىغا شائىرنىڭ جەمئىي 34 غەزىلى، 69 رۇبائىيسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئابىدنىڭ بۇ «باياز»غا كىرگۈزۈلگەن غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك ھالدا دىۋان شەكلىدە تۈزۈلگەن ۋە رەتلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىر ئابىد قۇمۇلى ئەينى زامانىدىلا ئۆز شېئىرلىرىنىڭ مۇكەممەل دىۋانىنى تۈزۈپ قالدۇرغان. بىراق بۇ قىممەتلىك مىراس تېخى ھازىرغىچە تولۇق تېپىلغىنى يوق. شۇڭا شائىر ئابىد قۇمۇلىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە بىۋاسىتە ھەم تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن ئۇنىڭ «باياز»غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرىدىكى بەزى مىسرالاردىن شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە يۇرتى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. شائىر ئابىد ئۆز شېئىرلىرىدا يۇرتى قۇمۇلنى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل ھۆكۈمدارى ئەبەيدۇللا غازى بەگنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇ بىر غەزىلىدە:

نېچۈككى بولغالى قامۇل دىيارىغە شامىل،
كەمالۇ فەزلۇ ھۇنەر ئاندا ئەيلەدىم ھاسىل.
مېنى سەئادەتۇ دەۋلەتغە ئەيلەگەن لايىق،
ئەمىرى غازىيى دەۋرانۇ ئادىلى كامىل.

دەپ يازسا، يەنە بىر غەزىلىدە:

---

ۋەتەن غەرىبى بولۇپ ئۆمرۈڭ ئۆتتى، ئەي ئابىد،
بىلۈرمۇسەن ۋەتەننىڭ مۈلكى چىنمۇ يا قامۇل.

دەپ يازغان. يەنە بىر غەزىلىدە ئۇ تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ:

بۇ سەئادەتغە سېنى يەتكۈردى، ئابىد، شۈكر قىل،
غازىئى دەۋران ئۇبەيدۇللاھ مىرى قامۇلى.

دېگەن. يۇقىرىقى مىسرالاردىن بىز ھەم شائىرنىڭ يۇرتىنى بىلىۋالىمىز، ھەم ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى ھەققىدە ۋاستىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. ئەبەيدۇللا غازى بەگنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت شاھ غازى بەگ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن 1605 - يىلى قۇمۇلغا كېلىپ، بۇ دىيارنىڭ ھاكىم بېگى بولغان. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن 1668 - يىلى ئەبەيدۇللا غازى بەگ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ھاكىم بەگ بولغان. بۇ مەزگىل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى بولۇپ، جۇڭغارلار بۇ چاغدا قۇمۇلغا ئۈزۈلدۈرمەي ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇمۇلغا ياردەم بەرگۈدەك مادارى قالمىغانلىقتىن، ئەبەيدۇللا غازى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇڭغارلارغا قارشى ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. جۇڭغار ھۆكۈمرانى غالدانىنىڭ ئوغلى سېپتەن بالجۇرنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئەبەيدۇللا بەگنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق تارخان بەگلىك① ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئەبەيدۇللا غازى بەگنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە تاكى 1928 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن قۇمۇل ۋاڭلىقى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنغان. ئەبەيدۇللا غازى بەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1691 - يىلى ئۇنىڭ ئوغلى ۋاپا بەگ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان. شائىر ئابىدنىڭ ھاياتى ئەنە شۇ ئەبەيدۇللا غازى بەگ دەۋرىگە توغرا كەلگەن. ئۆز دەۋرىنىڭ تالانت ئىگىلىرىدىن بىرى بولغان بۇ شائىر ئەبەيدۇللا غازى بەگنىڭ ھامىيلىقىغا ئىگە بولغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان.

ئابىد شېئىرلىرى پىكىر جەھەتتە ئىلغار، سەنئەت جەھەتتە يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابىد تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغان نەمەنگانلىق يەنە بىر شائىرمۇ ئۆتكەن. ئۇنىڭ تاشكەنتتە چاپ قىلىنغان «تۇھفەتۇل - ئابىدىن ۋە ئەنىسۇل - ئاشىقىن» ناملىق ئەسىرى خەلقىمىزگە تونۇشلۇق. بۇ شائىر «تۇھفەتۇل - ئابىدىن» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ تولۇق ئىسمىنى: «موللا مۇھەممەد ئابىدجان ئىبنى موللا مۇھەممەد قابىل ئاخۇند نەمەنگانى» دەپ يازغان. شائىر ئابىد نەمەنگانى بىلەن بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان شائىر ئابىد قۇمۇلى ئۆزلىرى ياشىغان ماكان ۋە زامان جەھەتتىن تامامەن باشقا-

① جاساق تارخان بەگ — ھوقۇقى چەكلەنمەيدىغان، بالىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان بەگلىك مەنسىپى.

باشقا شەخسلەردۇر. ئۇلارنىڭ بىرى نەمەنگانلىق، يەنە بىرسى قۇمۇللۇق. زامان جەھەتتە ئابىد قۇمۇلى ئابىد نەمەنگانىدىن تەخمىنەن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنىدا ناھايىتى روشەن ھالدىكى دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك خۇسۇسىيەت بار. شۇڭا ئىلمىي تەتقىقات ۋە مەتبۇئاتچىلىقتا بۇ ئىككى ئابىدنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئابىد قۇمۇلى ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ۋە بەدىئىي سەنئىتىنى ئايرىم تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ شائىرنىڭ تەپسىلىي تەرجىمھالى ھەم ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىز ھازىرچە ئابىد قۇمۇلىنىڭ تېپىلغان شېئىرلىرىنى كىتابخانلارغا ئالدىن تونۇشتۇرۇپ تۇرۇشنى لايىق تاپتۇق. جامائەتچىلىكنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بۇ تالانتلىق شائىرىمىزنىڭ يەنە باشقا ئەسەرلىرىمۇ تېپىلىپ، يورۇقلۇققا چىققۇسى.

## غەزەللەر

ئىلاھا، دەرگەھىڭغە كەلدى بىر گۇمراھ پۇرسەۋدا،
ئالىپ بۇ چاھى زۇلمەتدىن ئانى كويۇڭدا قىل مەئۋا.
نەسىب ئەت زەررەئى دەردۇ غەمىڭدىن بۇ پەرىشانغە،
قالىپدۇر ھەجر ئارا ۋەسلىڭ تەمەنناسىدا بۇ شەيدا.
تاپا ئالماي سېنىڭ دەرگاھىڭە بىر تۇھفەئى لايىق،
كەتۈرمىش ئول مەتائى مەئسىيەت ھەم ئاھۇ ۋاۋەيلا.
ساڭا مەھزۇن كۆڭۈل دەردىن بەيان قىلماق نە ھاجەتكىم،
بىلۇرگە بارچەنىڭ سىررىنى سەنسەن ۋاقىفۇ دانا.
مۇھەببەت پەيزىدىن يەتكۇر دەما دەم تىيرە كۆڭلۈمگە،
كۆڭۈلدىن غەيرى زىكرىن ئەيلەگەي ئول نۇر زىيا پەيدا.
مەنى ئەۋۋارەئى مەجنۇن كەبى بىخانىمان قىلدىڭ،
تەرەھھۇم ئەيلە بۇ سەرگەشتەگە ئۆزۈڭ قىلىپ لەيلا.
ئىلاھا، گۇلشەنى كويۇڭنى ئابىدغە مەقام ئەيلە،
سېنىڭ ھەمدىڭ بەيان ئەيلەرگە بولغان بۇلبۇلى گويا.

* *

ئەي ساڭا كىمدۇر ئىكى ئالەمدە قىلماس ئىقتەدا،
ھەق سېنى قىلدى بۇ كەۋنەين ئىچرە ئەلگە مۇقتەدا.
يا شەفىئۇل-مۇزنەبىن يوقتۇر ئۇممىدىم ئۆزگەدىن،
سەندىن ئۇممىد شەفائەت، يا رەسۇلى پىشەۋا.
كىم ساڭا قىلماس ئىتائەت تاپماغاي ھەق يول سارى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغۇسى گۇمراھ ئۇل كىم بولماساڭ سەن رەھنەما.
بولماسا ئۇتقىنىڭ بەيانى سەفھەدە نې ئېئتىبار،
نەئتى پاكىڭ بىرلە قىلدىم مەن بۇ نۇسخە ئېپتىدا.
كىم بارا ئالغان قاراڭغۇ گوردىن جەننەت سارى،
تۇتماساڭ شەمئى شەفائەت كىمگە، ئەي نۇرى ھۇدا.
تا قىيامەت پاس ئەمرىڭ باردۇرۇر ئىسلام ئارا.
پەيرەۋى شەرئىڭ ئۇچۇن ھەر كۇندە بەش قەتلە نىدا.
يا رەسۇلۇللاھ، نې ھاسىل سۆز بىلە قىلماق تەمام،
نەئتى پاكىڭنى ئەدا جانىمنى مەن قىلماي فىدا.
ھەق نىسار ئەتكەي ئۇلارغە فەزلى رەھمەت بى ئەدەد،
چەھارىيارىڭىم ئېرۇرلەر ھەر بىرى بەھرى سەفا.
ئايتايىن ھەردەم ئۇلارنىڭ روھ پاكىغە دۇرۇد،
چۇن ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر، ئۇسمان، ئەلىيۇ مۇرتەزا.
قايسى تىل بىرلە ئۇلارغە مەنقەبەت ئەيلەي بەيان،
ھەشرغە تەگرۇ ئۇلاردىن خەلق ئارا سىيتۇ سەدا.
ئابىدا، كەلتۇر بەجا سەن قۇللۇغۇڭنى سىدق ئىلە،
يەتكۇسى قۇل يولسا شەھلىغغە ئۇلاردىن ھەر گەدا.

*　　*

كەتۇر پىيالە تۇت ساقىيا شەراب ماڭا.
خۇمار شىددەتىدۇر قىلما كۆپ ئىتاب ماڭا.
يۈزۈڭنى ئۇيقۇدا كۆردۇم بولۇپ دېدىم بىدار،
مۇيەسسەر ئولماغاي ئەمدى بۇ نەۋئ خاب ماڭا.
ھەرىفى جۇرئەكەشىم ئەسرۇ تۇندۇ مەن ئاجىز،
نە جەۋر قىلغۇسى دەپ بەسكى ئىزتىراب ماڭا.
كۆڭۈل ئالۇردا ماڭا لۇتفى بىھىساب ئەتتىڭ،
يەنە نە ئېردىكى بۇ زۇلم ئىلە ئىتاب ماڭا.
خۇمار دەردىدە بەدھال خەستە مەن ساقى،
مېنىڭ بۇ دەردىمە تۇت بىر قەدەھ شەراب ماڭا.
مېنى بۇ دەيرى فەنادىن نە قاۋغاسەن، ئەي شەيخ،
مەئاب تۇت مېنى كۆپ قىلماغىل ئەزاب ماڭا.
فەنا يولىدا ۋۇجۇدۇڭنى قىلماساڭ مەئدۇم،
رىزا مەقامىدادۇر يۈزلۈكۈم ھىجاب ماڭا.
باشىنى ئويناديى ئابىد ھەمە بەلاكەشلەر،
تەرەددۇد ئەيلەمەكىم نې دۇرۇر ھىساب ماڭا.

* *

سوراپ كۆلبەم سارى ئۇل شۇخ كەلدى مېنى ياد ئەيلەپ،
غەمىن كۆڭلۇمنى ھىجران غۇسسەسىندىن، ۋەھكى، شاد ئەيلەپ.
يولىدا مەنكىم ئۇل بىدادنىڭ دادىمنى تاپماقكىم،
قويۇپ باشىنى يۈز مەندەك تۇرار يولىدا داد ئەيلەپ.
بولۇپسەن كۆپ چەمەن گۈللارىغە مەغرۇر، ئەي بۇلبۇل،
تېگەر بادى خەزان ئاخىر نە قىلغۇڭ ئېئتىماد ئەيلەپ.
دەرىغا، تىيرە قىلدىڭ روزىگارىم ئاقىبەت، ئەي شۇخ،
خەتىڭ كۆز مەردۇمىدىن ھەل قىلىپ مۇشكىن سەۋاد ئەيلەپ.
بوسۇغاڭغە قوياي باشىمنى دەپ دەرگاھىڭە كەلدىم،
مېنى ياندۇرماغىل ئۇشبۇ ئىشىكدىن بى مۇراد ئەيلەپ.
تۇرارغە، ئابىدا، بىر كۇنجى غۇربەت ئالەم ئەھلىدىن،
چىق ئەمدى تەرك ئېتىپ ھىرسۇ ھەۋانى خەيرى باد ئەيلەپ.

* *

جەھان نەقدىن يىغىپ قىلغان مۇباھات،
قانى قارۇن بىلەن فىرئەۋنۇ شەددات.
ئۇل ئىلتۇر مالىدىن كىم قىلغان ئېرسە،
كى ئۆلمەسدىن بۇرۇن ئېھسانۇ خەيرات.
دېسەڭ ئازاد ئولاي قەيدى جەھاندىن،
دېدى، مەي ئىچ، ماڭا پىرى خەرابات.
فەقىھا، نۇقتەئى ئىشقىدىن ئۇقماي،

نە ھاسىل بىلگەنىڭ تەفسىرى «مىشكات».
كىشىكىم مەئرىفەتدىن بىخەبەردۇر،
كى قىلغان بولغاي ئۇل تەزيىئى ئەۋقات.
بۇ يولغە كىرمىگىن سەن بى دەلىلى،
كى ئاندا دەپدۇرۇرلار كۆپدۇر ئافات.
ئۇنۇتساڭ، ئابىدا، بىردەم ئانى سەن،
كىرەر كۆڭلۇڭ ئارا فاسىد خەيالات.

* *

سەھەر قوپ زار يىغلاپ قىل مۇناجات،
تەلەپ قىل تەڭرىدىن نې بولسا ھاجات.
رىيازەتدىن خەراب ئەت تەن بىناسىن،
ئۇشاتماق ئىستەسەڭ مۇشكىل تىلىسمات.
سالىپ سەججادەئى تەقۋانى، ئەي شەيخ،
ساتارسەن ئەلگە كەشفۇ ھەم كەرامات.
بولۇپ خەم قامەتىڭ مىننەت يۈكىدىن،
قىلۇرسەن بەندەلىك، يوق زەۋق تائات.
دېمە كۆپ، ۋائىزا، كەۋسەر سىفاتىن،
لەبى سەرچەشمەسىندىن بىر كىنايات.

نېچۈك بولغاي قەبۇلى ھەق نەمازىڭ،
كۆزۈڭ ياشى بىلە قىلماي تەھارات.
يۈرۈپ ھەريان سوراپ كەسبى فەنا قىل،
بۇدۇر پىرى تەرىقەتدىن رىۋايات.
كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋەتىدۇر، روھ قۇتى،
نەۋا قىل، مۇترىبا، چەڭگۇ نەغامات.
بولۇر مەئشۇق ئاشىقغە تەلەبكار،
بۇدۇر مەقسەدغە يەتكەنگە نىھايات.
جۇدالىق ئىستەسەڭ يارىڭدىن، ئابىدا،
كېلۇر ئايلىڭغا ھەردەم يۈز بەلىييات.

* *

مېنىڭ رەسۋالىغىمغە بىر پەرى رۇخساردۇر بائىس،
بەلى بۇلبۇلنى نالان قىلغالى گۇلزاردۇر بائىس.
ئۇمىدىم يوق تىرىكلىكدىن قالىپدۇر بىر نەفەس جاندىن،
تىرىك ئۇلتۇرماغىمغە بىر نەفەس دىيداردۇر بائىس.
ۋىسالى يارنى قىلساڭ تەمەننا، يىغلا سۇبھۇ شام،
ئاڭا ۋاسىل بولۇرغە دىيدەئى خۇنباردۇر بائىس.
ياقامنى چاك ئېتىپ چىقسام نىگارىم كويىدا يىغلاپ،
دەگىز رەسۋالىغىمغە دىلبەرى ئەيياردۇر بائىس.
فەقىھا، نې ئاسىغ ئىلمىڭ، مۇھەببەت نۇكتەسىن ئۇقماي،
تاپارغە يول ئانىڭ بابىغە بۇ ئەسراردۇر بائىس.
دېسەڭ، ئابىد، تاپاي دىلدارنىڭ بۇيىنى جەھد ئەيلەپ،
تاپارغە بۇيىنى جانانەنىڭ ئەتتاردۇر بائىس.

* *

ئەي يىغىپ دۇنيا مەتائىن فەخر ئېتىپ قىلغان مۇباھ،
ئول چەبىندەك ئۆرگۈلۈر گەندىدە بولغان مۇستەراھ.
بولماغىل فىرئەۋندەك گۇمراھ سەرگەشلىك قىلىپ،
كىر كەلىمۇللاھ يولىغە يىغلاغىل شامۇ سەباھ.
تا تىرىكسەن تەڭرى يادىنى ئۇنۇتما بىر دەمى،
ئەيلەگىل پىشە بۇ يولدا زۇھدۇ تەقۋايۇ سەلاھ.
ئاچ كۆزۈڭنى ئۇيقۇدىن ھەر سۇبھىدەم بىدار بول،
بۇرناراق ئاندىن نىدا قىلغاي مۇئەززىن ئەسسەلاھ.
كىم قىلىپدۇر كامى دىل ھاسىل بۇ زالى دەھردىن،
سەن تەلاق ئەتمەي ئانىكىم نە دۇرۇر ئەقدى نىكاھ.
بارچەدىن بولغىل مۇجەررەد ئىستەگىل بىر مەردى ھەق،
بولسە كۆڭلۈڭدە گىرىھ بولغاي ئانىڭدىن ئىفتىتاھ.
غەيرى ھەقدىن كەچمەيىن كىرسەڭ بۇ يولغە، ئابىدا،
بولماغۇڭدۇر ئاندا سەن ھەرگىز قەبۇلى ئىستىلاھ.

* *

سېنىڭ ئىشقىڭدا سەرگەردان بولۇپ چەرخ،
سېنى تاپماي يۈرۈر ھەيران بولۇپ چەرخ،
دېدىلەر ئەۋرۈلۈر مىڭ قەتلە ھەرتۈن،
سېنى ئىستەركى ھەيران ئەۋرۈلۈپ چەرخ.

دېمە تۈشسە ھەۋادىن يامغۇرۇ قار،
ئاقىزغان ياشىدۇر گىريان بولۇپ چەرخ.
ئەمەس بەرق ئاندا ئىشقىڭ ئوتىدىندۇر،
گويا فەرياد ئېتىپ نالان بولۇپ چەرخ.

www.uyghurkitap.com

کۆرە ئالماي سىنى تاپماي قەرارى،
باشىمدىن ئەۋرۇلۇر ھەريان بولۇپ چەرخ.
شەفەق ئىرمەس كۆرۈنگەن ئاندا ھەر شام،
چاقىن تىغى بوغۇزلاپ قان بولۇپ چەرخ.

کۆرۈنگەن كۆكتە ھەريان ئەنجۇم ئىرمەس،
سىنى كۆرمەككە مەشئەل ياندۇرۇپ چەرخ.
جەمالىڭ شەمئىگە پەرۋانە ئابىد،
ئانىڭدەك كىم يۈرۈر گەردان بولۇپ چەرخ.

* *

لەبلەرىڭنىڭ كۈلكۈسىدۇر شەككەرىستانىدىن لەزىز،
كۆپىدۇرۇر شىرىن جەھاندا يوق ماڭا ئاندىن لەزىز.
جان ساتارمەن گەر مۇيەسسەر بولسا سىللى جان بىلە،
گەرچە يوق قىيمەت مەتائى خەلق ئارا جاندىن لەزىز.
تاپمادىم ئىستەپ جەھاندا كويىدىن خۇشراق مەقام،
يوق چەمەن سەھنىدە بۇلبۇلغە گۇلىستاندىن لەزىز.
بولمىشەم، ئەي دوست، ھاجەتمەندۇ زارۇ مۇستەمەند،
يوق ئەمەل ساھىب كەرەمگە خەيرۇ ئىھساندىن لەزىز.
جىلۋە قىلدى ھۇسن مەيدانىدا چەندان شۇخلار،
يوق بۇ مەيدان ئىچرە ئول سەرۋى خىراماندىن لەزىز.
ئابىدا، كەلمەس جەھانغە ئارىفى شىرازدەك،
مەئرىفەت بابىدا ئول شاھى سۇخەنداندىن لەزىز.

* *

ئىلاھا، بولمادىم غەفلەت مەيىدىن بىردەمى ھۇشيار،
نى بولغاي ئەيلەسەڭ بۇ خابى غەفلەتدىن مىنى بىدار.
مەنى گۇمراھ ئاسىغە تەرەھھۇم ئەيلەبان، يا رەب،
سالىپ كويۇڭ ئارا قىل غەير زىكرىدىن مىنى بىزار.
تىلىمنى ئاسراغىل بىھۇدە سۆزدىن بەس پەرىشانمەن،
بولۇپ گويا سىنىڭ ۋاھىدلىغىڭغە ئەيلەيىن ئىقرار.
مىنى ساقلاپ ھەۋاۋۇ ھىرسدىن كۆڭلۈم قىلىپ رەۋشەن،
سالىپ ۋەسلىڭ ھەۋاسىن كۆڭلۈمە قىلغاي بەر خوردار.
خەلاس ئەيلە مىنى بۇ ئىككى سەرگەش مىكرىدىن، يا رەب،
ساڭا ئىقرار ئىيتىپ، ئول ئىككى دۇشمەنگە قىلاي ئىنكار.
كەتۇرمە بۇ پەرىشان خاتىرىغە غەيرى يادىنى،
سىنىڭ زىكرىڭدىن ئۆزگە سۆزنى دەرگە ئەيلەي ئىستىغفار.
كەچۇرسە ئايۇ يىل ئۇمرىنى ئابىد مەئنسيەت بىرلە،
لە غەم مەھشەر كۈنى لۇتف ئەيلەسەڭ ھالىغە، ئەي غەففار.

* *

كۆزۈمدە ئۇيقۇ ئىدى ناگىھان كۆڭۈل بىدار،
مۇيەسسەر ئولدى ماڭا يار ۋەسلى ھەم دىيدار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشىمغە كۆرمەك ئىلە تۈشتى ئىشقىدىن سەۋدا،
كۆزۈمدە قالمادى ئۇيقۇ كۆڭۈلدە سەبرۇ قەرار.
كۆرۈڭكى قاشۇ كۆزىن ئۆلتۈرۈرگە ئىشق ئەھلىن،
نەچۈككى سەف تۈزەر ئىسلام ئەھلىغە كۇففار.
ھەيات قىلسە نېتاڭ لەبلەرىڭۇ قەتىل غەمىڭ،
كى ھەر نەفەسدە ئۆلۈك تىرگۈزۈر مەسىھاۋار.
ماڭا بۇ ئىككى جەھان ئىچرە يوقتۇرۇر مەقسۇد،
كى سەندىن ئۆزگە نە يارۇ دىيارۇ نە غەمخار.
دەۋا قىلۇردا مېنىڭ دەردىمە بولۇر ئاجىز،
بۇ نەۋئ كۆرسە فلاتۇن مېنى ئەگەر بىمار.
نە تاڭ ياسالسا بۇزۇلغانكۆڭۈل تۈشۈپ نەزەرىڭ،
بۇزۇق تامىغە خىزر بىر يەتىم ئانىڭ مېئمار.
دېدىم: ۋىسالىڭە، ئەي گۈل، قەچان يېتەر ئابىد،
دېدىكى: قىلماغۇچە مېھنەتى تەھەممۇل خار.

* *

جەھاندا تاپمادىم ئىستەپ ئۆزۈمگە مەھرەم راز،
غەممنى شەرھ قىلىپ بولغامەن ئاڭا دەمساز.
ئىشىتسەڭىز ھەم غەمكىن بولۇرسىز، ئەي ئەھباب،
غەمىم شىكايەتىنى ناگەھ ئەيلەسەم ئاغاز.
مەجازى ئىشقىنى تەرك ئەتمەگەيسەن، ئەي بىدەرد،
كى بىلسەم ئانى ھەقىقەت ئىكەن بۇ بارچە مەجاز.
فەنا يولىدا دېسەڭ ئاقىبەت بولاي مەھمۇد،
نەدىمى خاس بولۇپ پىشە قىل تەرىقى ئاياز.
رىيايى تائەتىڭە تەكيە قىلما، ئەي زاھىد،
بۇ يولدا دەردۇ مۇھەببەت نىيازدۇر نە نەماز.
باقىپ مېنىڭ سارى، ئەي شۇخ، كۆز ئۇچى بىرلە،
كى خاسۇ ئام ئارا ئەيلەدىڭ مېنى مۇمتاز.
يوق ئېردى مەن كەبى بۇ يولدا جاھىلۇ نادان،
يەتۈردى فەيزۇ مەدەد رىندى ئارىفى شىراز.
كەتۈر بۇ ئابىدى مىسكىنگە قەترە مەي دۇردىن،
قىلىپ بۇ مەجلىس ئارا ساقىيا كەرەشمەئى ناز.

* *

مېنىڭدەك ھېچكىم ئالەمدە رەسۋايى جەھان بولماس،
كۆڭۈل دەردىن بەيان ئەيلەرگە يارى مېھرىبان بولماس

تۇشۇپ بىر ۋادەئى غۇربەت ئارا مەن زار سەرگەردان،
بولۇپ رەسۋا مەلامەت ئوقىغە مەندەك نىشان بولماس.
بولۇپ غەم دەشتىدە ئاۋارەۋۇ ھەيرانۇ سەرگەردان،
بۇ يەڭلىغ ھېچكىم ئالەمدە بىنامۇ نىشان بولماس.
ئەگەر ئىخلاس ئىلە قويساڭ قەدەم بۇ يولغە، ئەي تالىب،
تاپارغە كەئبەئى مەقسۇد مۇندا ھېچ گۇمان بولماس.
بەيان قىلسام① ئەگەر مەن ۋاقىئاتىم قىسسەسىن بىر - بىر،
بۇ يولدا ۋامىقۇ خۇسرەۋ ماڭا ھەم داستان بولماس.
مۇيەسسەر بولدى ناگەھ، ئابىدا، بۇ دەرگەھى مەقسۇد،
كۆتەرمە باشىڭ ئاندىنكىم بۇ يەڭلىغ ئاستان بولماس.

*    *

دەھر باغى ئارا سەندەك گۇلى رەئنا بولماس،
داغى مەندەك ئاڭا بىر بۇلبۇلى گويا بولماس.
مۇنچە رەسۋا نە ئۇچۇن خەلق ئارا بولدۇڭ دېمەگىل،
ئىشق بازارىدا كىمدۇر ساڭا شەيدا بولماس.
تۇش تۇشۇمدىن سوقۇبان تەلبەۋۇ ھەم قاۋلارلار،
تىفل ئارا مەن كەبى سەرھەلقەئى غەۋغا بولماس.
خەلق ئارا ئىشقىڭ ئوتىدىن تۇشۇپ ئاشۇبى فىغان،
سەن كەبى ئافەتى دەۋران يەنە پەيدا بولماس.
يار سىرىن ساڭا كەشف ئەتكۇسىدۇر پىرى مۇغان،
خانىقەھ ئىچرە ئانىڭ سىررى ھۇۋەيدا بولماس.
قاۋما، ئەي شەيخ، مېنى مۇغبەچەلەر كويىدىن،
چۈنكى بۇ كويىدىن ئۆزگە ماڭا مەئۋا بولماس.
ئابىدا، جان بېرىبان ۋەسلى مۇيەسسەر بولسا،
ئىشق بازارىدا مۇنداق يەنە سەۋدا بولماس.

*    *

مەن كەبى دەھر ئارا بىر جاھىلۇ نادان بولماس،
ئوقۇپ ئاياتى ئەھادىس مۇسۇلمان بولماس.
فىسق ئىسيانۇ زەلالەت بىلە دائىم شەب - روز،
كەچۇرۇپ ئۇمرىنى بىر قەتلە پۇشەيمان بولماس.
نە مۇسۇلمانۇ نە تەرسا، نە كافىرۇ نە يەھۇد،

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «قىلماس» دەپ يېزىلغان. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «قىلسام» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن كەبى ھېچ كىشى سەخرەئى شەيتان بولماس.
يانمادىڭ ھەق سارى تەۋفىق تاپىپ، ئەي گۇمراھ،
كىم خەتا قىلدى يانىپ سوڭرە پۇشەيمان بولماس.
قىلىپ، ئەي خوجە، سىنى تاقۇ رەۋاقىڭ مەغرۇر،
ئاقىبەت سايە كەبى يەر بىلە يەكسان بولماس.
ئابىدا، خەلقنى غافىل دەپ ئۆزۈڭدەك بىلمە،
يىغلابان شامۇ سەھەر كۆزلەرى گىريان بولماس.

* *

كىم دۇرۇر، ئەي شوخ، مەندەك ھۇسنۇڭە ھەيران ئەمەس،
بولسا ھەم ھەيران، مېنىڭدەك زارۇ سەرگەردان ئەمەس.
مەي بىلە مەئشۇقنى ھەركىمكى قىلماس ئارزۇ،
ئۇمر زايىئدۇركىم ئانىڭ قابىلى ئىمان ئەمەس.
قايسى ئاشىقدۇركى ھەردەم ۋەسلىڭ ئۇممىدى بىلە،
قىلمايىن باغرىنى بەريان كۆزلەرى گىريان ئەمەس.
بادەئى مەيدۇر بۇ يولدا جەزبە بىرلە مەئرىفەت،
سەن گۇمان قىلما ئانىكىم، بادەئى شەيتان ئەمەس.
كىمكى بۇ ئالەمدە ئانىڭ ئىشقىدىندۇر بىخەبەر،
سۇرەتى ئادەمگە ئوخشە مەئنىدە ھەيۋان ئەمەس.
قىلماغىل ئۇمرۇڭنى زايىئ ئىشقىدىن غافىل بولۇپ،
بىخەبەر بولماق بۇ يولدا پىشەئى ئىنسان ئەمەس.
قىلماساڭ قەتئى بەيابان كۆپ مەشەققەتلەر بىلە،
كەئبەئى مەقسۇدغە يەتمەكلىكىڭ ئاسان ئەمەس.
دەيدۇلار گۇمراھۇ فاسىق بارچە ئەل، ئابىد، سىنى،
ھەر نەكىم دەرلەر سىنى ئول راستدۇر بوھتان ئەمەس.

* *

قىلماغىل، يا رەب، مېنى غەم بىرلە مېھنەتدىن خەلاس،
تا تىرىكمەن قىلماغىل ئىشقى مۇھەببەتدىن خەلاس.
كۆڭلۈم ئىچرە بەر شەرەر ئىشقى مۇھەببەت ئوتىدىن،
سالىبان قىلما مېنى ئەندۇھۇ فۇرقەتدىن خەلاس.
كەلتۇرۇڭ يارىم ماڭا، يا مېنى ئىلتىڭ يارغە،
بولمادىم ئىستەپ ئانى ۋادەئى غۇربەتدىن خەلاس.
شوخلار ئىشقىدا يۈرمىڭ مېھنەتۇ غەم باشىمە،
كەلسە ھىجران تۈنلەرى قىلما بۇ شىددەتدىن خەلاس.
خانىقەھدىن دەيرى پىرى سارى قىلدىم ئىقتىدا،

قىل مېنى، يا رەپ، رىيائى زۇهد تائەتدىن خەلاس.
بىر پەرى ئىستەپ جەهاندا، ئابىدا، دىۋانە بول،
ئەيلەگىل ئۆزۆڭنى ئەقلۇ هۇشۇ هىكمەتدىن خەلاس.

* *

چۇن قەدەم قويساڭ بۇ يولغە قىلماغىل جاندىن تەمەئ،
كەچمەسەڭ جانىڭدىن ئەۋۋەل قىلما جاناندىن تەمەئ.
پىرى دەير ئىلكىدىن ئىچسەڭ ناگىهان جامى شەراب،
سوڭرە هەرگىز قىلماغىل ئىسلامۇ ئىماندىن تەمەئ.
كىمگە كىم قىلدى ۋەفا قىلغاي ساڭا بۇ دەهر دون،
قىلماغىل مېهرۇ ۋەفا رەسمىنى دەۋراندىن تەمەئ.
مەئرىفەت يېرىنى سورغىل ئاشىقى ئاگاهدىن،
خاسدۇر بۇ نۇكتە هەرگىز قىلما ناداندىن تەمەئ.
دېمەگىل ئىشقىنى ئانىڭ تەرك قىل، ئەي پارسا،
كىم بېرىپ مەن جاننى جانغە ئۈزمەگۈم ئاندىن تەمەئ.
ئەيلەبان كۆڭلۆڭ پەرىشان كۆزدە ئەشكىڭ قىل رەۋان،
كىم سەدەف بەهر ئىچرە قىل بارانى نەيساندىن تەمەئ.
ئەيلەدى تاراج كۆڭلۆڭ كىشۋەرىن غارەتگەرى،
ئەمدى، ئابىد، قىلماغىل ئىسلامۇ ئىماندىن تەمەئ.

* *

ساقىيا، تۇتغىل ماڭا ئىشرەت مەيىدىن بىر ئاياغ،
كىم بولۇپ بۇ دەهردىن مەن كۆپ مەلۇلۇ بىدىماغ.
داغلار كىم كۆيدۆرۆپ مەن بەندە هىجران تۆنلەرى،
كۆرگەلى كۆڭلۆم ياراسىن گويىيا بولدى چىراغ.
يىغلاسام فەرياد ئېتىپ تاڭ كۆرمەڭ، ئەي ئەهبابىكىم،
چۈنكى كۆڭلۆم ئىچرە باردۇر ئىشقدىن كۆپ دەردۇ داغ.
دەهر ئارا مەجنۇن كەبى ئەۋۋارەدۇرمەن ۋەسل ئۈچۈن،
لەيلى يەڭلىغ دىلبەرىمدىن خەلق ئارا تاپماي سوراغ.
كۆرگەزىپ خالىن گىرىفتار ئەيلەدى كۆڭلۆم قۇشىن،
گويىيا ئول قۇشغە بولدى هەلقەئى زۇلفى تۇزاغ.
ئىتلارى بىرلە ئانىڭ كويىدا تاپمىشمەن مەقام،
كىم كىرەكمەس دوستلار ئەمدى ماڭا بوستانۇ باغ.
كۆڭلۆڭە ئىشق ئوتىدىن ئۈچقۇن تەلەب قىل، ئابىدا،
خۇش كۆرۆنۆر تۆندە كىم ياندۇرسالار ئۆيدە چىراغ.

* *

لەھزەئى بولماي جەھاندا خاتىرىم غەمدىن فەراغ،
كىم غەمدىن تۇشمىش ئانىڭ باشىمە بىر پارچە تاغ.
قىسسەئى فەرھادۇ مەجنۇندىن نە لەززەت تاپقاسەن،
قىسسەئى شىرىندۇرۇركىم تۇتساڭ ئايتۇرمەن قۇلاغ.
گەر دىسەڭ ئىككى جەھاندا بولمايىن مەردۇدۇ خار،
كۆڭلۆڭ ئىچرە ھاسىل ئەت ئانىڭ غەمىدىن دەردۇ داغ.
ئەي مۇقەللىد، قويما ئاشىقلار بىلە يولغا قەدەم،
بۇ چەمەندە بولمامىش مانەندى بۇلبۇل بىرلە زاغ.
خۇش مۇناسىبدۇر جەمالىڭ ئۆززە مۇشكىن قاشلارىڭ،
گويىيا مەسكەن قىلىپدۇر گۇلشەن ئىچرە ئىككى زاغ.
كۆردىيۇ خالىنى بولدى مۇبتەلا كۆڭلۆم قۇشى،
تۇشتى زۇلفىدىن ئانىڭ بويىنىغە گۇياكىم تۇزاغ.
غەمزەسىدىن تەگدى كۆپ جانىمغە ناۋەك ئوقلارى،
زەخم بولدى زار جىسمىڭ تائىمادىڭ باشدىن - ئاياغ.
ھاسىل ئەتكىل، ئابىدا، ئانىڭ غەمىدىن تۇشەئى،
بولماغىل رەسۋا فەنا يولىداكىم كۆپدۇر ئوزاغ.

* *

رەفىقا، خەلق ئارا رەسۋايى دەۋران بولماغىل مەندەك،
كىرىپ بۇ ۋادەئى غەم ئىچرە ھەيران بولماغىل مەندەك.
نەچۇككىم نالەۋۇ فەرياد ئېتەر بۇلبۇل گۇلىستاندا،
بەھارى ئارزۇ شەۋقىدە نالان بولماغىل مەندەك.
بولۇپدۇر يىغلاماق ئادەت ماڭا، ئەي شۇخ بىپەرۋا،
ئىشتىسەڭ ئاھۇ ئەفغانىم پەرىشان بولماغىل مەندەك.
بەناگاھ سورغالى باشىمغە كەلسەڭ ئەي جەفا پىشە،
بىلىپ كۆڭلۆم غەمىن ھەرلەھزە گىريان بولماغىل مەندەك.
قەدەم قويما مەلامەت كويىغە زىنھار، ئەي مەغرۇر،
تاپالماي دەردىگە دەرمان پۇشەيمان بولماغىل مەندەك.
دىسەڭ ئابىد كەبى شۇرىدە خاتىر بولمايىن ھەرگىز،
ئەسىرى غەم بولۇپ تاراجى ھىجران بولماغىل مەندەك.

* *

كەتۇر پىيالەيۇ تۇت، ساقىيا، پەياپەي مۇل،
بەھار فەسلىيۇ سەھنى چەمەندە مەۋسۇمى گۇل.

کۆرۈپ چەمەندە گۇلۇ سەرۋنى چىكەر نالە،
يۈزىيۇ قەددى هەۋاسىدا قۇمرىيۇ بۇلبۇل.
بولۇپ غەمىدە ئانىڭ رۈزگار تىيرە ماڭا،
باشىمغە سالغالى ئاشۇبۇ فىتنە ئول كاكۇل.
لەبى خىزر سۇيى سەرچەشمەئى هەياتى ئەبەد،
ئانىڭ قاراغىدا خەتتى بىنەفشە يا سۇنبۇل.

كەل، ئەي مۇغەننى، ئايت يار ۋەسفىدىن نەچە بەيت،
سۇراهىدىن چىقار ئاۋاز دەمبەدەم قۇلقۇل.
ۋەتەن غەربى بولۇپ ئۇمرۇڭ ئۆتتى، ئەي ئابىد،
بىلۈرمۇسەن ۋەتەنىڭ مۇلكى چىنمۇيا قامۇل.

* *

نەچۇككى بولغالى قامۇل دىيارىغە شامىل،
كەمالۇ فەزلۇ هۇنەر ئاندا ئەيلەدىم هاسىل.
مىنى سەئادەتۇ دەۋلەتغە ئەيلەگەن لايىق،
ئەمىر غازىئى دەۋرانۇ ئادىلى كامىل.
سائادەتى ئەبەدىغە مۇشەررەف ئەتتى، مىنى،
ۋەگەرنە يوق ئىدى مەندەك جەهاندا ناقابىل.
نىهانى رەمزى بىلە مىنى نۇكتەدان قىلدى،
يوق ئىردى مەن كەبى نادانۇ ئەهمەقۇ جاهىل.
ئىرادەت ئەتكەن ئىدۇك پىرى مەئنىغە بىز ئىكەۋ،
يەتۈردى فەيز ئاڭا ئانچە ئارىفى ۋاسىل.
يەتۈردى لۇتفى قىلىپ فەيزى خاسىدىن ماڭا ئول،
ئانىڭ ئۈچۈنكى ئۆزى بىرلە بىلگەچ ئول يەكدىل.
كۆرۈپ بۇ دەردۇ ئەلەم بىرلە ئول ۋەفا پىشە،
ئەدەب تەرىقىغە كىرمەككە ئەيلەدى مايىل.
مۇلازىم ئولغالى دەرگاهى خاسىغە مەن ئانىڭ،
مۇتىئۇ چاكەر ئولۇپ سىدق ئەيلەدىم هاسىل.
هەمە ئۇلارغە ئىدى هاسىل مەئانىيۇ فەيز،
ئانىڭ ئۈچۈنكى سۇلۇك ئىچرە ئىردىلەر قابىل.
قىلىپ زۇهۇر داغى مەندە پەرتەۋى سىدقى،
بۇ ۋاستە بىلە بولدۇم بۇ زۇمرەگە داخىل.
كەچۈرمە ۋەقتىنى، ئابىدا، گەر تىرىك ئىرسەڭ،
ئەدەب تەرىقى بىلە مەئنى ئەيلەگىل هاسىل.

www.uyghurkitap.com

* *

تەكەللۇم ئەتسە لەبى لەئلىك ئەي مەسىھادەم،
ئۆلۈكنى تىرگۈزۈر ئانداغكى ئىيسائى مەريەم.
سىنۇق سەفال ئىلە ئىچسەم ھەممىشە زەھر فىراق،
نە ئارزۇيى مەيى جام ئېرۇر نە مىننەتى جەم.
مەلۇل مەن بۇ جەھان ئىچرە خەلق سۇھبەتىدىن،
قەچانكى لەشكەرى غەم بىرلە بولغايۇ ھەمدەم.
ھەلاك بولسام ئانىڭ تىغى زەخمىدىن تەگمەم،
كى بولسە سۆزەنى ئىيسايۇ رىشتەئى مەريەم.
شىكايەت ئەتمە فەنا ئەھلى دەيرىدىن، ئەي شەيخ،
ھەرىمى خاس ئېرۇر جىبرىئىل ئەمەس مەھرەم.
دېدىڭكى تەرك قىل، ئەي پارسا، ئانىڭ ئىشقىن،
ئېرۇر ئانىڭ بىلە ئەھدى قەدىم مۇستەھكەم.
جەھان فەراغەتىگە ئېئتىماد قىلما، ئەي خاجە،
نە قىلغاسەنكى ئېرۇر ئەيشى زەمىنىدا ماتەم.
دېدىم قەچان يېتەر، ئەي شۇخ، ۋەسلىڭە ئابىد،
دېدىكى بولماغۇچە خەيلى غەم بىلە ھەمدەم.

* *

كەتۇر، ساقى، لەبالەب تولدۇرۇپ جام
ماڭا بەزم ئىچرە، ئەيلەي ئانى ئاشام.
كېتەي ئۆزدىن ئىچىپ ئانى بولۇپ مەست،
داغى فەرق ئەتمەيىن مەن سۇبھىدىن شام.
بولۇپ ئازاد دەۋران غۇسسەسىدىن،
فەرامۇش ئەيلەيىن تەقۋىيۇ ئىسلام.
كېچە ـ كۈندۈز خەيالۇ فىكر بىرلە،
قانى تاقەت كۆڭۈلدە، جاندا ئارام.

كۆڭۈللەر قۇشلارىن سەيد ئەتكەلى ئول،
قىلىپ دانە خەيالىن زۇلفىنى دام.
قىلىپ مەن دام مەغزى ئۇستۇخانىم،
ھۇمايى ۋەسل بولغاي دەپ ماڭا دام.
بۇ باغى ھۇسن ئارا كىمدۇر ئانىڭدەك،
بولۇپدۇر جەمى شەككەر بىرلە بادام.
شەرابى شەۋق ئىچىپ مەخمۇر ئابىد،
كەتۇر، ساقى، لەبالەب تولدۇرۇپ جام.

* *

ساقىيا، دەۋران غەمىدىن مېنى ئازاد ئەيلەگىن،
بىر قەدەھ مەي بىرلە مەن ئاشۇفتەنى شاد ئەيلەگىن.
مەست قىل تا غەم يېمەي بۇ مېھنەتى ئەييامىدىن،
ئەقلۇ ھۇشۇمنى جۇنۇن كويىدا بەرباد ئەيلەگىن.
مېھنەتى ئىشقىڭدا ۋەيراندۇر بۇ جىسمى ناتەۋان،
گەنج ئىشقىڭ بىرلە بۇ ۋەيرانە ئاباد ئەيلەگىن.

زەھردۇر جام ئچرە سەنسز ئىلكىمە ئالسام شەراب،
جامى ئىشرەت ئىلكىگە ئالساڭ مىنى ياد ئەيلەگىل.
كىرگەلى كويى مەلامەتغە ماڭا ئەي پىرى دەير،
كم سەلامەت گۆنجدىن چىقماقغە ئىمداد ئەيلەگىل.
سۇبھى تارىن رشتەئى زۇننارغە قىلدىم بەدەل،
ئەي بەرەھمەن خىزمەتىڭگە ئەمدى ئىرشاد ئەيلەگىل.
لەيلىدەك، ئەي جانى، شىرىن ئىشۋەۋۇ ئەفسۇن ئىلە،
دەشت ئارا مەجنۇنۇ غەم تاغىدا فەرھاد ئەيلەگىل.
باغ ئارا يۈزۈ قەدىڭنى كۆرگەزىپ ئەي خۇش خىرام،
خارنى گۇل باغۇ جەننەت سەرۋ شەمشاد ئەيلەگىل.
ئىستەسەڭ ئول گۇل ۋىسالىن تاپماق، ئەي ئابىد، مۇدام،
بىنەۋا بۇلبۇل كەبى ھەر سۇبھى فەرياد ئەيلەگىل.

* *

زىھى سەۋدايى ئىشقىڭ تۈشكەلى كەۋنۇ مەكان ئىچرە،
بۇ سەۋدادىن تۈشۈپ غەۋغا ھەمە خەلقى جەھان ئىچرە.
بۇ سەۋدا بىرلە غەۋغادىن فەرەۋان سۇد ئىتىپ بەئزى،
يەنە بەئزى بۇ سەۋدادىن قالىپ ئەينى زىيان ئىچرە.
ھەمە زەرراتى ئالەم ئىچرە يوقتۇر سەندىن ئۆزگە شەي،
كى سەنسەن جىلۋەگەر ھەر سارى پىنھانۇ ئەيان ئىچرە.
ئەدەمدىن ئەيلەدىڭ ئىجاد مەۋجۇداتى ئالەمنى،
يۇمۇپ ئاچقۇنچە كۆز مەئدۇم ئىبردى لامەكان ئىچرە.
كۆرەر ھازىر سىنى كم بولسا كامىل ھەر سارى باقسا،
گەھى مەستۇ خەراباتۇ گەھى كويى مۇغان ئىچرە.
ئىكى ئالەمدە بولغان جىلۋەگەر ھۇسنۇڭ نىشانىدىن،
گەھى شۇخى پەرىۋەشلەر گەھى ھۇرى جىنان ئىچرە.
تىرىكسەن، ئابىدا، ئىستە نىشان بۇيى مۇھەببەتدىن،
بۇ يەڭلىغ گەنج ئىلە گەۋھەر تىپىلماس بەھرۇكان ئىچرە.

* *

سەرف قىل نەقدى ھەياتىڭ ھەمدەمى ئامىل بىلە،
ھەمنشىن بولما تىرىكسەن بى خىرەد جاھىل بىلە.
جەمئ قىل كۆڭلۈڭدە دەردۇ غەم مەتائىن جەھد ئىتىپە
شەرت بۇدۇر ئىلەكى مەقسەدغە بۇ ھاسىل بىلە.
ئۆزلۈكۈڭ بىرلە بۇ يولنى قەتئ قىلماقدۇر مەھال،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تا بۇ يولغه كىرمەسەڭ بىر مۇرشىدى كامىل بىله.
چاك قىلغىل ئاشىق ئېرسەڭ پەردەئى ناموسۇ نەڭ.
يەتمەيىن قالغۇڭدۇرۇر مەنزىلگه بۇ هايىل بىله.
تا جەهان ئىچره تىرىكسەن ئىستەگىل بىر ئەهلى دەرد،
تاپماغۇڭدۇر هېچ لەززەت ئۇمرىدىن جاهىل بىله.
مەئرىفەت مەقسۇد ئېكەن مەۋجۇد قىلما خىلقەتىڭ،
بىلمەگۇڭ بۇ رەمز ئۇمرۇڭ كەچمەسە كامىل بىله.
مەجلىسى خاس ئىچره، ئابىد، بولماغۇڭ هەرگىز قەبۇل،
قىلماساڭ پەيۋەندلىق بىر دىلبەرى قاتىل بىلەن.

*     *

تۇت، ئەي ساقى، ماڭا جامى مۇغانە،
كۆرەي كەيفىدە ئۇمرى جاۋىدانە.
بولاي رەسۋايى ئالەم خەلق ئارامەن،
داغى تىيرى مەلامەتكە نىشانە.
كۆرۈپ هەر كىمە مەئشۇقىن بولۇر زار،
ساڭا ئاشىق بولۇپ مەن غايىبانە.
تۇشۇپدۇر فىتنە ئىشقىڭدىن جەهانغە،
قەنى سەندەك بىر ئاشۇبى زەمانە.

نە هاسىل پەندىڭ، ئەي ۋائىز، ئىشتمەن،
ماڭا ئىشقىدىن ئايغىل بىر فەسانە.
كۆرۈپ كۆڭلۈم قۇشى سەيد ئولدى ۋەهكىم،
مەگەر ئول خالى مۇشكىن دېدى دانە.
نە قالدى تەندە جان كۆڭلۈمدە ئارام،
مېنى ئۆلتۈرگەلى قىلدىڭ بەهانە.
ئول ئاي ئىشقىدا ئابىد ۋەقتى خۇشدۇر،
مۇغەننى نەغمە قىل چەڭگۇ ـ چەغانە.

*     *

ئەي سەبا، هالىمنى ئايغىل يەتسەڭ ئول بىدادغە،
زار قىلغان ئىشقىدا ئول سەرۋەدەك ئازادغە.
ئىشق شەهرىستانىدا سەندەك قانى سۇلتانى هۇسن،
كىمگە بارسۇن ئىشق ئەهلى سەندىن ئۆزگە دادغە.
سەندەدۇر ئىشقىڭغە سەيد ئولدۇم نە قىلساڭ ئىختىيار،
قۇش نېچۇك قىلغاي سىتىزە هەر قاچان سەييادغە.
ساچ باغىڭدىن پىچۇ خەمدۇر قەددىڭ ئۆزره، ئەي سەنەم،
چىرماشىپدۇر مارى ئەفئى گويىيا شەمشادغە.
دەمبەدەم كۆڭلۈمگە كەلسە تاڭمۇدۇر غەم لەشكەرى،
تۇشكۇسى ئارى سەلاتىن مەنزىلى ئابادغە.
تەكيە مۇلكۇ مالىڭە، ئەي خاجە، تاكى قىلغاسەن،
قىلدىمۇ ئاخىر ۋەفا قارۇن بىله شەددادغە.
قەسرىڭ ئۆزره چۇغز فەريادى نېدۇر شامۇ سەهەر،
ئېئتىمادىڭ نېدۇرۇر بۇ قەسرى بى بۇنيادغە.

ئىشتىپ نالەم دىدى ئابىدغە كويۇك ئىتلارى؛
بىزنى بىدار ئەيلەدىك تاك ئاتغۇچە فەريادغە.

*  *

ساقىيا، بولدى بەھار ئەييامى تۇتغىل جامى مەي،
دەم غەنىمەتكىم قانى جەمشىد ئىلە كاۋۇسۇ كەي.
ھاسىلى سەججادەۋۇ تەسبىھنى ئىسار قىل،
بەزم ئارا، ئەي شەيخ، چىقسە بەربەتۇ ئاۋازى نەي.
لەيلى يەگلىغ نازەنىنىم ئەيلەدى رەسۋا مىنى،
خەلق ئاراسىدىن چىقىپ مەجنۇنى ھەيراندەك كىتەي.
شاھىدۇ ساقى مۇيەسسەردۇر بۇ كۆن بەزمىم ئارا،
تەختۇ تاجۇ پادىشاھلىقتۇر ماڭا ھەم مۇلكى رەي.
ئەي مۇسۇلمانلار، نىتەي چىقماي سالامەت كويىدىن،
يار بولدى جىلۋەگەر مۇترىب مەقامات ئەتتى تەي.
ئابىدى بەدنامنىڭ ئۇمىدى يوقتۇر ئۆزگەدىن،
پادىشاھا، سەن تۇرۇپ كۆڭلۇم غەمىنى كىمگە دەي؟

*  *

تاپمادىم ھەرگىز جەھاندا بىر مۇۋافىق ھەمدەمى،
يار سەۋداسىدىن ئانىڭ كۆڭلىدە بولغاي غەمى.
مەنزىلى دىلكەش ئىكىن ئالەمدە غەم كاشەنەسى،
تاپقاسەن ئۇمرى ئەبەد ئولتۇرساڭ ئاندا بىر دەمى.
ئادەم ئولدۇركىم مۇھەببەت بولسا كۆڭلىدە ئانىڭ،
بۇ سۆزۈمنى ئال قۇلاغىڭغە ئەگەر سەن ئادەمى.
قىلماغۇمدۇر ئالەم ئىچرە بىردەمى ئەيشۇ نەشات،
كۆڭلۈمە ئانىڭ تۇشۇپدۇر ئىشقىدىن بىر ماتەمى.
دەربەدەر ئەۋارە بولدۇم ۋەسلىدىن تاپماي نىشان،
مۇبتەلادۇرمەن سورارغە ئانى تاپماي ھەمدەمى.
تاپماغۇڭ ھەرگىز بۇ ئالەمدە تىرىكلىكدىن خەبەر،
بولماسا كۆڭلۈڭدە ئانىڭ ئىشقىدىن ھەردەم غەمى.
غۇنچەدەك قان باغلاغان كۆڭلۈڭ ئاچىلغاي، ئابىدا،
گۇلشەنى كويىدا تۇشسە باشىڭ ئۆزرە شەبنەمى.

*  *

ئەي يارانلار، مۇندا نە ئىرمىش تىرىكلىك ھاسىلى،
تاپماغىز ئىستەپ جەھاندا ھەقغە يەتكەن ۋاسلى.

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ ئىمان ئۇلارغە جان بىلە خىزمەت قىلىپ،
هاسىل ئەيلەڭ مەئرىفەت بۇ يولدا بولماي جاھىلى.
كۆرگەچ ئايتۇرمەن بۇ مەئنىكىم ئۆزۈمدە دوستلار،
هېچكىم ئېرمەس ئىدى مەندەك جەهاندا غافىلى.
ئۆتكەرۈر ئېردىم كېچە ـ كۈندۈز بۇ ئۇمرۇم فىسىق ئىلە،
بۇ سەئادەتكە مېنى يەتكۈردى ئاخىر كامىلى.
يوق ئىدى گۇمراهۇ فاسىق مەن كەبى بۇ ئەسىردە،
بولدى ئۇشبۇ يولدا هادى ئارىفى دەريا ۋەلى.
بولماغىل غافىل ئۇلاردىن دەمبەدەم قىلغىن تەلەب،
كېچە ـ كۈندۈز، يادىدا ئەيلەپ فىغانۇ غۇلغۇلى.
بۇ سەئادەتكە سېنى يەتكۈردى، ئابىد، شۇكر قىل،
هازىئى دەۋران ئۇبەيدۇللا مىرى قامۇلى.

## رۇباﺋىيلار

ئەي مالىكى مۇلكى ئەزەلدىن ئەبەدا،
قەيسەر بىلە فەغفۇر ئىشكىڭدە گەدا.
ئىقرار ساڭا قىلدى هەمە مەۋجۇدات،
ئول كۈنكى، «ئەلەستۇ رەببۇكۇم» ئېردى نىدا.

يۈز زەخمدۇرۇر كۆڭۈلدە، يوق مەرهەم ئاڭا،
كۆپ راز ئېرۇر كىشى ئەمەس مەهرەم ئاڭا.
ئاۋارەدۇرۇر دەشتى فىراق ئىچرە كۆڭۈل،
دىۋانە بولۇر ئاقىل ئەگەر هەمدەم ئاڭا.

ئەي خالىقى كوهۇ دەشتۇ هەم ئەرزۇ سەما،
سەندىن هەمە كائىناتقە نەشۇۋۇ نەما.
ۋابەستە بولۇپ ساڭا هەمە ئاشىقلار،
ئارەستە بولۇپ ئىلمۇ هىكمەتىڭدىن ئۇلەما.

ئىشقىڭدا نەسىب دەردۇ غەم بولدى ماڭا،
فۇرقەت بىلە مېهنەتۇ ئەلەم بولدى ماڭا.
مەئدۇم ئېرۇر ۋۇجۇدۇم ئاخىر ۋەتەنىم،
ئەنقا كەبى كىشۋەرى ئەدەم بولدى ماڭا.

تا بولغالى ئالەم ئىچرە ئىشقىڭ پەيدا،
بولدى هەمە كائىنات ئالەم شەيدا.
بازارى مۇهەببەت ئىچرە ئىشقىڭ غەمىدىن،
ئاشىقلار ئارا تۈشۈپ تۈمەنىڭ سەۋدا.

بىر باشىمۇ ئاندادۇر تۈمەنىڭ سەۋدا،
بىر كۆڭلۈمۇ تۈشمىش ئاندا يۈزمىڭ غەۋغا.
گىردابى غەم ئىچرە غەرقدۇر زار تېنىم،
دەريا كۆرۈنۈر كەنارەسى نا پەيدا.

لى ئالەم ئىدى نې ئادەمۇ نې هەۋۋا،
نې جەننەتۇ دەۋزەخۇ نې ئەرزۇ نې سەما.
هار ئېردى نىشان نۇبۇۋۋەتىڭ نۇقتەسىدىن،
خىلقەتدە جەمىئى كائىناتدىن بۇرنا.

ئەي فەخر قىلىپ سەنگە ئەجەم بىرلە ئەرەب،
تۈركۈ، ئەرەبۇ ئەجەمۇ ئارا پاك نەسەب.
يوق ئېردى نىشان بۇ ئالەمۇ ئادەمدىن،
بولدۇڭ هەمە كائىنات ئالەمغە سەبەب.

ساقى، ماڭا جامى ئىنئام تۇتۇپ،
مەست ئەيلە مېنى بادەئى گۇلفام تۇتۇپ.
جەمئ ئەيلە خاتىرنى پەرىشانلىغدىن،
بولماس بۇ جەھان ئىچرە سەرەنجام تۇتۇپ.

گەھ مەيكەدە ئىچرە بادە ئاشام بولۇپ،
گەھ ساغەر ئىلىكىمدە گەھى جام بولۇپ.
سەررىشتەنى قىلمادىم رەھا ئىلىكىمدىن،
ئەلقىسسە خەلايىق ئىچرە بەدنام بولۇپ.

كۆپ مۇندا گۇناھۇ مەئسىيەت، يوق تائەت،
كەچمەي ئۇمرۇم گۇناھسىز بىر سائەت.
ئەمدى بۇ گۇناھۇ مەئسىيەت ۋەھمىدىن،
ئارام كۆڭلۇمدە① يوق، تېنىمدە راھەت.

يا رەب، ھەمە ئىسيان مەنۇ يوقدۇر ھەسانات،
نې خەيرۇ سەخاۋەتۇ نې سەۋمۇ نە سەلاۋات.
غەففارلىغىڭ بىرلە خەلاس ئەيلەمەسەڭ،
بۇ جۇرمۇ خەتا بىلە يوق ئۇممىد نەجات.

يوق خەۋف سەقەر مەندە ئۇممىدى جەننەت،
نې مەزھەب ئىسلامۇ نې دىنۇ مىللەت.
بولما بۇ گۇناھ بىرلە ئاندىن نەۋمىد،
ياخشىيۇ يامانغە تەگىردۇر بىسمىللەت.

يا رەب، مېنى غەفلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغات.
غەفلەت بىلە سالۇ ماھ ئۆتتى ئەۋقات.
ئۇممىد بۇدۇركى رەھمەتىڭ ئام ئۇچۇن:
غەففارلىغىڭ بىرلە مېنى قىلما ئۇيات.

گەر ئۇمردە نۇھۇ، سام ئەگەر بول يافەس،
بولماغلىق ئەمەس بۇ ئالەم ئىچرە ماكەس.

شاد ئولما جەھان ئەيشىگە ئاقىل ئېرسەڭ،
ئىسكەندەرۇ جەمگە بول ئەگەرچە سالەس.

ئەي خاجە، رەۋاقۇ تاق ئەيۋان ھەمە ھېچ،
ئەيشۇ تەرەبۇ نىشاتى دەۋران ھەمە ھېچ.
قەسرىڭ ئۆزە چۇغز نالەسى شامۇ سەھەر،
ئايتۇر ساڭا: بىلكى، باغۇ بوستان ھەمە ھېچ.

تۇتغىل ماڭا، ساقىيا، دەمى جامى سۇبۇھ،
كەيفىيەتىدىن كۆرەي ئانىڭ فەيزى فۇتۇھ.
كۆپدۇر بۇخۇمار شىددەتى جان ئىچرە،
ئەفكار بولۇپ كۆڭۈل، تېنىمدۇر مەجرۇھ.

زار ئەيلەدى ئىشقىدا گۇلى رەئنا شوخ،
بىر ئىشۋە بىلە مېنى قەددى زىبىا شوخ.
ئەفسۇن ئىلە دىنۇ دىل ئالۇردا يوقتۇر،
ئانداق يەنە ساھىرۇ قەدەھ پەيما شوخ.

تا بولغالى بۇ جەھانى فانى ئاباد،
ئابادلىغى بولدى ئانىڭ بى بۇنياد.
ھەرچەند ئۇلۇس خاتىرىن ئول شاد ئەيلەر،
ئاخىر ھەمە بولغۇسىدۇر ئاندىن ناشاد.

لەئلىڭ كى ئېرۇر چەشمەئى ھەيۋاندىن ئەلەز،
يوق- يوقكى لەتافەتىدە كېلىپ جاندىن ئەلەز.
ھەر گەھكى تەكەللۇم ئەتسەڭ، ئەي ئىسا دەم،
ئاياتۇ ھەدىس ئىلە قۇرئاندىن ئەلەز.

ئەي باشىڭ ئۆزە رەھمەتى ھەقدىن ئەفسەر،
خاقانۇ شەھى كەيان قۇلۇڭ ھەم قەيسەر.
يار ئولدى ھەمە ئىشىڭدا بۇبەكر تەقى،
ھەم ئۇمەرۇ ئۇسمانۇ ئەلىئى سەفدەر.

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «كۆڭلۇلدە»دەپ يېزىلىپ قالغان. «كۆڭلۇمدە» دەپ ئۆز-
گەرتىلدى.

uyghurkitap.com

ساقى، ماڭا شەراب سافى گۈلنار،
مەست ئەيلە بولاي ھۇشۇ خىرەددىن بىزار.
كەيفىيەتىدىن بولاي ئانىڭ لا يەئقىل،
تا ھەشرىغە تەگرۇ بولماي ئاندىن بىدار.

ساقى، ماڭا بىر جۇرئەئى رىندانە كېتۇر،
جام ئىچرە قۇيۇپ مەي لەۋەندانە كېتۇر.
تا ئىچمەك ئىلە ئانى ئۆزۈمدىن بارسام،
پۇر ئەيلە قەدەھنى مۇستەمەندانە كېتۇر.

ھەر كىمكى ئاڭا مېھنەتۇ غەم پىشە ئىرۇر،
كۆڭلىدە ئانىڭ مۇدام ئەندىشە ئىرۇر.
شىرىن سەنەما، غەمىڭدە فەرھاد كەبى،
غەم تاغى ئارا قولۇمدا بىر تىشە ئىرۇر.

ئەي ھۇسنۈڭگە مۇنفەئىل تاباندۇر،
خۇرشىدى جەھان تاب ئاڭا ھەيراندۇر.
تا بەندە بۇ ئىككىسى يۈزۈڭ ئەكسىدىن،
سەرگەشتەۋۇ بىقەرارۇ سەرگەرداندۇر.

ئەي مۇترىبى خوش نەۋايى شىرىن گۇفتار،
ئەبيات ئەداسىدا لەبىڭ شەككەربار.
ئائىنەئى ھۇسنۇڭدە كۆرۈپ ئەكسىنى،
جان قۇشلارى فەرياد چېكەر تۇتىۋار.

كۆلبەڭ ئىچىدە شەمئى شەب ئەفرۇز نىبدۇر،
ئول شەمئ ئارا شۇئلەئى پۇرسوز نىبدۇر.
كۆلبەڭ قالۇر ئول شەمئ ئۆچەر، شۇئلە ئۆچەر،
ئاخىر ئاڭا بىر تىيرى جىگەردوز نىبدۇر.

ساقى، ماڭا بەر شاراب مەستانە كەتۇر،
تۇتقاندا ئانى مەستۇ ئەلەستانە كەتۇر.
بىخۇد بولسام جىلۋەئى ھۇسنۇڭنى كۆرۈپ،
ساغەرنى پۇر ئەيلە مەي پەرەستانە كەتۇر.

يارىم مېنى گاھى سەنلەرۇ گەھ سىزلەر،
بىقەدرلىغىمنى ھېچ بىلمەيسىزلەر.
مەئشۇق ئىلە ئاشىقلار ئاراسىدا بەسى،
رەمزى باردۇركى ئانى بىل، مەيسىزلەر.

بىر لۇئبەتۇ بۇ ئالەم ئىرۇر لۇئبەتباز،
بىرنەچچە كۈن ئاندا قىلغۇمىز ئەيش ئىلە ناز.
ئەلقىسسەكى قالغۇسى ھەقىقەت باقى،
ئاخىر ھەمە فانى بولغۇسى ئەمرى مەجاز.

ئىشقىڭدا بۇ خاتىرىم دەمى شاد ئەمەس،
بىر لەھزە غەم - غۇسسەدىن ئازاد ئەمەس.
باغ ئىچرە يۈزۈ قەددىڭ خەيالىن قىلسام،
مانەند چەمەندە گۈلۇ شەمشاد ئەمەس.

ئاشىق بىلە مېھنەتۇ ئەلەم ھەمدەم ئىمىش،
خۇنابە ئاڭا شەربەتۇ قۇتى غەم ئىمىش.
كىم بولسا نەسىب ئاڭا بۇ ھىجران ئەلەمى،
ئاخىر ھەرەمى ۋىسال ئارا مەھرەم ئىمىش.

ئابىدغە ۋەتەن كۈنجى خەرابات ئىرمىش،
مەي ئىچمەك ئىلە ھەمىشە ئەۋقات ئىرمىش.
ھەر چەند گۇناھىمە نىھايەت يوقتۇر،
لېكىن ئاڭا لۇتفى بىنىھايات ئىرمىش.

بىر كۈن ماڭا مەست ئولۇپ دېدى بادەفۇرۇش:
كىم قىلسا فەنا جامى بىلە جۇرئەئى نۇش.
قالماس ئارادا ھىجاب ئاڭا ئۆزلۈكىدىن،
ھەر لەھزە يېتەر كۆڭلىگە پەيغامۇ سۇرۇش.

دەۋران غەممدىن قىلاي دېسەڭ ئۆزنى خەلاس،
ئىچ بادەۋۇ قىل پىرى مۇغانەغە ئىخلاس.
ئول مەيكى ئەۋام قىسمەتىدۇر زىنھار،
فەرھىز قىل ئاندىنۇ ئىشت نۇكتەئى خاس.

كىم نەفسۇ غۇلنى روھ ئۇچۇن قىلدى قىساس،
بولدى ھەرەمى ئىشق ئارا مەھرەمى خاس.
فانى قىل ئۆزۈڭنى ئىستەسەڭ مۇلكى بەقا،
تاپغان ئانى بارچە غۇسسەدىن بولدى خەلاس.

نې ۋاجىبۇ نەفل مەندە نې سۇننەتۇ فەرز،
كۆپدۇر گۇنەھۇ خەتاۋۇ تەقسىر ئىلە قەرز.
يا رەب، كەرەمىڭدىن ئولماغۇمدۇر نەۋمىد،
تەڭ بولسا ئەگەر گۇناھىمە فەسھەتۇ ئەرز.

ئەي سەفھەئى رۇخسارىڭە رەيھان ئىلە خەت،
لەئلىڭ ئۆزە خال ئەنبەرىن ئاندا نۇقەت.
ئەئراب ئاڭا مەددى قاشلارىڭ كاتىب سۇنئ،
تەھرىر قىلۇردا تۈشمەدى ئاندا غەلەت.

ئەي چاشنىئى نۇتقىدا شىرىن ئەلفاز،
ھەر نۇكتە ئەداسىدا نىگارىن ئەلفاز.
ئىيسا كەبى تىرگۇزۇر ئۆلۈكنى لەئلىڭ①،
ھەر لەھزە فەساھەت بىلە رەڭىن ئەلفاز.

سانىئىكى، سېنى كەتتىم ئەدەمدىن مەسنۇئ،
ھەم سۇرەتۇ مەئنى بىرلە قىلدى مەجمۇئ.
مەقسۇد ئاڭا مەئرىفەت ئىدى خىلقەتىڭە،
تەقدىرى قەزا دېسەڭ ئەمەستۇر مەسمۇئ.

خۇرشىدى ئەزەل كىمسەگە بولسا لامىئ،
زەرراتى جەھان نۇرىغە بولماس تابىئ.
تاپقان بۇ ھەقىقەتى بەقانى بولماس،
ئەنقا كەبى كىشۋەرى ئەدەمگە قانىئ.

بەزمىڭ ئارا، ئەي سەرۋ گۇلئەندام، تەمەئ،
لەئلىڭدىن ئېرۇر بۇسەئى ئىنئام تەمەئ.
فىلھال ماڭا دېدى: ئەمەسدۇر مۇمكىن،
سەۋدايى مەھال قىلما، ئەي خام تەمەئ.

يا رەب، مېنى قىلما دەردۇ غەممدىن فارىغ،
ئۆلگۇنچە بۇ مىھنەتۇ ئەلەمدىن فارىغ.
باشدىن - ئاياغىم بولسا ئەگەر فەرسۇدە،
يولۇڭدا بۇ پۇيە قەدەمدىن فارىغ.

بولدى بۇ سەھەر نەسىمى مەششاتەئى باغ،
تۇتقىل ماڭا ساقىيا لەبالەب بىر ئاياغ.
مەست ئەيلەكى بىخەبەر بولاي ئۆزلۈكدىن،
كۆپدۇر ماڭا ئىشقىدا ئانىڭ دەرد ئىلە داغ.

كىم دەھرىدە بولسا ئارىفۇ ھەم مەئرۇف،
ئەسرارى ئىلاھى بولغۇسدۇر مەكشۇف.
ھەردەم قىلۇر ئول كەسب كەمالەت ئەفزۇن،
غەفلەت بىلە ئۆمرىن ئەيلەمەس ئول مەسرۇف.

جەۋرۇ سىتەم ئەتمەيىن، دەپ ئول ۋەئدەخىلاف،
مىژگان ئوقى بىرلە كۆكرەكىم قىلدى شىكاف.
كۆپ قىلما دېسەم جەفا، دېدى ئول بەدخۇ:
«شۇكر ئەتكىلۇ ئۆلتۈرمەدىم، ئەي نائىنساف.»

---

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «لەئىسىڭ» دەپ يېزىلىپ قالغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋەسلىڭ تەلەبىدەدۇر ماڭا ھەيرانلىق،
ھەجرىڭدە ماڭا بىسەرۇ سەمانلىق.
كەۋنەيىن فەراغەتىغـە بەرمەم ئانى،
كويۇڭدا گەدالىغىم ئېرۇر سۇلتانلىق.

ئايتۇرغا كۆڭلۈم دەردىنى ھەمرازىم يوق،
ھەل قىلغالى مۇشكىلىمنى دەمسازىم يوق.
ھەر سۇبھىدەم ئول گۇل ئىشتىپ فەريادىم،
سەندەك دىدى، بۇلبۇلى خۇش ئاۋازىم يوق.

جانا، يەنە سەندەك ئافەتى دەۋران يوق،
كۆڭلۈمدە غەمىڭدىن ئۆزگە ھېچ مېھمان يوق.
كىم قىلماسا ئىقرار كۆرۈپ ھۇسنۇڭنى،
كۆڭلىدە ئانىڭ نىشانەئى ئىمان يوق.

ھۇسن ئەۋجىدە سەن كەبى مەھى تابان يوق،
ئىنسان ئارا شوخلۇقدا بىر جانان يوق.
ئىشقىڭدا كۆڭۈل نەقدىنى قىلدىڭ تاراج،
مەندەك بۇ جەھاندا بىسەرۇ سەمان يوق.

ئەي كانى مەلاھەتدە كېلىپ رەشكى مەلەك،
باشىڭ ئۆزە بىقەرار خۇرشىدى فەلەك.
كۆڭلۈمنى غەمىن كۆرۈپ تەبەسسۇم قىلدىڭ،
لەززەت بېرۇر ئول كەباب ئۆزە قۇيسا نەمەك.

تا ئىشق مۇھەببەتىڭ ھۇۋەيدا قىلدىڭ،
يۈز فىتنە جەھان ئىچىدە پەيدا قىلدىڭ.
ئاسارى مۇھەببەتىڭ سالىپ ئالەمگە،
ئىشق ئەھلىنى مۇبتەلاۋۇ شەيدا قىلدىڭ.

ئاشىقغە ھەمىشە مېھنـەتۇ دەرد كېرەك،
كۆڭلىدە غەمۇ چېھرە ئاڭا زەرد كېرەك.
جەمئىيەتى دىل ئېرۇر پەرىشانلىقدىن،
ھەم ئەنجۇمەن ئىچرە خەلقدىن فەرد كېرەك.

ئەي ھۇسن لەتافەتدە ئەمەسدۇر سەندەك،
نې ئادەمۇ نې پەرى نې ھۇرۇ نې مەلەك.
زەھرابەئى ھەجرىم ئەيلەدىڭ شەھد ئامىز،
ناگاھ تەبەسسۇم ئەيلەپ ئەي كانى نەمەك.

ئەي بۇلبۇلى زارۇ ئاشىق شىفتە ھال،
گۇل شەۋقىدە سۇبھۇ شام ئاشۇفتە خەيال.
كىم ئىستەسە رەڭگۇ بۇ ئەمەسدۇر ئاشىق،
سۇرەت بىلە مەئنى ئىستەمەك ئەمرى مەھال.

يا رەب، ھەمە مەئىسيەت بىلە كەچتى ياشىم،
كۆڭلى قارالىق بىلە ئاقاردى باشىم،
دۇنيا بىلە خەلقنى ۋەفاسىز كۆردۇم،
سەندەك ماڭا يوق ئىكەندۇرۇر يولداشىم.

يا رەب، ماڭا سەندىن ئۆزگە يوق ھېچ كىشىم،
كۆڭلۈم قارا،ئاق ساچۇ سەقال ،تۈشتى تىشىم.
باشدىن ئاياغىم بولغاي ئۈچۈن غەرق گۇناھ،
ئەل ياخشى يامانىغە مېنىڭ يوقتۇر ئىشىم.

ۋەسلىڭ تەلەبىدە، مەھۋەشا، ھەيرانـمەن،
ھەجرىڭ ئەلەمىدە بىسەرۇ سامان مەن.
سەھرايى فىراق ئارا قۇيۇندەك ھەريان،
ئاۋارەۋۇ بىقەرارۇ سەرگەردانـمەن.

خۇنابى ئەلەم بۇ دىيدەئى پۇرخۇندىن،
ھەردەم ئاقار ئول لەئلى لەبى مەيگۇندىن.
سورماڭ غەمى روزگار مەندىن ھەرگىز،
لەيلى غەمى فۇرقەتىن سوراڭ مەجنۇندىن.

نې باغۇ نە بوستان نە سەرۋ نە چەمەن،
نې سەۋسەنۇ سۇنبۇلۇ بىنەفشە نە سۇمەن.
فىلجۇملە فەنا يەلىگە بەرباد ئېرۇر،
باقى ھەمە ئىشقۇ بۇلبۇلانۇ شىۋەن.

يۈزۈڭ يەنە بىر قاتلا كۆرۈپ ئۆلسەم مەن،
كۆرگەندە يۈزۈڭگە تەلمۈرۈپ ئۆلسەم مەن.
زۇلفۇڭنى تۈشۈمدە بەس پەرىشان كۆردۈم،
ۋەسلىڭگە يېتىپ ئانى ئۈزۈپ ئۆلسەم مەن.

ئەي مەھۋەشى لالە رۇخۇ مۇشكىن بۇ،
ۋەي سەرۋ قەدۇ سىمىنبەرۇ سۇنبۇل مۇ.
ھەريان يۈرۈپ ئىستەرەم نىشان سەندىن،
ئاۋارە بولۇپ دەربەدەرۇ كويۇ بەكۇ.

ئابىد، ۋەتەنىڭ كۇنجى خەرابات ئەيلە،
گەھ بادە ئىچۇ گاھى مۇناجات ئەيلە.
نې تەقۋىيۇ زۇھدغە مۇباھات ئەيلە،
نې شەيخى رىيايىدەك كەرامات ئەيلە.

ئابىد، مەي ئىچىپ ئۆزۈڭنى مەسرۇر ئەيلە،
كۆڭلۈڭ ئۆيىنى زەۋقىدە مەئمۇر ئەيلە.
رەسۋالىغ ئېتىپ خەلق ئارا بولغىل بەدنام،
ئەل تەئنۇ تەمەسخىر ئەتسە مەئزۇر ئەيلە.

ئول شەمئ نېدۇر خانەئى تارىك ئىچرە،
بىر شۇئلە تۈشۈپ رىشتەئى بارىك ئىچرە.
ئول رىشتەۋۇ شەمئ پەرتەۋىدىن ناگەھ،
يۈز فىتنە تۈشۈپ خەيلى مەلائىك ئىچرە.

نې نامۇ نىشان نە خانىماندۇر مەندە،
نە ئۇلفەت خەلقۇ نې مەكاندۇر مەندە.
قۇشمەنكى قەفەس ئىچرە گىرىفتار ئولغان،
نە ھەمنەفەسۇ نې ئاشياندۇر مەندە.

زاھىد، ساڭا مەسجىدۇ ماڭا مەيخانە،
جەننەت ساڭا بولغۇسى ماڭا جانانە.
ھەر يەردە تاپارغە يوق تەفاۋۇت ئانى،
گەركەئبە ئىچىدە بول ۋەگەر بۇتخانە.

دۇنياكى ئېرۇر مىسال مەكتەبخانە،
تەئلىمى ئانىڭ فۇسۇن ئىلە ئەفسانە.
ئول مەكتەب ئىچىدە كىم ئۆزىن دانا دەر،
ئەرباب خىرەد ۋەقتىدە دىل دىۋانە.

تاكى غەمۇ دەرد بىرلە ھەمخانە بولاي،
تاپماي سېنى ئالەم ئىچرە دىۋانە بولاي.①
... ... ... ...... ... ...... ...... ...
... ... ...... ...... ... ...... ...... ...

① بۇ رۇبائىينىڭ ئاخىرى كۆچۈرۈلمەي قالغان.



# گۈل ۋە نەۋرۇز

## مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

مۇھەررىردىن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەت ئىگىلىرى» دىن بىرى بولغان مەۋلانا لۇتفىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى كىتابخانىلىرىمىزغا ناھايىتى تونۇش. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بولغان «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى مىلادى 1411 - يىلى يېزىلغان. بۇ داستان جەمئىي 120 بابتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسى «بۇلاق» مەجمۇئە - سىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. ئۇ چاغدا «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ قول يازمىسى تېخى بىزدە تېپىلمىغانلىقتىن، نەشرگە تەييارلاشتا بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزبېكچە نەشرى ئاساس قىلىنغانىدى. بۇ قېتىم خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدىن بۇ داستانىنىڭ بىر پارچە قول يازمىسى تېپىلدى. بۇ قول يازما گەرچە تولۇقسىز بولسىمۇ، لېكىن لۇتفى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىسى خەلقىمىز ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر بۇ جەھەتتە ئىزدىنىدىغانلا بولساق، بىزدىن ئۇنىڭ تولۇق نۇسخىلىرىنى تېپىش مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇڭا بىز بۇ تېپىلغان قول يازمىنى تەۋرىزۈك بىلىپ، كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپچىلىكنىڭ لۇتفى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

* *

... ... ... ... ... ... ... ...
تىلەر فەرخار ئىقلىمىنە كەتسە،
بارىپ گۈلنى تىلەر كامىڭ ئايىتسە.
ھېچ ئىش بىرلە تەسەللى تاپقۇسى يوق،
مامۇق بىرلە بالىننى تاپقۇسى يوق.
بۇگەر فەرروخ كۆڭلىنى بىرگە ئۈزدى،
نەچەند فىكرى بىلە تەدبىر تۈزدى.

ياسادى ھەرنېمەدىن بىر خەزىنە،
ئالىپ قالمادى بىر ئالتۇن ئۆزىنە.
كى نەۋرۇزغە كۆپ ئىستىمداد بەردى،
ياساپ فەرخار مۈلكىنە يىبەردى.
ئېلىنى كۆچلۈكىن پايىنى سۈردى،
نەكىم يولغا كېرەك بارىنى بەردى.
بار ئېردى بەگلەرىندە بەھمەن ئاتلىق،

چىرايى ساپسارىق بەھمەن سىفاتلىق.
ئانى ھەمراھ قىلىپ نەۋرۇز بىرلە،
كۆچۈردى تالىئى فىرۇز بىرلە.
ئۇزاتتى ئۇغلىنى بىر نەچچە مەنزىل،

قالىبان كۆز ياشىدىن پايى دەرگىل.
ئاتاسى يىغلايۇ ئۆيىنە ياندى،
ئوغۇل ئويناي-كۈلەيۇ ياساناردى.
مۇنىڭدەك كۈندە ئەر يىگمەي كۆچۈرلەر،
نۆكەر سەردار بارى كېيىن قاچۇرلەر.

## بەھمەن نەۋرۇزغە سۆزلەشكەنى

تەفەككۇر قىلدى بىر كۈن بەھمەنى پىر،
كى فىكر ئەتمەك كېرەك بىر ئۆزگە تەدبىر.
مەگەر بولغايمۇ بۇ ئوغلان پۇشەيمان،
قويۇپ يانغاي بۇ سەۋدايى پەرىشان.
كېلىپ نەۋرۇز بىلە ياندەشتى گۇستاخ،
كۆزىن يۇمدىكى ئاغزى ئاچتى ئۇستاخ.
كېلۇر ئىشنى سوگىندىن ياد قىلدى،
بەسى دەم سەردلىغ بۇنياد قىلدى:
«كى بىز مۇنداق سۇرۇپ قايدا بارۇرسىز،
ئۇلۇسنى كۆچ بىلە ئوتقە سالۇرسىز.
غەرىبلىقدە بۇ ئەل كۈن نېتكۇسدۇر،
نېتوك فەرخار ئېلىنە يەتكۇسدۇر.
كېلىك «لاھەۋل» ئېتىك بۇ يولسىز ئىشنى،
يانىك بۇ مەئنىسىز تەلبە يۇرۇشنى.
ئېرۇر نەۋشاد مۇلكى ھۇسن كانى،

ئىرەم يەگلىغ مەلاھەت بوستانى.
پەرىلەر يۈزى گۈللار گۈلشەنىدۇر،
لەتافەت شەھرى، نازۇكلار يەرىدۇر.»
بۇ سۆزلەرنى ئىشىتتى ئېرسە نەۋرۇز،
ئاچىغلاندى، دېدىكىم: «ئەي بەد ئامۇز.
ئېسىك ئازىپتۇرۇر ساقال ئاقارتىپ،
مۇنىگتەك ئەقلىك ئارتماي جەھلىك ئارتىپ.
باشىڭدىن بۇ تەمەننانى چىقارغىل،
قۇلۇمسەن، قايدا بارسام ئاندە بارغىل.
نې قۇلكىم بۇ نې باغلىغ بىر ئىتىمسەن،
ساڭا تەگمەس فۇزۇللۇق تەرلە كىم سەن؟!
ئەگەر سەندىن يانا بىر ئىش تىيەيىن،
ئۆز ئىلكىم بىرلە ئورتاڭدىن چاپايىن.
قوپ ئەمدى ئايتماگىل ئۆزگە فۇزۇللۇق،
ياراشۇر بەگكە بەگلىك، قۇلغە قۇللۇق.»

## بەھمەن ئۆز سۆزىدىن پۇشەيمان بولغانى

پۇشەيمان بولدى بەھمەن ئۆز سۆزىدىن،
قاتىق ۋەھم ئىچرە قالدى ئۆز-ئۆزىدىن.
يامانلىق خەنجەرىنى تىز قىلدى،
يامان كۆڭلىدە فىكر ئەنگىز قىلدى.
چۇ بەھمەن چىقتى، بولدى خىلۋەتى خاس،
كىم ئايتتى ئىچلىدىن بىر ساھىب ئىخلاس:
«كىم ئەي شاھىجەھان بەختى جەھانگىر،
ھەراسان بولدى سەندىن بەھمەنى پىر.
قاتىڭدا كەلتۇرۇپ كۆڭلىنى ئالغىل،

ۋەيا خۇد خالى-ئوق باشىنى چاپقىل.
يوق ئېرسە، بىزگە ئانداق ھىيلە ئەتكەي،
كى بار يوقنى ئالىپ يولىنە كەتكەي.»
مەلەكزادە بۇ سۆزنى ئەسلەمەدى،
رەۋان ئىشرەت ئۇچۇن ئىشرەت تىلەدى.
قەدەھ گەردان قىلىبان ساقۇ بىھۇش،
غەزەلخان بولدى مۇترىب ياخشى دىلكۇش.
كىچە تا سۇبھ ئانداق ئىچتىلەر مەي،
كى ياتتىلار ئاياق-باشىنى بىلمەي.

## بەھمەننىڭ بەگلەرنى يولدىن چىقارغانى

يىغىپ بەھمەن نەكىم سەردارلارنى،
ئۆزىگە يار ئېتىپ غەددارلارنى.
ھەمىنىكىم گۆكرەدى تۇن ئەژدەھاسى،
تۇتۇنكىبى يايىلدى كۆك قاراسى.
قۇيۇن قوپتى، ئۆچۈردى كۈن چىراغىن،
تۇمان تۇتتى جەھان باشىن ئاياغىن،
چۇ ئۆتتى بىر زەمان تۇن يارىمىدىن،
ياسانىپ چىقتىلار بىرلىك يەرىدىن.
مۇكەممەل جۇببەلىك ئاتلاركى چەمپۇش،
جەھان تولپىسىز تېڭىزتەك باشلادى جۇش.
سەراسەر يوكلەتىپ ئالتۇن خەزانە،
رەۋان بولدى ئۆز ئېلىگە رەۋانە.

## نەۋرۇز ئۇيقۇسىدىن ئويغانغانى

چۇ يۇنۇس چىقتى بالىق قورساغىدىن،
خوتەن تىندى ھەبەشنىڭ تولغانىدىن.
چۇ تالىئ بولدى مېھرى ئالەم ئەفرۇز،
خۇمار ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى نەۋرۇز.
كۆرەر دۇشمەن قىلىپ دۇشمەنلىگىنى،
ساۋۇق بەھمەن قىلىپ بەھمەنلىگىنى.
نە ئەل بارۇ نە ئۇلۇس نە خەزىنە،
تەھەييۇر قالدى دۇنيانىڭ ئىشىنە.
كۆڭۈل سالدى ئالار بارغانلارىنە،
ئىجازەت بەردى ھەم قالغانلارىنە.
كىنىشكىم ئىشق بىرلە ئاشنادۇر،
ئاڭا ھەردەم فەلەكدىن مىڭ بەلادۇر.
بەلادۇر سەرسەرى ئىشقى جەھانسوز،
كىم ئۆرتەر مۇبتەلا كۆڭلىنى شەب روز.
ئەر ئوغلى گەر قەدەم قويسا بۇ يولدا،
قەدەم باشىن كېرەكتۇر جانى قىلدا.
ئېرۇر ئاشىق ئىشى خۇنابە يۇتماق،
جەھانۇ جانىدىن بىر يولى كەچماق.
ئاياق ئۈستىندە تۇردىلار سەراسەر،
كىم «ئەي شاھى جەھان دارايى داۋەر،
تىرىكچە بەندەمىز ھەر نەتسەڭ ئەتكىل،
نېچۇككىم بولسە مەقسۇدۇڭغە يەتكىل.
ساڭا يارامسە كىمگە يارالى،
سېنى مۇندا قويۇپ قايدا بارالى.
جەھان ئەيشىنى قىلدۇق دەۋلەتىڭگە،
رەۋا بولغايمۇ قاچسەك مېھنەتىڭگە.

## نەۋرۇز خىرقەپۇش بولۇپ پەرخارغە بارغانى

«چۇ ئاڭلادى ئالارسىدقىنى نەۋرۇز،
بېلىن باغلادىيۇ تۇرمادى شەب-روز.
قەلەندەرۋار كىيدى كىسۋەتى فەقر،
كى ئەتتى كۆڭلىنى دەر مېھنەتى فەقر.
نۇكەر-سەۋدەر بىلە چۇن تەلبە ئەبدال،
كىيىپ ھەر بىرى بىر ئەسكى قارا شال.
تەۋەككۇل بىرلە يولغە كىردىلەر خۇش،
بۇرۇنقىدىن تەقى ھەم ئېردىلەر خۇش.
كى چۇن فەرخار ئېلىنە يەتتى نەۋرۇز،
غەرىبلەرتەك يۈرۈر بادەردۇ باسوز.
يۈرۈدى سوردى بۇلبۇل ئاشيانىن،
نېچۇك بولسا تىلەپ تاپتى نىشانىن.
كۆرۈپ شەھنى بۇ سۇرەت بىرلە بۇلبۇل،
تەئەججۇبدا قالىپ باشلادى غۇلغۇل.
ئېلىن تۇتقاچ ئاياغىن قۇچتى دەرھال،
دۇئادىن سوڭرا سوردى شەرھى ئەھۋال:

«كىم ئەي سۇلتانى ئالەم قايدا ئېردىڭ؟
ئېلىڭ، خەلقىڭ قانى، قايدا يىبەردىڭ؟»
دېدىكىم قىسسەنى نەۋرۇزى بىدىل.
كى بەھمەندىن نە ئىشلار بولدى مۇشكىل.
كېچە بىرلە نې تۇرلۇك ھىيلە ئەتتى،
ئارا بولدى نېچۇك سالدىيۇ كەتتى.

## نەۋرۇز بۇلبۇلدىن گۇلنىڭ خەبەرىن سورغانى

شەھ ئايدى:«ئەي مېنىڭ دەمساز نازىم،
كى ھەددىن ئاشتى ئىشتىڭ دەردۇ رازىم.
مەھەل تاپتىڭمۇ ھېچ كۆردۈڭمۇ گۇلنى،
ساغىندۇردۇڭمۇ بۇ بىچارە قۇلنى.
سېنىڭ ئۇممىدىڭە كەلدىم بۇ يولغا،
كى ئەرسەن بەرمەگىل رەختىڭنى بۇلغا.»
دېدى بۇلبۇلكى:«ئەي بىچارە، ئەي شاھ،
قاچانكىم گۇلنى كۆردۇم گاھۇ بىگاھ.
چۇ رىغبەت قىلماس ئېردى ئۆزگە سۆزگە،
تىلەمەدى سېنىڭ ۋەسفىڭدىن ئۆزگە.
بۇكۈن ئانداق مۇھەببەت ئاشىقىڭدۇر،
كى سەن ئۇزراسەنۇ ئول ۋامىقىڭدۇر،
قىلۇر يادىڭنى دائىم ئۇقلى مەجلىس،
بولۇپتۇر سەندىن ئارتۇقراق مۇلەۋۋەس.»

## نەۋرۇز بۇلبۇل بىلە گۇل تاپۇغىدا بارغانلارى

ئىشتتى بۇ بىشارەتنى شەھەنشاھ،
سۆيۈنگەندىن ئۇلۇسلار باردى ناگاھ.
ئۆپۈپ بۇلبۇل يۈزىن بويىننى قۇچتى،
ئانىڭتەك بولدىيۇ كىمگە ياۋۇشتى.
ئۇنۇتتى بارچە يول ئەمگەكلەرىنى،
چىقاردى كۆڭلىدىن مېھنەتلەرىنى.
كىيىپ بىر قاپقاراق تون شەب رەۋانە،
يەرىدىن ساجرادى شاھى زەمانە.
قىلادۇر بۇلبۇلۇ نەۋرۇزغە پەيرەۋ،
قىلىپ ئەيىارلىق بىرلە تەكۇ دەۋ.
مۇنىڭتەك يەتتىلەر گۇل مەھفىلىنە،
نېچۇككىم تۇشتى ئاي-كۈن مەنزىلىنە.
قەدەم ئورنىدا شەھزادە قويۇپ باش،
مۇھەببەت بىرلە ئويناپ جاننى فاش.
بۇلار يەتكەندە سەۋسەن گۇل قاتىندا،
قەدەھ گەردان قىلىپ نەۋرۇز ئاتىندا.
سۇرۇد ئايتىپ قاشىندا چەڭگى بىرلە،
مۇلايىم زۇھرەسى ئاھەڭگى بىرلە.
كى ناگەھ بۇلبۇلى شورىدەئى مەست،
سۇرۇدى راست قىلدى ئارى سەردەشت.
مەھەل ساقلاپ مۇبارەك فال بىرلە،
غەزەل باشلادى ھەسبى ھال بىرلە.

## بۇلبۇل نەۋرۇز تىلىدىن غەزەل ئايتقانى

كىم ئەي گۇل، گۇلشەن ئىچرە شاد بولغىل،
جەھان ئىچرە بەلەند، ئازاد بولغىل.
مېنى سەۋگەن ھەمىشە شاد بولسۇن،
فەلەكنىڭ جەۋرىدىن ئازاد بولسۇن.
سېنىڭ ئىستەگەن ئول مىسكىنۇ غەمخار،
ۋىسالىڭدىن تىلەر بىر ئاخىرى كار.
نىگارا مەن ئۇشال بىچارەدۇرمەن،
كى ھىجران ئىلكىدىن ئەۋۋارەدۇرمەن.
يانار ئوت ئىچرە ئۆرتەپ جانلىغىمنى،
قۇلى بولدۇم قويۇپ سۇلتانلىغىمنى.

www.uyghurkitap.com

ئەگەرچە شاھ ئىدىم ئەمدى گەدامەن،
غەرىبلىغ دەردى بىرلە مۇبتەلامەن.
فەقىرۇ بىكەسۇ مىسكىنىمەن، ئەي جان،
غەرىبۇ ئاشىقۇ غەمكىنىمەن، ئەي جان.
سېنىڭ ئۈممىدىڭگە كەچتىم جەھاندىن،
كېچىپ ئەۋۋارە بولدۇم خانۇماندىن.
غەرىبلەر نالىشىدىن بولغىل ئاگاھ،
كى خىرمەن سىز ئېرۇر ئاھى سەھەرگاھ.
ئەلا ئەي ئاي يۈزلۈك مۇشتەرى فال،

كۆز ئۇچچى بىرلە باققىنىڭنى نەدۇرھال.
كىم ئايتقاي شەرھى ھالىنى قاشىڭدە،
چۇ بادى سۇبھى ئەتمەس ھەزرەتىڭدە.
يۈزۈم كۆرسەڭ مەگەر بىلگەيسەن، ئەي مار،
كى ئىشقىڭدا نېچۈكدۇر مەن گىرىفتار.
كى سەن ئول مەسنەد ئۈستىندە قەدەھنۇش،
كى مەن مۇنداق ئەسىرۇ زارۇ مەدھۇش.
..................................................
ئىسىنۇرمۇ كىشى ئوتقا يىراقتىن،
مېنى سەۋگەن نېتەر نەۋشاد بەختىن.

## نەۋرۇز گۇل سۆزلەرىنى ئاڭلاپ بىھوش بولغانى

بۇ ئەفسانە ئىشتتى ئېرسە نەۋرۇز،
يالىندەك ئۇردى بىر ئاھى جىگەر سوز.
دېدى: يا رەب، بۇ نە رەھمەت تونىدۇر،
نە تونىدۇركىم ۋەلى رەھمەت كونىدۇر.

ئىنانىمان تالپىمىدىن بۇ نەزەرنى،
كى بەرمەدى مۇنەججىم بۇ خەبەرنى.
يانا بۇلبۇلغە بىر دەرخاست قىلدى،
كى ئول سۆزنىڭ جەۋابىن راست قىلدى.

## بۇلبۇل نەۋرۇز تىلىدىن غەزەل ئايتقانى

«ئەلا ئەي ھۇسن ئىچىندە ماھى فەرخار،
لەتافەت ئورتاسىندا شاھى فەرخار.
ئىشىكىڭ توزى كۆزلەر توتىياسى،
بوساغاڭ گەردى ئالەم خۇن بەھاسى.
غەمىڭ چۈن سالدى كۆڭلۈم ئىچرە بۇنياد،
ھەم ئول دەم ئوتقا ياقتىم تەختى نەۋشاد.
ئاياغىڭ تۇپراغى تاجىم، نە يەتمەس،
ئوراموڭ گەردى مېئراجىم. نە يەتمەس.
جەمالىڭنى كۆرۈپ بۇ بولدى ھالىم،
ۋىسالىڭگە قاچان يەتكەي مەجالىم.
ئىنانا بىلمەنەم بەختىمدىن، ئەي ماھ،

مېنى مۇندا نېچۈك يەتكۈزدى ناگاھ.
ۋىسال ئۈچۈن ئەمەس ئېردى بۇ كەلمەك،
تەلەب قىلدىم ھەۋاسى بىرلە ئۆلمەك.
يانا بىلمەنكى بۇ دەۋلەتكە يەتسەم،
توشۇممۇدۇركى بۇ دەۋلەتكە يەتسەم.
نە تىل بىرلە مۇنىڭ شۈكرىن قىلايىن،
ئوغاندىن مۇندىن ئۆزگە نې تىلەيىن.
ئەگەر بىردەم ساڭا نەززارە قىلسام،
ئۆكۈنچۈم قالماغاي ئۆلسەم ـ تىرىلسەم.
تىلەكىم دۇنيادا سەن ـ ئوقسەن ئاخىر،
تىلەكىم مۇندىن ئۆزگە يوقتۇر ئاخىر.

## گۇل نەۋرۇزنىڭ كەلگەنىن ئاڭلاپ سەۋسەنگە ئايتقانى

گۇلى فەرخار ئىشتىكەچ ئوشبۇ ئەشئار،
قۇچۇپ سەۋسەن ئاياغىن يىغلادى زار.

كى ھەمدەملىق كونىدۇر باز قىلما،
بۇرۇنقى شيۋەنى ئاغاز قىلما.

نىچە بىر يولى غافىل قىلماغ ئۆزىنى،
نىچە نەۋرۇزكىم سۆزلەر بۇ سۆزنى.
ئانى ئاندىن تاپادۇرمەن سەبادىن،
خەبەر بەرگىل ماڭا ئۇل ئاشنادىن.
ئەگەر مۇشفىقلىقىڭ بار كۆركۆز ئەمدى،
بۇزۇق كۆڭلۈم تۈزۈكىن تۈزگىل ئەمدى.

## سەۋسەن مەنئ قىلىپ جەۋاب دېگەنى

يانا سەۋسەن ئاڭا دېدىكىم: «ئەي ماھ،
قاچان كېلۇر بۇ غۇربەت ئىچرە ئۇل شاھ،
........................
يىراغ كۆردىكىم ئاتلانساڭ بۇ شەبگىر،
قىلىپ باشتىن ئاياغ تۇتالى تەدبىر.
رىزا بەردى گۈلۈ مۇشكىن بۇ سۆزگە،
بۇرۇنقى ئەھدىنى قىلمادى ئۆزگە.
ئۇياتۇ نامۇ نەڭگىن كۆزگە ئىلمەس،
ئاتاسى تاجۇ تەختىن جەۋجە بىلمەس.
كۆتەرىپ كۆڭلىنى جۇملە جەھاندىن،
يۇۋۇپ جۇملە ئىلىكلەرىنى جاندىن.
يۈرەك بەركىتتى دەردۇ سوز بىرلە،
ياسانىپ تەبرەدى نەۋرۇز بىرلە.
ئۇلۇغ يولدىن چىقىپ ئىككى دىلارام،
قويۇپ تاغلارغە يۈزلەپ گامى ناكام.
نە يولدۇز باركى بىر پەرىنى كۆرسە،
نە ئاي باردۇركى بىر ئايدىندە يۈرسە.
ئەگەر دەريا يولۇقسا ئىز تۇتارلار،
ئەگەر يولۇقسا ئوت تىنماي قاچارلار.
يولۇقتى نەگەھان ئانداق دابانلار،
كىم ئۈستىدە تاياندۇر ئاسمانلار.
نىچۈك بولسا چىقىپ ئۇل ئىككى دىلخاھ،
ياپۇشۇپ تارماشۇرلار ئاندە بىراھ.
كى ئارتىپ ئەرشى ئەئلاغە ئاشارلار،
گەھى ئىشلەپ ھارىپ ئاندا ياتارلار.
بۇ ھالەت بىرلە ئىككى-ئۈچ شەبا روز،
سۇ ئىچىپ يۈرۈدى گۈل بىرلە نەۋرۇز.
نە بارماقدىن، نە بارماقدىن خەبەردار،
نە تەنلەرى ئۇيۇماققا تەلەبكار.
ئىكەۋلەن بىر-بىرىن ۋەسلىن قىلىپ قۇت،
بىر ئاشا ياندا شىپ چۇن دۇررۇ ياقۇت.
قاپارغاندىن ئاياقلار قالدى ئىشتىن،
تالىپ بىكار بولدىلار يۈرۈشتىن.
تۈشۈبان بىر قىيا باغرىندا بىردەم،
تىنالى دېدىلەر ئۇل ئىككى ھەمدەم.
بىرى بىرىن تىزىگە باش قويۇشۇپ،
ئۇيۇدىلار ئاياقلار كۆيۈشۈپ.
بۇ ھالەتدە ئالارنى ئۇيقۇ باستى،
فەلەك سىپپايە تاپتى سۇپرە ئاچتى.
كى ناگەھ قىلدى بىر بازىچە ئەنگىز،
ياڭى باشتىن يانا باشلادى خۇنرىز.

## زەڭگى نەۋرۇز بىرلە گۈلنى تۇتۇپ خاقانى چىنغە يىبەرگەنى

بار ئىبردى ئاندا بىر زەڭگىنى خۇنخار،
زۇھەلدىن نەھسراق مىررىخ كىردار.
سۇ ئۇرنىدا قان ئىچىپ قانماغۇچى،
يانار ئوتقا سالىپ ئۆرتەنمەغۇچى.
ئاتى يەلدا بويى مىسلى چىنارەدەك،
كۆزى دەۋزەخ يۈزى مەھشەر كۈنىدەك.
ئانى قويمىش بۇ سەرھەدلەرغە خاقان،
«كى سورماسەن ئەگەر قىلساڭ تۈمەن قان.»
ئۆزىدەك بىرنەچە زەڭگى بىلەن ئۇل،
قاراۋۇللار قويۇپ ساقلار ئىدى يول.
كۆرۈپ ناگەھ گۈلۈ نەۋرۇز ئىزىنى،
ياساتىپ ئۈستەدى تاپتى ئۆزىنى.

[سەۋسەن ئەاچىلەر خەبەرىن گۈلغە ئايىتقانى!

بولۇپ سەۋسەن بۇ سۆزدىن لالۇ خامۇش،
كىلىپ گۈلنى كۆرۈپ بىسيار مەدھۇش.
دەمى چىقماي مەلامەتتىن پەرىشان،
ھەيا بىرلە ھەياتىدىن پۇشەيمان.
كۆزى تۇرماسكى باقسا گۈل يۈزىگە،
دەرىن ئېردى پىچاق ئۇرسا ئۆزىگە.
چۇ بۇ ھالەت بىلە كۆردى ئانى گۈل،
يەرىدىن قوپتى بىسەبرۇ تەھەممۇل.
ئانىڭتەك دەردى بىرلە ئۇردى بىر ئاھ،
كى ئولتۇرگان بارى ئەل بولدى ئاگاھ.
دېدى سەۋسەنكى: «ئەي سەرۋى رەۋانىم،
كى سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېھرىبانىم.
تىلىم كەسكىن، چىقارغىل كۆزلەرىمنى،
ئىشىتمەگىل پەرىشان سۆزلەرىمنى.
نە ئىستەيىن، نە دەيىن نە سورارسەن،
بۇسىز يالغۇز يۈزۈمنى نې كۆرەرسەن.
سەنى خاقانكى تەختى توكتەرىلسۇن،
تىلەپتۇركىم تۈزۈكلۈكى بۇزۇلسۇن.
ئىشىتكەچ گۈل ياقاسىن چاك قىلدى،
كى ئايتقان ئاغزىنى يەر خاك قىلدى.
باشىن يەرگە ئۇرۇپ ئانچە ئۇرۇندى،
كى بوينىدا سۆڭەكلەرى كۆرۈندى.
يۈزى گۈل بەرگىتەك سۇندى غەم ئىچرە،
تار ئاغرى غۇنچە بولدى بىردەم ئىچرە.
ئىشىتىپ بۇلبۇلى مىسكىن بۇ سۆزنى،
ئونۇتتى ھەم يۈرۈشنى ھەم تۇرۇشنى.
بۇ كىمز بولدى ئۆلۈمگە ئارزۇمەند،
ھەياتىدىن بەكۆللى ئۈزدى پەيۋەند.
فەلەك دەۋرىنە لەئنەت قىلدى بىسيار،
جەھاندىن كەچتىيۇ ئاندىن بەيەكبار.
تەۋەججۇھ ئەتتى گۈلنىڭ ھەزرەتىنە،
يۈرۈپ كىردى رەۋان سەۋسەن قاتىنە.
كۆرۈشكەچ بىر-بىرىن ئول ئىككى ھەمدەرد،
فىغانلار بىرلە ئۇردىلار دەمى سەرد.
خەبەر ئايماقغە سەۋسەن ئاغزى بارماس،
تەھەييۇر بىرلە بۇلبۇل خۇد دەم ئۇرماس.
بىرى بىرىن كۆرۈپ قان-ياش ساچارلار،
بىرەر لەھزە كۆڭۈل رازىن ئاچارلار.
بۇ ھالەتتە گۈلى پەژمۇردە ئەھۋال،
قوپۇپ سەۋسەن ئۆيىگە كىردى فىلھال.
كۆرۈپ سەۋسەن بىلە بۇلبۇلنى ئانداغ،
بۇ كىمز بولدى يانا داغ ئۈستىدە داغ.

## گۈل بۇلبۇلدىن نەۋرۇزنى سورغانى

يانا سوردى نېچۈكدۇر ئول غەرىبىم،
مۇھىببىن ياد ئېتەرمۇ ئول ھەبىبىم.
سېزىپمىدۇر بۇ دەرمانسىز بەلانى،
ساغىنۇرمۇ بۇ مىسكىن مۇبتەلانى.
فەلەكنىڭ جەۋرىدىن ھالى نېچۈكدۇر،
بۇ ماتەم ئىچرە ئەھۋالى نېچۈكدۇر.

.........................................

سۆز ئايتىپكىم قىلىپ سۆزلەرنى مەزكۇر،
ئالىپ گۈلدىن قەبا، نەۋرۇزدىن قۇر.
گۈلۇ نەۋرۇز ئالارنىڭ ھالىن ئاڭلاپ،
فۇسۇنۇ سېھر تەزۋىرنى ئاڭلاپ.
دېدىلەركىم: قاچار «لاھەۋل» دىن دىۋ،
بەنى ئادەم بىلە ھەمراھ ئېرۇر دىۋ.
يۈزۈتتى دىۋ ئۆزە ھۆكمىن سۇلەيمان،
مۇنىڭدەكلەرنى قىلمادى مۇسۇلمان.
بۇ يول ئازغۇرغۇچىنى كۆرسە تەلبىس،
ئەجەب يوقتۇركى يولدىن ئازسە ئىبلىس.
قىلىپ فەرھىز ئالارنىڭ سۇھبەتىندىن،
پەرىلەر كەتتىلەر شەيتان قاشىندىن.

## گۇل، نەۋرۇز كېمەگە كىرگەنلەرى

كېمەگە كىردىلەر ئىككى دىلئارام،
بولۇپ دەريا ئىشىن ناچارۇ ناكام.
چۇ نەۋرۇزۇ گۇلى مۇشكىنى فەرخار،
تەڭىزگە كىردىلەر چۇن دۇررى شەھۋار.
بارۇردا مەۋج ئۇرۇپ دەريايى پۇرشور،
قىلۇر ئىردى جەھەننەم قەئرىغە زور.
مۇنگتەكدە ئۇل ئىككى يارۇ ھەمدەم،
نەچە كۇن رو بەرويى مىھنەتۇ غەم.
قايىن قايىنار تەڭىزگە فىكر قىلماي،
ئەزىز جان قەدرىنى بىر جەۋجە بىلمەي.

بىلە بولسا ئىككى يارۇ ۋەفادار،
سۇ ئىلتە دۇنيانى نى غەملەرى بار.
نە مەنزىلدەكى بولسا ئىشق ھەمراھ،
ھەقىقەت مىسرى تەختىگە ئىرۇر شاھ.
نە يولدۇركىم نە مىھنەت نە قۇلابۇز،
نە مىھنەت بەلگۇرۇر نە غەم قويار يۇز.
ئەگەر تاپسا فەرىدۇن دەۋلەتىنى،
ئۇنۇتماس ئۇل بەلانى لەززەتىنى.
فەلەك دوزى دو ئەسپە قىلدى تەئجىل،
كۆز ئاچگۇنچە ئالارنى قىلدى تەبدىل.

## كېمە غەرق بولۇپ گۇل نەۋرۇزدىن جۇدا بولغانى

مۇخالىف يەل قوپۇپ چايقالدى دەريا،
قىيامەتتەك قاتىق كۇن بولدى پەيدا.
بۇلۇت گۆكرەپ ياشىن ئانداق چاقىلدى،
دېگەيسەن پاختەدەك ئوتقە ياقىلدى.
دېگەيسەن چالدى ئىسرافىل سۇرىن،
ۋەيا خۇد ئاچتىلار توفان تانۇرىن.
بار ئىردى ئۇل تەڭىزدە بىر ئۇلۇغ تاغ،
كۆرەرگە قاف تاغىندەك ئۇلۇغ تاغ.
كېمەلەرنى ئىگىرىپ تىز پۇر تاب،
ئۇراندۇردى قىيا باغرىندا گىرداب.
قاداقلار ساچرادى يەرلىك يەرىدىن،
ئۈزۈلدى تەختەلەر بىرى بىرىدىن.
بۇ كىز ھەر بىرىسى تۈشتى كەنارە،
تۇتۇپ ھەر بىرىسى بىر تەختە پارە.
ئايىردى بىر-بىرىندىن چەرخى غەددار،
ئانىگتەكلىك بىلە ئۇل مەۋجى خۇنخار.
... ... ... ...
بىرى ئايتۇركىم، ئەي دانەندەئى راز،
ساڭا رەۋشەنتۇرۇر ئەنجامۇ ئاغاز.

چۇ سەن سالدىك مىنى نەۋرۇزدىن دۇر،
مىنى ئاڭا ئانى ماڭا قاۋۇشتۇر.
كۆرۈپتۇرلار ئالار كىم دەردۇ دىلنى،
كۆتەردىلەر ئوغان شۇكرىغە تىلنى.
ئاتارلا ردىن تاپىپ ئۇل ئىككى غەمخار،
سۆيۇنگەندىن بەسى يىغلادىلار زار.
يازۇق قىلغان كىشىدەك ئەز سەرى سوز،
كېلىپ مۇشكىننى ئانداغ ئۆپتى نەۋرۇز.
يەنە فەررۇخ ئاياغىدا تۈشۈپ گۇل،
تەۋاف ئەتكۈچىلەرگە تۈشتى غۇلغۇل.
ئۇلۇس بارچە بۇلارغە بولدى مەشغۇل،
يىغىلدى بىر زەماندا ئىككى قەيتۇل.
نە خۇش بولغايكى بەئدەز سەبر بىسيار،
كۆرۈشۇلگەي سەئادەت بىرلە ديدار.
كۆرۈپ ئۇل ئىشتىياقى زەخمى ھىجران،
كى ئىستەپ ۋەسل تاپقاي جانۇ جانان.
خۇش ئۇلدەمكىم بولۇپتۇر لەب مۇۋافىق،
تىلەپ تاپقاي مۇرادىن ئىككى ئاشىق.
نە خۇش بولغايكى ئەمگەكلەر تۈگەنىپ،
ئىكى دىلدار يايراتقاي قوۋانىپ.

## تۆرت پادىشاھ بارگاھلار تىكىپ، نەۋرۇز بىلە گۈلنى [ئەقد] ئېتىپ نىكاھ قىلغانلارى

تەۋاقى شۇكر ئېتىپ ئول پادىشاھلار،
كېلىپ تىكتىلەر ئول دەم بارگاھلار.
تىكىلدى ياندا تۆرت ئوردە بەردەم،
بولۇبان تۆرت ئىقلىم ئەھلى خۇررەم.
ئۇلۇق تويلار قىلىپ بۇ تۆرت سىسـتان،
سۆيۈنۈپ قىلدىلار كۆپ خەيرۇ ئېھسان.
يۈرۈپ گۈلنى ئاتاسىغە يىبەرىپ،
تۇرا بىرلە ئۇلۇق ئەۋگە كۆتەرىپ.
ۋەسىئى تەخت ئۇرۇپ شايەستەئى خۇش،
ياساپ ئۆزگە ئىشىنى شادۇ دىلكۇش.
ئەبىر ئەفشان قىلىپ سەھرا يۈزىـنى،
مۇئەتتەر قىلدىلار جان بىرلە تەننى.
ئارسلان كۈچ بىلە ھەيرانى ئالـدى،
سەبا گۈل غۇنچەسىن يەل بىرلە تىلدى.
چۇ سىيمىن غەبغەبىن ئاغزى ئاچىلدى،
.تۆكۈلدى لۇئلۇئى ئىنجۇ ساچىلدى.
بالىق بوغزىدىن ئاقتى دۇررى غەلتان،
سەدەف قۇرساغىدىن ساچرادى مەرجان.
تاڭ ئاتگۇنچە ئاياغۇ باش ئۇرماق،
ئۆزۈك ئويناماغۇ بارماق ياشۇرماق.
بىرىگە بىرىدىن ئۈستۈن قىلۇر تەر،
بىرەر دەمكىم ئۇرۇپ مەستانە شەككەر.
بىرى مىڭ شىۋەلەر بىرلە قىلىپ ناز،
بىرىسى ھەم قىلىپ يۈز شىۋە ئاغاز.
ئىنانىشماي بىرى بىرىن مەقالىن،
تۈش ئېرمىش دەپ ساغىنىپ ئىتتىسالىن.
ئاغىزلارى شەكەر بىرلە شەكەر پاش،
سۆيۈنگەندىن ساچار كۆزلەرىدىن ياش.
تاقى ئارتۇق بولۇرلار رەنجىدىن شاد،
نېچۈككىم شىرىن ئۈچۈن ئۆلدى فەرھاد.
چۇ جان بېرىپ تاپار گەۋھەرنى غەۋۋاس،
ئەزىز جانىدىن ئارتۇقكىم تۇتار خاس.
ھەمىنكىم ئۇردى دەم سۇبھى سەئادەت،
قوپۇپ قىلدىلار ئاندا كۆپ ئىبادەت.

## تۆرت پادىشاھ مەسلىھەت قىلغانى

قوپۇپ ھەر قافىلە ئۆز مۇلكىنە يۈز،
دو ئەسبى ئىلگەرى چىقتى قۇلاۋۇز.
رەبىئ ئايتۇر: گۈلى رەئنا مېنىڭدۇر،
ياراتقانكىم مېنىڭ جانىم ئانىڭدۇر.
بەدىئ ئايتۇركى: مەن نەۋرۇزنىڭمەن،
بۇ زىيبا ماھى مېھر ئەفرۇزنىڭمەن.
ماڭا سەنسىز تەن ئىچرە جان كېرەكمەس،
بۇ تاجۇ تەختۇ ئول ھىجران كېرەكمەس.
دېدىكىم شاھ مۇشكىن: ئەي سەلاتىن،
كېچىڭىز ئەھلى يوق بۇ ماجەرادىن.
نې مەن گۈلسىز نە گۈل نەۋرۇزسىز خۇش،
كى يوقتۇر جانۇ جان ئەفرۇزسىز خۇش.

## شاھ فەررۇخ ئەلنى تۆرت فەسل قىلىپ، ھەر ئۆچ ئايدا بىر يەردە قەرار بەرگەنى

دېدى فەررۇخ: «ئۇلۇسنى بىر ئېتەلى،
تەئەسسۇب يولىنى تەغيىر ئېتەلى.
تىلەلى ئىتتىپاق ئۈستىدە ئەلنى،
قىلالى ئورتادا تەئىيىنسىز ئەلنى.
نە كىم ئەئىزاز ئىچىدە بارسا ـ كەلسە،
ھەم ئول خۇشتەركى جان ئورتادە بولسە.
ئېرۇر نەۋشاد يازى فەسلى بەسى خۇش،
ھەۋاسى خۇررەمۇ ئەۋلائى دىلكۇش.
يانا كۆر، ھۇشمەندا، مۇلكى فەرخار،
ئېرۇر قىلجۇملە جەننەتتىن نەمۇدار.
ئەدەندۇر قىلىش كۈنى ئىشرەت يەرىدۇر،
ئىرەم ياڭلىغ پەرىلەر كىشۋەرىدۇر.
بىھىشدۇر شەھرۇ سەھراسى چەمەنىنىڭ،
جەھاندا بولماغاي خۇشلۇغ يەمەنىنىڭ.
مۇخالىفلىق ئەگەر قويسا ئارادىن،
قۇتۇلۇرسىز تۈگەنمەس ماجەرادىن.»
كەڭەشلەر بارچە بۇ سۆزدە تۈگەندى.
ئۇلۇس بارچە بۇ زەھمەتتىن قۇتۇلدى.
ئاياق قويدى يەمەنلىغلەر يەمەنغە،
يۈزىن قويدى ئەدەنلىغلەر ئەدەنغە.

## شاھ فەررۇخ بىلە شاھ مۇشكىن گۈل، نەۋرۇز بىلە كۆچكەنلەرى

گۈلۈ نەۋرۇزۇ مۇشكىن بىرلە فەررۇخ،
مەدىنە قەلئەسىغە قويدىلار رۇخ.
بارالى مۇستەفانىڭ ھەزرەتىغە،
ئەبىر ئەفسان قىلالى تۇربەتىغە.
قىلىپ ھەججى زىيارەت رەسمىنى تۈز،
كۆچۈپ نەۋرۇز ئەۋىنە قويدىلار يۈز.
تۇرۇپ تويلاپ ئول ئەلدە بىر ـ ئىكى ئاي،
كېتۇردىلەر ئەدەب شەرتىنى بەرجاي.



# مەنسۇر باخشى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: سۇلايمان يۇنۇس

مۇھەررىردىن: ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن 1975 - يىلى نەشر قىلىنغان «تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، بىرىتىش (British) مۇزېيىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن 8193 ئىنۋېنتار نومۇرلۇق بىر قول يازما ساقلانغان. مەجمۇئە خاراكتېرىدىكى بۇ قول يازمىغا «سىراجۇل - قۇلۇب»، «كىتابى مەسائىل»، «راھەتۇل - قۇلۇب»، «مۇھەببەتنامە» (خارەزمىي)، ۋە يەنە بەزى نەزمىي ۋە نەسرى پارچىلارمۇ كىرگۈزۈلگەن.

بۇ قول يازما ۋ. ۋ. بارتولد تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئىلىم دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇلغان. كېيىن گ. كلاۋسون، ئۇ. ف. سىرتقايا قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنغان.

قول يازمىدىكى بۇ ئەسەرلەر ھىجرىيە 835 - (مىلادى 1431 -) يىلى كۆچۈرۈلگەن «سىراجۇل - قۇلۇب»، «كىتابى مەسائىل» ۋە «مۇھەببەتنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە قەيت قىلىنىشىچە بۇ ئەسەرلەر مەنسۇر باخشى تەرىپىدىن يازد شەھىرىدە، ئەمىر جالالىددىن ھوزۇرىدا كۆچۈرۈلگەن.

مەنسۇر باخشى ھەققىدە بىلىدىغىنىمىز كۆپ ئەمەس. بەزى مەنبەلەردە ئۇ «مەنسۇر بىتىكچى»، «دەرۋىش مەنسۇر» دەپمۇ ئاتالغان. مەنسۇر باخشى XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنى شاھرۇخ مىرزا دەۋرىدە ياشىغان ۋە يەزد شەھىرىنىڭ ھۆكۈمدارى ئەمىر جالالىددىننىڭ ئوردىسىدا ئىشلىگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن باخشى (ئالىم) لىرىدىن بىرى بولۇپ، كاتىبات ئىشلىرى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

مەنسۇر باخشى يۇقىرىقى قول يازمىنىڭ ئاخىرىغا «بەزى مەنزۇم ۋە مەنسۇر پارچىلار» نامى ئاستىدا ئۆزىنىڭ بىر پارچە قەسىدىسى ۋە بىر تۆتلىكىنى كىرگۈزگەن. بۇ قەسىدىنىڭ ئاخىرىغا مەۋلانا لۇتفى، جەۋھەرى، ئىبنى قەمبەر، سەييىد، قاسىم سوزى قاتارلىق زاماندا شلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ قوشۇپ كۆچۈرگەن.

مەنسۇر باخشى ئىجادىيىتىدىن بىزگە مەلۇم بولغىنى ئەنە شۇ بىر قەسىدە ۋە تۆتلىكتىنلا ئىبارەت. لېكىن بىرتامچە سۇدىنمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولغىنىدەك، بۇ ئىككى پارچە شېئىردىن شائىرنىڭ شېئىردي ئىستېداتىنى كۆرۈش مۇمكىن. شائىرنىڭ بۇ قەسىدىسى بەلگىلىك دىنىي تۈس ئالغان. بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ قەسىدە شائىرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئىجادىي مىراسى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز بۇ قەسىدىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆچۈرۈلگەن يۇقىرىقى زاماندا ش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ قوشۇپ كىتابخانلارغا تونۇشتۇردۇق.

ئەي خۇدايى لەميەزەل، ئەي پادشاھى لايەزال،
بارچە ئالەمنىڭ خۇداۋەندى ئىرۇرسەن بىزەۋال.
مىسلى مانەندىڭ سىنىڭ يوقدۇر، يانا بولغۇسى يوق،
ئوخشاماس كىمسە ساڭا پەرۋەردىگارى باكەمال.
مۇلكەتىڭگە يوق زەۋال، ئەي ھەييۇ قەييۇيۇمۇ ئەھەد،
خالىقۇل ـ ئەرشۇس ـ سەماۋات، ئەي كەرىمى باكەمال.
ياغىياسەل ـ مۇستەغىس، سەن بارچەغە فەريادەرەس،
ئالىمۇل ـ ئەسرارى ئالەم، يائەلىمى زۇلجەلال.
قۇدرەتىڭ بىرلە ياراتتىڭ ئەرشى، كۇرسيۇ قەلەم.
ھېكمەتىڭنىڭ ھۇكمىگە يەتمەيتۇرۇر ئەقلۇ خەيال.
جىننۇ ئىنسۇ ۋەھسۇ تەيرۇ مۇرۇ ماھى رىزقىنى
يەتكۈرۈرسەن بارچەغە قۇدرەت بىلە بىقىيلۇ قال.
كىمكى ئىچتى رەھمەتىڭ دەرياسىدىن بىر جۇرئەئى،
بارچە ئالەمدىن مۇنەززەھ بولدىيۇ بولدى زۇلال.
كىم فەنا بولدى مۇھەببەت بەھرىگە جاندىن كېچىپ،
ۋاسلىيەت مۇلكىدە باقى بولۇپ تاپتى نەۋال.
كىمگە كىم قىلدىڭ نەزەر ھىرسۇ ھەۋادىن بولدى ساف،
دۇنيەدىن كەچتى، كۆرۈنمەس كۆزىگە مالۇ مەنال.
مۇلكۇ مال، ئەۋلادۇ خاتۇندىن مۇنەززەھ قىل كۆڭۈل،
چۈن ھىجاب ئىرمىش ساڭا ھەق يولىدا ئەھلۇ ئەيال.
ماسىۋەللاھدىن كۆڭۈل مۇلكىنى خالىي قىلماغان،
ئاقىبەت مەردۇد ئولۇپ، تەگدى ئاڭا سانسىز مەلال.
يا ئىلاھى، ئول ئەرەنلەرنىڭ ھەقىكىم سىدق ئىلە،
ۋەسل گەنجىنى تىلەبان تاپتىلار سەندىن ۋىسال.
بارچە مۇئمىنلەر گۇناھىن قىل كەرەم بىرلە ئەفۇ،
ھەشر كۈنىندە ئالارغە بەرمەغىل سەن ئىنفىئال.
بۇ فەقىر مەنسۇر باخشىنىڭ دۇئاسىن قىل قەبۇل،
ئاخىرەتدە ھەق مۇھەممەد بىرلە بەرگىل ئىتتىسال.

* *

سىنىڭ دەردىڭ ماڭا دەرماندىن ئارتۇق،
سىنىڭ زىكرىڭنى ئايتسام چۆل ئىچىندە،
ساڭا قۇل بولماقىم سۇلتاندىن ئارتۇق.
بولۇر ئول چۆل ماڭا بوستاندىن ئارتۇق.

### ئۇتەي

ئەي لەتافەت بوستانى ئىچرە سەرۋى خۇش خىرام،
تاپتى رۇخسارىڭ گۇلىندىن ھۇسن باغى ئېھتىرام.
ئاي يۈزۈڭنى كۈنگە ئوخشاتسام مۇۋەججەھدۇر دەلىل،

www.uyghurkitap.com



ئابى ھەيۋان دېسەم ئېرىنگنى ئېرۇر مالا كەلام.
بولسا دەۋزەخدە خەيالىڭ تەنگە كۆيمەكلىك ھەلال،
بولماسا جەننەتدە يادىڭ جانغە ئاسايىش ھەرام.
زەر ۋەرەقتەك بولمىشەم سىيمىن ساقاقىڭ شەۋقىدىن،
كۆركى، نە زەردۇ نىزار ئەتتى مېنى سەۋدايى خام.
«ۋەززۇھا»، «ۋەللەيل» ئوقۇرمەن يۈزۈ زۇلفىڭنى كۆرۈپ،
كەچدى ئۇمرۇم بارچەۋۇ ۋىردىم ئېرۇر بۇ سۇبھۇ شام.
گەرچە مەھرۇمدۇر رەقىبىڭ، سەندىن ئۈزمەسمەن ئۇمىد،
بەردى كافىرنىڭ مۇرادىن، بەرمەگەيمۇ بىزگە كام.
ئىتلارىڭىز بىرلە بولدى لۇتفى يارىم ئاشنا،
جان قەدەملەرى فىداسى قىلسالار ئىشنى تەمام.

*　*

ئەي ئايەتى رەھمەت يۈزۈڭۈز شەئنىدە نازىل،
بولغاي قاچارىڭ بىرلە قاچان مېھر مۇقابىل.
سىزدىن كېرەك ئۆرگەنسە پەرى ئادەمىيلىكنى،
يۇسۇف تەقى تەئلىم كېرەك ئالسە شەمايىل.
يالغۇز مەن ئەمەسمەن ھەۋەسىڭ بىرلە گىرىفتار،
ھۇسنۇڭغە ئېرۇر ھۇرۇ مەلەك جان بىلە مايىل.
ھارۇت كۆزۈڭ سېھرىنى كۆردى خىجىل ئولدى،
ئاندىن ياشۇنۇپ ئىختىيار ئەتتى چەھى بابىل.
ئول ساچمۇتۇرۇر سۇبھە يەقىن ياخۇد ئۇزۇن تۈن،
يا غالىيەتىن تىلۇ كۆڭۈللەرگە سەلاسىل.
جان مۇسھەفى سىپارە بولۇر قايغۇدا ھەردەم،
ھەيكەل ئىلىكى بوينۇمە تا بولدى ھەمايىل.
ھەجرىڭدە تىلەر لۇتفى قۇلۇڭ ئۆز ئەجەلىنى،
سەنسىز كەچۇرەن ئۇمردىن، ئەي دوست، نە ھاسىل.

*　*

سېنىڭ ئۇسرۇك كۆزۈڭگە نە خەبەر بار،
كىم ئاندىن ئەقلۇ جانغە كۆپ خەتەر بار.
مۇنەججىم قاشۇ كۆزۈڭ كۆرگەچ ئايتۇر،
كىمَ ئۇشبۇ ئاي باشىندا فىتنەلەر بار.
قاشىم كۆز بەھرى ئۆزرە كىرپىكىڭدۇر،
ساڭا ھەرنېچەكىم مۇندىن كۆتەر، بار.
قىران قىلدى كۆزۈڭ ئايتەك يۈزۈڭدە،
قىراندۇر ئاندا ئارىكىم نەزەر بار.
قەزا كەلگەندە لۇتفى ئۆز ھەلاكىن،
تىلەر ئاللىڭدە كامى بۇ قەدەر بار.

## ئىبنى قەمبەر

كۆرك ئىچىندە سىزلەيىن بىر سەۋكى دىلبەر بولماغاي،
ساچى سۇنبۇل، يۈزى گۈل، قەددى سەنەۋبەر بولماغاي.

چىنۇ ماچىنۇ ختايدا بولماغاي مانەندىڭىز،
سزلەيىن بىر قەددى سەركەش زۇلفى چەمبەر بولماغاي.
غەمزەئى غەممازىڭىزتەك ديدەئى نەرگىس ئەمەس،
تۇررەئى تەررارىڭىزتەك مۇشكى ئەنبەر بولماغاي.
يانماغايمەن ئىشقىڭىزدىن گەر مىنى ياندۇرسالار،
قايدا بارغانلار ئەجەب گەر ئەھلى خەيبەر بولماغاي.
سۇرەتىڭ ۋەسفىڭ قىلالار كۆرمەگەندۇر ھۇسنۇڭنى،
سىزگە ئوخشاش رەۋزەدە بىر ھۇر پەيكەر بولماغاي.
تاكى تەكرار ئەيلەدىم خۇب سۇرەتىڭ مەجمۇئەسىن،
خاتىرىمدە مۇندىن ئارتۇق نەرسە ئەزبەر بولماغاي.
گەرسىنىڭ تەركىڭ قىلۇرسام، ئەي دىلئارامىم، مىنىڭ،
بەس مىنىڭ ئاتىم جەھاندە ئىبنى قەمبەر بولماغاي.

* *

دىلبەررا زەنجىرى زۇلفۇڭ شانە قىلدىڭ، قىلماغىل،
سەد ھەزاران ئاقىلى دىۋانە قىلدىڭ، قىلماغىل.
چىن كۆڭۈل شەھرىن مۇسەخخەر قىلدىڭ، ئەي تۇركى ختا،
خەتتەئى مەئمۇرۇمى ۋەيرانە قىلدىڭ، قىلماغىل،
كىچۇ بەھرەيىن ئولدى چەشمىم خۇنى دىلدىن مەۋج ئۇرار،
قەتره - قەتره ئەشكۈمى دۇردانە قىلدىڭ، قىلماغىل.
ئاشىنا قىلدىڭ ماڭا ئىشقى ھەقىقىينى مەجاز،
ئەقلۇمى يەكبارەئى بىگانە قىلدىڭ، قىلماغىل.
بىتەھاشى جامى مەي نۇش ئەيلەدىڭ ئەغيار ئىلە،
گەرچە سەن بۇ شيۋەنى رىندانە قىلدىڭ، قىلماغىل.
شەمئى رۇخسارىڭ قاتىندە يۈز تۈمەن پەرۋانەلەر،
مەن زەئىفى يانغۇچى پەرۋانە قىلدىڭ، قىلماغىل.
قەمبەر ئوغلىن بۇلبۇلى دىل خەستەدەك زارئەيلەددىڭ.
گۇل يۈزۈڭدە سۇنبۇلى تەر دانە قىلدىڭ، قىلماغىل.

* *

تاكىم ئول سەرۋى سىھى سۇنبۇلنى گۇلپۇش ئەيلەدى،
سەد ھەزاران بۇلبۇلى گۇلشەندە مەدھۇش ئەيلەدى.
ھەيرەت ئىلتۇرمەنكى ساغەر ئىچۇن ئۆپتى لەبلەرىن،
باغرۇمىڭ قانى مەيى خۇمخانەدەك جوش ئەيلەدى.
ھەرنىچە فەرياد ئىتەرمەن ياد ئولۇر، ياد ئەيلەمەس،

دىلبەرى پەيمان شىكەن ئاھدىن فەراموۇش ئەيلەدى.
يانمىشەم باشدىن ئاياغقە شەمشىدەك ھەجر ئوتىنە،
بىلمىشەم بۇ ئىشق ئوتىن قايدىن ماڭا دۇش ئەيلەدى.
قەسدى جانىم قىلدى دىلبەر ناۋەكى مىژگان بىلەن،
نېچەكىم نىش ئۇردى ئول بۇ خەستە دىل نۇش ئەيلەدى.
يارۇمۇك ئەختەر قاشىندا ماھى نەۋ كۆردى فەلەك،
شول سەبەبدىندۇر ھىلالى ھەلقە دەرگۇش ئەيلەدى.
بۇلبۇل ئايرۇ تۇشسە گۇلدىن لال ئولۇر ھېچ سۆزلەمەس،
قەمبەر ئوغلىن يار فىراقى بۇيلە خاموش ئەيلەدى.

## جەۋھەرى

خەستە كۆڭلۇم ئول شەكەر ئېرنىن تىلەپ جان تارتادۇر،
ئارزۇلۇغ بىچارەنى يا رىزق، يا قان تارتادۇر،
دۇنيەدە مەندۇرمەنۇ يالغۇز كۆڭۇل، ۋاي ئانى ھەم،
زۇلفىيۇ كۆزى، قاشى ھەر بىرى بىر يان تارتادۇر.
قوش قاشىنىڭ ياسىنى كىرپىك ئوقى بىرلە كۆزى،
گەرچە ئۇسرۇكتۇر، كۆرۇڭ، نە ياڭلۇ ئاسان تارتادۇر.
تا خەيالى قىلدى مېھمان كۆز، ئەزىز مېھمانىغا،
گەھ دۇرى ئۇممانۇ گەھ لەئلى بەدەخشان تارتادۇر.
ھەر كىشى تارىتتى مەتائىن دىلبەرىنىڭ ئالدە،
ھېچ نېمە لايىق يوقدىن جەۋھەرى جان تارتادۇر.

## لۇتفى

غەمزەڭىز خۇنىيۇ ھەردەم كۆڭلۇم ئول يان تارتادۇر،
بارماسام بولماس قاشىندا چۇن مېنى قان تارتادۇر.
داد كۆزۇڭدىنكى دىنغا نېچە يۈز ئۆرسەم، مېنى
كۇفر سارى زۇلم ئىلە ئول نامۇسۇلمان تارتادۇر.
خاكى پايىكىم ئاڭا زۇلفى دىگەر كۆپ ئىزدەرەم،
يا مېنى تۇپراق، يا رىزقى پەرىشان تارتادۇر.
ئالدە جان تارتادۇرمەن، تا مەگەر تۇشكەي قەبۇل،
ھېچ نەزەر قىلماس بۇ مىسكىن سارى كىم جان تارتادۇر.
قاشلارى ياسىن قۇلاققا يەتكۇرە تارتار كۆزى،
.............................................

### سەييىدى

..................................................

ئەھسەنۇت - تەقۋىمى كۆرگەن چۇن ئەنەل - ھەق دىمەسۇن،
بەس نىدىن بەردار ئۇلۇپدۇر مەنسۇرى دىۋانەسى.
شەمئى ۋەھدەتدۇر جەمالىڭ سۇھبەتى رەۋشەن قىلۇر،
قارشۇدا قوش - قوش يانادۇر سەييىدىڭ پەرۋانەسى.

### قاسىم سوزى

ئەي سەنەم، تەگرىڭ ئۇچۇن دەردىمگە قىلغىل چارەنى،
غەمزە ئوقىنى ئاتىپ قىلدىڭ يۈرەككە يارەنى.
ئىشۋەلەر قىلماق بىلە باغرىمنى پارە ئەيلەدىڭ،
نەزىيان قىلغاي ساڭا سورساڭ بۇ باغرى پارەنى.
تەركى دۇنيا تەۋبە قىلدىم، ئاشىق ئولدۇم ھۇسنۇڭە،
قىلدىم ئىبرەسە مەن سىبنىڭ ئاي يۈزۈڭە نەززارەنى.
ئول كاغەزدەك ئىككى نۇرلۇق مۇددەئىنى، ئەي سەنەم،
باشىنى كەسكىل قەلەمدەك، سۇرتەيىن مەن قارەنى.
قاسىمى بىچارە گەر ئۆلسە ئىشىكىڭدە، بىگىم،
ئۆز قولۇڭ بىرلە كۆتەرگىل سەن ئۇشۇل بىچارەنى.

قوشۇقلا

تا كۆڭۈل ئول بىۋەفا ئىلكىندە دۇر،
جان قۇشى دائىم جەفا ئىلكىندە دۇر.
نەۋلا ئىلكىن قويسا خەستە كۆڭلۈمە،
ئانىڭ ئۇچۇنكىم دەۋا ئىلكىندە دۇر.

ئىككى چەشمىم بىر پەرى رۇخ سارىدۇر،
ھەر چەمەندە فىتنەئى رۇخسارىدۇر.
تا زەنەخدان ئالماسىنى كۆرگەلى،
ھەسرەتىڭدىن چۇن بىھى رۇخسارىدۇر.

* * * *

كىر چەمەن ئىچرە خىرامان بوي ئىلە،
گۇلشەنى قىلغىل مۇئەتتەر بوي ئىلە.
ئەندەلىبۇ ھۇرنى قىلغىل خىجىل،
بىرنى ھۇسنۇڭ، بىر گۇفتۇ - گۇي ئىلە.

تا كۆڭۈلگە سالدى دىلبەر مىھرىنى،
مىھرۇ مەھ قىلدى زىيادە مىھرىنى.
ئول قەمەردەك يۈزۈ زۇھرەدەك جەبىن،
مۇنفەئىل قىلدى فەلەكنىڭ مىھرىنى.

www.uyghurkitap.com

# هافىز شىرازى شېئىرىيىتىدىن

**شەمسىددىن مۇھەممەد خوجا هافىز**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسراپىل يۇسۇپ**

مۇھەررىردىن: هايات كۆيچىسى، بۈيۈك شائىر شەمسىددىن مۇھەممەد خوجا هافىز شىرازى (1300 — 1389) ۋە ئۇنىڭ لىرىكىلىرى جاھان ئەدەبىياتىدا يۈكسەك شان-شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ هافىز شىرازى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش تارىخى ناهايىتى ئۇزۇن، هافىز لىرىكىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر. نۇرغۇن كلاسسىك ئەدىبلىرىمىز هافىزنى ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەن، بەزىلىرى خېلى بۇرۇنلا هافىز شېئىرلىرىنى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەپسۇسكى بۇ خىل تەرجىمىلەر تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا يوقالغان. ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدىن بايقالغان «باياز» ناملىق قول يازمىغا هافىز شىرازى غەزەللىرىدىن 10 پارچىسىنىڭ تەرجىمىسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىرلارنىڭ تەرجىمانى ھەققىدە «باياز» دا ھېچنەرسە دېيىلمىگەن. لېكىن «سىلسىلەتۇز-زەھەب» (ئالتۇن زەنجىرلەر) ناملىق تەزكىرىدە: «خوجا مۇھەممەد هاجى يۇسۇپ خوجام جاھاننىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى. زىلەيخا بېگىممۇ تەڭداشسىز ئىستېداتلىق ئىگىسى ئىدى. ئەرەبچە ۋە پارىسچىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى، شېئىر ۋە قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى.» دېيىلگەن. زىلەيخا بېگىم مىر سەيىد جېلىل قەشقىرى ئىسىملىك نامدار كىشىنىڭ خىزمەتكارىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ كىشى زىلەيخا بېگىمنى قۇمۇلدا خوجا مۇھەممەد هاجى يۇسۇپ (ۋاپاتى مىلادى 1600-يىل) كە ياتلىق قىلغان. بۇ كىتابتا ئېيتىلىشىچە، زىلەيخا بېگىم هافىز شېئىرلىرىنى ناهايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، مۇتالىئە قىلغان ۋە تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ھەقتە مۇنۇ غەزەل مىسال كەلتۈرۈلگەن:

ئەگەر ئول تۈركىي شىرازى قولىغە ئالسە كۆڭلۈمنى،
كى خالى ھىندۇغە بەرگۈم سەمەرقەندۇ بۇخارانى.

زىلەيخا بېگىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان هافىز شىرازىنىڭ بۇ توققۇز بېيىتلىق غەزىلىنى يۇقىرىقى «باياز» غا كىرگۈزۈلگەن نۇسخا بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بۇ ئىككى نۇسخىنىڭ بىر كىشى تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمە ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. دېمەك، هافىز شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بۇ 10 غەزەل XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زىلەيخا بېگىم تەرىپىدىن قۇمۇلدا تەرجىمە قىلىنغان. هافىز شىرازى غەزەللىرىنىڭ بىر ئۇيغۇر شائىرەسى تەرىپىدىن بۇندىن تۆت ئەسىر بۇرۇن ئىشلەنگەن بۇ تەرجىمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى زور ۋەقە. شۇڭا هافىز غەزەللىرىنىڭ زىلەيخا بېگىم تەرىپىدىن

قىلىنغان تەرجىمىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپ، 1985 - يىلى تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «ھافىز شىرازى شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىدىكى بىر قىسىم غەزەل ۋە رۇبائىيلارنى تاللاپ ئېلان قىلدۇق.

*　　　　*

ئەلا يا ئەييۇھەس - ساقى، كېلىپدۇر رىندلەر تىلىغە،
كۆرۈندى ئاسان ئەۋۋەل ئىشق، ۋەلىكىن تارتتى مۇشكىلغە.
سەبا ئول تۇررەنىڭ بۇيىنىكى ئاچتى تۇررەدىن ئاخىر،
كى مۇشكىن جەئد تابىدىن نە خۇنلار باغلادى دىلغە.
كى سەججادەڭنى رەڭگىن مەيدە قىل پىرى مۇغان ئايتۇر،
كى سالىك بىخەبەر بولمايكى يەتكەي راھۇ مەنزىلغە.
كى جانان مەنزىلى ئىچرە ماڭا خۇش ئەيش چۇن ھەردەم،
قوڭغۇرغۇ ئەيلەگەي فەرياد ئەگەر باغلانسە مەھمىلغە.
قاراڭغۇ تۈندە مەۋجىدىن ۋەھم ھەم گىردابىدىن قايغۇ،
نېچۈك بىلگەي مېنىڭ ھالىمنى مىڭ يۈك تۈشسە ساھىلغە.
ھەمە كارىم، ئۆزۈم كامىم (كى) ئاخىر تارتتى بەدنامىلىق،
قاچان قالغاي نىھان رازى ئەگەر كەلتۈرسە مەھفىلغە.
ھۇزۇر ئىستەر ئىسەڭ، ھافىز، ئانىڭدىن بولماغىل غافىل،
قاۋۇشماقلىق بۇ دۇنيادا قاچان ئول ئىشق ئەھلىغە.

*　　　　*

ئەگەر ئول تۈركى شىرازى قولىغە ئالسە كۆڭلۈمنى،
كى خالى ھىندىغە بەرگۇم سەمەرقەندۇ بۇخارانى.
بەر، ئەي ساقى، مەيى باقىنى جەننەتدە تاپالمانىكىم،
كى رۇكن ئاباد ياقاسىدا ئاچىپ گۇللار مۇسەللانى.
فىغان ئول لولىيانىكىم شوخى نازۇك كار شەھر ئاشۇب،
ئېلىتتى سەبرىنى دىلدىن سالۇر تۈركخانى ياغمانى.
بۇ ئىشقى ناتەمامىمدىن جەمالى يار مۇستەغنا،
نە ھاجەت رەڭگى خەت پەرداز سالماس رويى زىيبانى.
كىم ئېيسە دەھردىن رازىكى مۇترىب مەي سۆزىن سۆزلە،
كىشى ئاچمابدۇ مېھنەتدىن ئاچالماس بۇ مۇئەممانى.
مەن، ئول ھۇسنۇكى يۇسۇفدە ھۇۋەيدا ئېردىكىم، بىلدىم،
كى ئىسمەت پەردەسىدىن ئىشق چىقاردىلار زىبلەيخانى.
يامان دېدىڭكى، خۇرسەندمەن، ئەفاكەللاھ، نەخۇش ئايدىڭ،
نە زىينەت ئەيلەسەڭ تەلخ سۆز شەكەرخا ئاغزىدىن ئانى.
نەسىھەت ئال، قۇلاق، جانانىنى جاندىن دوستراق تۇتقاي،
سەئادەتمەند جەۋانلاركىم بۇ پەندى پىرى دانانى.
غەزەل ئايدىڭغۇ دۇر تەشتىڭ كېلىپ ياخشى ئۇنۇڭ، ھافىز،
سېنىڭ نەزمەڭ بىلە باقمىش فەلەك ئەقدى سۇرەييانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　　　*

سۇبھىدەمدە ئاچتى خۇمارى ئىشىك مەيخانەغە،
بۇق - بۇق ئاۋازى سۇراھى جان بېرۇر مەستانەغە.
مەن يىراقدىن بەزمغە كەلدىمكى ئاخىرراقدەكىم،
ساقىيا، قوپ، مەينى پۇر ئەيلەكى بۇ پەيمانەغە.
مەجنۇن ئولدۇم لەيلىنىڭ ئىشقىدا بۇ ئالەم ئارا،
ئاقىلا، قىلما نەسىھەت مەن كەبى دىۋانەغە.
چەۋرۇلۇپ شەمئى جەمالى مەئشۇقغە ئاشىقى،
ئىشقىدا كۆيمەكنىكىم ئۆرگەتتى بۇ پەرۋانەغە.
سىينە زەڭگارىنى تەقۋا سەيقەلىدە پاك قىل،
پاكلىك بىرلە قارا ئايىنەدە جانانەغە.
يوقدۇرۇر دۇشنام سەييادى ئەزەلكى جانىمە،
كەلدىلەر مۇرغى ھەۋا ئالەمغە بەھرى دانەغە.
تەۋبە قىل زۇھدۇ رىيايىغە بۇرۇنراق، ھافىزا،
بەسكى ئاچماسدا ئىشكنى بۇ كېچە مەيخانەغە.

*　　　*

بۇلبۇلى خۇشرەڭگى گۇلنىڭ بەرگىدىن مىنقار ئېتەر،
بىنەۋا بەرگى نەۋا خۇش نالەھايى زار ئېتەر.
نالە فەريادىندىن ئايدى كىمكى بۇ ۋەسل ئىچرەكىم،
ئايدى مەئشۇق جىلۋەسى جانۇ دىلىم فەرياد ئېتەر.
يا ئەگەر ئولتۇرمەسە يانىمدە يوقدۇر ئېھتىراز،
پادىشاھى كامرانلاركىم گەدادىن ئار ئېتەر.
نازدىن ئول دوست چىنى ئالمايىن قىلسام نىياز،
خۇش ئېرۇرمەن نازەنىنلەر ناز بەرخوردار ئېتەر.
قوپقاسەن نەققاش، ئىلكىن جانىمە ئەفشان قىلاي،
بۇ ئەجايىب نەقشلەرنى گەردىشى پەركار ئېتەر.
قىلماغىل بەدناملىق فىكرىن مۇرىدى ئىشق سەن،
خىرقەنى ئەيلەپ گەرەۋ سەنئانىكى دەفئ خۇمار ئېتەر.
ۋەقتىدە شىرىن قەلەندەر خۇشما سەير ئەتۋارىدە،
زىكرى - تەسبىھۇ مەلەكنى ھەلقەئى زۇننار ئېتەر.
ئىستىلىقدە سەير ئېتەر ئارىف مەقامى قايدادۇر،
مەھۋ ئېتىپ ئۆزلۈك ۋۇجۇدىن ئالەمى ئەسرار ئېتەر.
قەسر ئول ھۇران سىرىشتىنىڭ بامىدە ھافىز كۆزى،
شۇۋەئى «جەنناتۇ تەجرى تەھتىھەل - ئەنھار» ئېتەر.

*　　　*

خەيرى مەقدەم مەرھەبا، ئەي تايىرى قۇتلۇق قەدەم،
مۇژدەلەرنى كەلتۇرۇك ئىقبالدىن ساھىب كەرەم.

نامەنی ئاچىپ سىرىشكىم بىرلە يازغان مەن خەتىن،
شەرھى ئارزۇمەندى ھەرگىز يازماغاي ئەمدى قەلەم.
سەبىر قولدىن كەتتى، نەيلەي، تەركى ئىشق تاراج ئېتىپ،
روزى ئاخىر سوركى دەرۋىش ھالىنى، ئەي مۇھتەشەم.
گەنجىغە ئەرزىر بۇ نۇكتە، ساتقۇم ئانى رايگان،
سۇھبەتى يارانۇ ھەمدەم بىل غەنىمەت مۇغتەنەم.
گەر ھەرىمى كەئبە خاھلارسەن جەمالى بىنىقاب،
لالەئى گۇل بىل ھەمە خارۇ بەيابانىن ھەرەم.
ھەلقەدەك چىرمانىسە نەچچە زۇلفى ئەفئى بەندىكىم،
مېھر ئۇزمەك ئاسان ئېرمەس، ئەي دىل، ئەفسۇن قىلمە دەم.
سۇھبەتى ئۇششاق قاچ، زاھىد سېنى بەدنام ئېتەر،
بادە دەۋرىغە نېگەھ قىلغىلكى مەجلىس مۇتتەھەم.
ئۆتتى، ئەي دىل، خارلىق كۆردۇم رەقىبىنىڭ جەۋرىدىن.
يار يېتىپ كەلدى، بىھەمدۇللاھ، ئەزىزى مۇھتەرەم.
ساقىيا، مەي بەركى دىگەر بار رىندى ئىشقغە،
چەكتى ھافىز نامەسىغە خاجە كىلكىدىن رەقەم.

* *

بەردى بىنەفشە ئۆزرە تاب تۇررەئى مۇشك سايىڭىز،
پەردەئى غۇنچەنى ئاچۇر خەندەئى دىلكۇشايىڭىز.
ئەي گۇلى خۇش نەسىمكىم بۇلبۇلىڭىزنى قوغلامالىڭ،
سىدق ئىلە نالەدىن قىلۇر ۋەقتى سەھەر دۇئايىڭىز.
مەنكىم مەلۇل بولماسام بۇ نەفسىئى فەرىشتەدىن.
قالۇ مەقالە ئالەمى تارتادۇمەن فىراقىڭىز.
مېھرى رۇخۇڭ سىرىشتىمەن، خاكى دۇرىڭ بىھىشتىمەن،
ئىشقىڭۇ سەرنەۋىشتىمەن، راھەت ماڭا رىزايىڭىز.
دەۋلەتى ئىشقى كۆرگەسەن، فەقرى يولىدا مۇھتەشەم،
تاجى سەرىرى سەلتەنەت سىندۇرادۇر گەدايىڭىز.
جامى مەي ئەخرقەكىم گەرچە مېنىڭ خورۇم ئەمەس،
ئىن ھەممە نەقشىنى چېكىپ ئەيلەپ تەلەپ ۋەفايىڭىز.
شورۇ شەرابى ئىشقىڭىز چىقسە ئاغىزدىن باش ئۇرۇپ،
بولغۇسى پۇر ھەۋەس بۇ باش خاكىدەرى سەرايىڭىز.
شاھى نىشىن بۇ جىسمىكىم تەكيەگەھى خەيالدۇر،
جايى شەھى دىلىم مېنىڭ فىكرى خەيالى يادىڭىز.
ئىشقى گەدايى دەلقىنىڭ قوينىدا گەنجى پۇر ئېرۇر.

پاتىغىنە سەلتەنەت تاپۇر كىمكى بولۇر گەدايىڭىز.
خاسەئى ھۇسنىدە ئېرۇر، خۇشە چەمەندۇر ئارەزىڭ،
ھافىزى خۇش كەلام ئېرۇر مۇرغى غەزەل سەرايىڭىز.

* *

قىلسە مۇشكىن چىنىدىن ئۇترۇك كاكۇل سىندۇرۇر،
لالەكىم دىل خۇن قىلۇر بازارى سۇنبۇل سىندۇرۇر.
ئول خىرامان سەرۋى گۇلنار قىلسە گەر مەيلى چەمەن،
سەرۋ ئاياغىغە يىقىلىپكىم ۋەلى گۇل سىندۇرۇر.
ئەبرۇيى جانان خەيالى بولدى كۆزۈمدىن يىراق،
سەيللەر كەلدى بۇ يولغە ئەمدىكىم بول سىندۇرۇر.
تەگسە گۇلنىڭ پەردەسىغە سۇھبەتىدىن تازە نەم،
غەم تىكەنىدىن دىلى مەجرۇھ بۇلبۇل سىندۇرۇر.
ھافىزا، بۇ سىررى ۋەھدەتنى قولۇڭدىن بەرمەگىل،
تا خەيالى زۇھدى تەقۋانى تەۋەككۇل سىندۇرۇر.

* *

ھەم ئىيد، مەۋسۇمى گۇل، ساقى، كېتۇر فىيالە،
كىم كۆردى گۇل چاغىدا مەيسىز قەدەھۇ بادە.
ۋائىز قىلۇر نەسىھەت ئاشىقلاغە تۈنۈ كۈن،
كۆردۈم بۇ كۈن ئانى مەست تەقۋاسى يوق تالادە.
تاڭلا بۇ كۈن ئىكى كۈن بىل غەنىمەت گۇل ۋەقتى،
ئاشىق ئېسەڭ تەرەب قىل تاپ شاھدانى سادە.
گۇل كەتتى، ئەي ھەرىفلەر، نې غافىل ئولتۇرۇرسىز،
قىلماي سۇرۇدى نەغمە يارسىزۇ جامى بادە.
مەجلىس سەبۇھىدەكىم نە نەرسە خۇش كۆرۈنۇر،
ساقى ئۇزارى ئەكسى جام ئىچرە بولسە بادە.
مۇترىبىكى چەكسە نەغمە، شاھىدكى سەۋت قىلسە،
ھافىزى شۇيى تەرزىندەكىم بەزمى شاھزادە.

* *

كىشىكى ھۇسن ۋەفا ئىچرە يارىمە يەتمەس،
سېنىڭ بۇ سۆزىمە ئىنكار كارىمە يەتمەس.
ئەگەرچە ھۇسنفۇرۇشلار كېلىپدۇ جىلۋەغەكىم،
كىشىكى ھۇسنۇ مەلاھەتدە يارىمە يەتمەس.
بىھەققى سۇھبەتى دەيرىنىڭ ئىچرە مەھرەمى زار،

کی یار یەکجەهەتی هەق گۇلزارىمە یەتمەس.
هەزار نەقش چىقار کىلکی سۇنئىدىنكی بىرى،
كۆكۆل ئالۇرغە بۇ نەقشى نىگارىمە یەتمەس.
هەزار نەقدىكی بازارى کائىنات ئىلتۇر،
بىرى بۇ سىككەئى ساهىب ئارىمە یەتمەس.
دەرىغ، قافىلەئى ئۇمر کەتتىلەر ئانچە،
نەئىنكى گىردى هەۋايى دىيارىمە یەتمەس.
دىلا، کی قورقمە هۇسۇد، خەبىسدىنكى ئىمىن بول،
یامانكى خاترى ئۇممىدۋارىمە یەتمەس.
چۇنان تىیر مەیلكى خاكىرەھ بول هەر كىمگە،
غۇبارى خاترە ئول رەھ گۇزارىمە یەتمەس.
کىیۇردى قورقامە هافىزنى شەرهى قىسسەسىكىم،
کی سەمئى پادىشەهى کامكارىمە یەتمەس.

* *

سەهەر چۇ بۇلبۇلى بىدىل کەبىكى کەزدىم باغ،
یۇرۇپكى نەکهەتى سۇنبۇل قىلاي ئىلاجى دىماغ.
نىگاهكىم گۇلى سوردى یۇزىغەكىم قىلدىم،
ئىبرۇركى تۇن كىچەدە رەۋشەنىكى هەمچۇ چىراغ.
چۇنانكى هۇسن جەۋانلىغدا ئۇزىگە مەغرۇر،
ئالىپدۇرۇر دىلى بۇلبۇل هەزار گۇنە فەراغ.
ئاچىبدۇ نەرگىسى رەئنا كۆزىنى هەیرەتدىن،
قويۇپدۇ لالەكى سەۋدادا جانۇ دىل یۇز داغ.
تىلىنىك تىیغىنى سەۋسەنكى سەرزەنىشدە ئاچىپ،
ئاغىز ئاچىپكى شەقايىقكى خەلقغە ئىنىغاغ.
گەهى چۇ بادەپەرەستدەك سۇراهى ئىلكدەكىم،
گەهىيۇ ساقىئى مەستدەك ئالىپ قولىغە ئاياغ.
نەشات ئەي بۇ جەۋانلىق چۇ گۇل غەنىمەت بىل،
کی هافىزا، یوق ئىبرۇر جۇز رەسۇلۇ غەیرى بەلاغ.

* *

کەلدى مەسجىددىن بۇ کەچ مەیخانە سارى پىرىمىز،
نە بولۇر یولداشلىرىم بۇندىن كىیىن تەدبىرىمىز؟
بىز مۇرىدلار قايسى یول بىرلە بارۇرمىز کەئىبگە؟
باشلىماقتا یولنى مەیخانە تامانغا پىرىمىز.
ئوتپەرەستلەر مەنزىلىدە بىزمۇ ئەیلەرمىز ماكان،

چۇنكى شۇنداق دەپ يېزىلمىشتۇر ئەزەل تەقدىرىمىز.
بەنت بولۇپ زۇلپىغا دىل شاد بولغىنىن بىلسەدى ئەقل،
ئەقل ئېلى ئىستەردى، دىۋانە بولۇپ زەنجىرىمىز.
شۇ گۆزەل يۈز لۇتپۇ ئېھسان ئايىتىن ئەتتى بايان،
شۇ ئۈچۈن ياخشىلىقىڭدىن ئۆزگە يوق تەپسىرىمىز.
تاش كەبى قاتتىق دىلىڭدا ھېچبىر ئەيلەرمۇ ئەسەر،
شۇنچە ئوتلۇق ئاھ بىرلە يوقمىدۇر تەسىرىمىز.
ئاھىمىزنىڭ ئوقلىرى، ھافىز، پەلەكتىن ھەم ئۆتەر.
رەھم قىل جانىڭغا، ساقلان، تەگمىگەي تا تىيرىمىز.

*

يۈزۈڭدەك يارقىن ئاي ئاسماندا ھەم يوق،
قەدىڭدەك سەرۋى ھېچ بوستاندا ھەم يوق.
لېۋىڭدەك لەئلى يوق دىل ئەتكۈچى شاد،
چىشىڭدەك تازا بىر دۇر كاندا ھەم يوق.
لىۋىڭ جانبەخش رەيھان ئارىسىدا —
بۇ خىسلەت چەشمەئى ھەيۋاندا ھەم يوق
ساڭا بىر تەن تەڭ ئولماس بۇ جاھاندا:
تەن ئېرمەس، ئۇشبۇ تەگلىك جاندا ھەم يوق.
ئېرۇر ھافىز شېئىرى شىرىن، ئەمما
شىرىنلىك يار لېۋىدەك ئاندا ھەم يوق.

*

ئەجەپ شىرازكىم، يوقتۇر مىسالى،
خۇدايا، بولمىسۇن ھەرگىز زاۋالى.
بۇ رۇكناباد سۈيى تەھسىنگە لايىق،
بېرۇر خىزىر ئۆمرىنى سالقىن زۇلالى.
مۇسەللا، جەئفەر ئاباد ئارىسىدا
ئېسەر مۇشك ئىلە ئەنبەردەك شامالى.
كېلىپ شىرازغا بۇل پەيزۇ شەرەپلەر،
نىھايەت كۆپ ئەزىز ساھىب كامالى.
كىشىدە مىسىر قەندىن ياد ئېتەرگە
شىرىنلەر ئالدىدا قالماس ماجالى.
سابا، ئول شوخ، گۆزەل مەستلەر ھەقىدە
نە بىلگەيسەن، نېچۈك ئانلارنىڭ ھالى.
مېنى بۇ ئۇيقىدىن ئويغاتمىغىل ھېچ:
دىلىمنى شاد ئېتەر شىرىن خىيالى.
ئەگەر ئول شوخ بالا قانىمنى تۆكسە،
ئانا سىنىڭ سۈتىدەك قىل ھالالى.
ئەگەر ھىجرىڭدىن ئەتسەڭ خەۋف، ھافىز،
نېچۈن شۈكرى ئەتمىدىڭ، ۋاختى ۋىسالى.

*

كەل ئەمدى گۈل چېچىپ ھەر يان، قەدەھ قولدا ئوتتۇرغايمىز،
بۇزۇپ چەرخ ئەسكى تامىن، يېڭى بىر تەرھ ئىلە قۇرغايمىز.
ئەگەردە تارتسا غەم لەشكەر تۆكۈشكە ئىشق ئېلى قانىن،
مەنۇ ساقى بولۇپ بىرگە، بۇ تەشۋىشنى پۈتتۈرگەيمىز.
ئېرۇر قولدا گۆزەل چالغۇ يېقىملىق، كۈيلە، سازەندە،
ئۇقۇپ شېئىرۇ، ئاياغ رەقسىنى ئەۋجىگە كەتۈرگەيمىز.
سابا، ئېلت جىسمىمىز گەردىن ئۇ يۈكسەك ئاستان سارى،

كى شايەد خوبلار شاھى يۈزىن بىر بارە كۆرگەيمىز.
بىرى ئەقلىدىن ئۇرغاي لاپ، بىرى دائىم توقار يالغان،
كەل، ئارزۇ دادىمىزنى ئەمدى ھاكىمگە گەپۇرغايمىز.
ئەگەر جەننەت تىلەرسەن، بىز بىلەن مەيخانىغا يۈرگىن،
سېنى خۇمنىڭ تېگىدىن ھەۋزى كەۋسەرگە يەتورگەيمىز.
قەدەھنى تولدۇرۇپ لىپ-لىپ قىزىل گۈل سىڭارى مەيدىن،
چېچىپ ئەتر، ئۇد تۇتاتقايمىز، ئۇلۇغ بىر بەزم قۇرغايمىز.
كەل، ئەي جانان، يۈزۈڭ نۇرى بىلەن مەجلىسنى پارلاتقىن،
قېشىڭدا شېئىر ئوقۇپ بۇ دەم، ئاياغىڭغا باش ئۇرغايمىز.
بىلىمدانلىق ۋە خۇشخانلىق ئەمەس شىرازدا ھېچ مەنزۇر،
كەل، ئەي ھافىزكى، بىز يۈزنى بۆلەك يۇرتقا ئۆگۈرگەيمىز.

* *

خىرقەمنى گۆرەۋ قويغۇم، بىر كاسە شاراب ئەلا،
بىمەنى نەسىھەتتىن ماڭا مەيى ناب ئەلا.
ھەر قانچىكى كۆز تۇتتۇم، بېھۇدىگە ئۇمر ئۆتتى،
بەس، ماڭا پەقىر بىلە بىر كۇنجى خەراب ئەلا.
زاھىدنى يۈرەك سىررىن خەلققە دېمىگەيمەن ھېچ،
بۇ قىسسەنى ئېيتماققا چاڭ بىرلە راۋاب ئەلا.
شۇنداق پەلەك ئەھۋالى، باش ھەم سوكى يوق بۇندا
ساقىنىڭ خەيالىلە قوللاردا شاراب ئەلا.
بىر سەن كەبى دىلبەردىن كۆڭلۈمنى ئۈزەلمەسمەن،
سەندىن باش ئەگەر تارتسام، بوينۇمغا تاناب ئەلا.
ئۇلغايدىڭ ئايا ھافىز، تەرك ئەت مەيۇ مەيخانە،
ياشلىقتا ھەۋەسكارلىق، رىندلىق مەيى ناب ئەلا.

* *

مەنكىم، ئول مەيخانە بۇرچى خانىقاھىمدۇر مېنىڭ،
تىلدادۇر ساقى دۇئاسى، تاڭ گۇۋاھىمدۇر مېنىڭ.
بولمىسا تاڭ چاغى مەي بىرلە راۋابىم يوق مېنىڭ،
تاڭ ئاتاردا ئاھۇ ئەپغان ئۆزرىخاھىمدۇر مېنىڭ.
شۈكرىكىم، يوقدۇر گەدايۇ شاھلار بىرلە ئىشىم،
چۈنكى دوست يولىنى گەداسى پادىشاھىمدۇر مېنىڭ.
ۋەسلىڭىزدۇر مەقسىدىم مەسجىد بىلەن مەيخانىدىن،
ئۆزگە يوق پىكرىم، گۇۋاھىم بىر ئىلاھىمدۇر مېنىڭ.
سەن ئۈچۈن بولسام گەدا، ئۇ تاجۇ تەختتىن ياخشىراقە

جەۋرۇ زۇلمىك — مەرتىبەم، زەررىن كۇلاھىمدۇر مېنىڭ.
كەسمىگۈنچە تا ئەجەل تىيغى ھاياتىم تومۇرىن،
خىزمىتىڭدىن كەتمەك، ئەلبەتتە، گۇناھىمدۇر مېنىڭ.
ئۇل زاماندىندۇركى، ئۇل ئاستانىغا قويدۇم يۈزۈم،
تاكى بارمەن يار ماكانى تەكيىگاھىمدۇر مېنىڭ.
گەرچە بىزدە يوق ئىدى، ھافىز، گۇناھقا ئىختىيار،
ساقلىغىن ئادابۇ، ئېيتقىن: بۇ گۇناھىمدۇر مېنىڭ.

* *

يارۇ دوستلار سۆھبىتىيۇ، زوقلى بوستان ياخشىدۇر،
ياخشى گۇل پەسلى، مەي ئىچمەك ۋاقتى ئوبدان ياخشىدۇر،
تاڭ نەسىمىدىن كۆڭۈللەر ئاچىلۇر ھەر لەھزىدە،
تازا دىل، تازا نەپەسلەر چۈنكى ھەر ئان ياخشىدۇر.
گۇل ئېچىلماستىن تۇرۇپ، كەتمەككە قەست قىلدى يەنە،
يىغلا، بۇلبۇل، كۆڭلى مەجرۇھلارغا ئەپغان ياخشىدۇر.
مۈژدا بولسۇن تۈندە كاككۇك قۇشقا ئىشقىڭ يولىدا،
يار ئۈچۈن ھەركىمكى بولسا تۈندە نالان ياخشىدۇر.
گەرچە شادلىقنىڭ جاھاندا ئىسمى بارۇ جىسمى يوق،
خۇش تەبىئەت شوخلۇق رەسمىلە جانان ياخشىدۇر.
باغدا سەۋسەننىڭ تىلىدىن بۇ سادانى تىڭشىدىم،
دەر ئىدى: «دۇنيادا ئۆتمەك تىزۇ چاققان ياخشىدۇر».
ھافىزا، تەركى جاھاندىن سۆزلىمەك كۆڭۈل ئاچار،
ئويلىمايسەن، شاھلارغا دەۋرى دەۋران ياخشىدۇر.

* *

قايسى ئۆيىنىڭ شامىدۇر ئۇ، قايسى جايدا خانىسى؟
ئۆرتىدى جاننى، سوراڭ، كىمنىڭ ئېرۇر جانانىسى؟
يۇ زامان دىنۇ دىلىمنى خانىۋەيران ئەيلىدى،
بىلمىدىم كىمنىڭ ئېرۇر ئۇ مۇنىسۇ ھەمخانىسى؟
لەۋلىرىنىڭ بادىسى ھەرگىز لېۋىمدىن كەتمىسۇن،
كىمگە سۆز بەرمىش ۋاپادىن، مەي تولا پەيمانىسى؟
ئۇل سائادەت شامىنىڭ بەزمى ئېرۇر كىمگە نەسىپ؟
سىز، خۇدا ھەققى، سوراڭ، كىمدۇر ئۇنىڭ پەرۋانىسى؟
ھەر كىشى ئەفسۇن بىلەن تارتماقچى، ئەمما بىلمىدۇك،
تارتىدۇ نازۇك دىلىن كىمنىڭ قىزىق ئەپسانىسى؟
يا رەب، ئۇل ئايىيۈزلى، يۇلتۇز چېھرەلىك ئالىي نىشان،

قايسى كاننىڭ گۆھىرى، كىمنىڭ ئېرۇر دۇردانىسى؟
قىلدى ئىچمەستىن لېۋىنىڭ بادىسى دىلنى خاراب،
كىمگە ئۇلپەت، كىم ئېرۇر ھەمكاسە، ھەمپەيمانىسى؟
«ئاھكىم، ھافىز دىلى دېۋانىدۇر سەنىسىز»، — دېدىم.
شوخ تەبەسسۇم بىرلە: «بۇ كىمنىڭ، — دېدى، — دېۋانىسى؟»

* *

يۈزۈڭ ھۇسنۇڭلە تۈزدى ئىتتىپاقۇ، ئالدى دۇنيانى،
جاھاننى ئالسا بولغاي ئىتتىپاقلىق بىرلە ھەر ئانى،
مۇھەببەت ئەھلىنىڭ سىررىنى ئاچماق بولغان ئېردى شام،
خۇداغا شۈكرىكىم، كۆيدى تىلىيۇ، كەتتى دەرمانى.
سېنىڭ رەڭگۇ ھىدىڭدىن سۆزلىمەكنى خاھلاپ ئېردى گۈل،
سەبا قىزغاندىيۇ دەم تارتتى، گۈلنىڭ پۈتتى ئىمكانى.
غۇرۇر ئەيلەپ، بېشىغا ئەگرى قويدى دوپپىسىن لالە،
قىزىل مەي كۆكسىنى داغ ئەتتى، رۇشەندۇر يۈرەك قانى.
ئۇ كۈن بىر كاسا مەي ئىشقى پۈتۈن كۆيدۇردى بارىمنى،
گۈزەل ساقى يۈزىنىڭ ئەكسىدىن ئوت چۈشتى پىنھانى.
زامانە ئىشلىرى بىر نۇقتىدەك جىسمىم ئوراپ ئالدى،
يۈرەتتىم ئايلىنىپ، پەركار كەبى، سالدى بۇ غەۋغانى.
يېزىپتۇرلار بۇنى گۈل ياپرىقىغا لالە قانىدىن،
كىمكى پۇختىدۇر، ئالغاي قىزىل مەي قولغا ھەر ئانى.
قولۇمغا جامى جەمشىددە مەي بەر تاڭدا، مەينۇشلار
قۇياشتەك نۇر چاچار تىيغى بىلەن پەتھ ئەتتى دۇنيانى.
كۆز ئاچ، پۇرسەتكە باق، ئالەمنارا كۆپ پىتنە قوزغالغاچ،
مەي ئىچتى غەم بىلەن، ساز ئالدى قولغا يۇرتنىڭ ئىشانى.
مېنىڭ قەلبىم ئارا ھەردەمدە يانغان يوشۇرۇن ئوتتىن
قۇياش بىر شولىدۇركىم، كۆككە چىقتى بولدى نۇرانى.
لەتاپەت سۆلىرى، ھافىزكى، نەزمەڭدىن تېمىپ تۇرغاي،
بۆلەكلەر قاي يوسۇن پەھمى قىلۇر بۇ خىلدا مەنانى.

* *

شىرىن مېۋە بېرۇر، دوستلۇق دەرىخىن تىككىن، ئەي ئىنسانە
ئاداۋەتنىڭ نىھالىن يۇلكى، بەرگەي غەم، ئەلەم، ئارمان.
بولۇپ مەيخانا مېھمانى، مەي ئىچ، مەستانىلەر بىرلە،
خۇمارى بولما ھەرگىزكىم بېشىڭ ئاغرىيدۇ، ئەي جانان.
بۇ سۆھبەت تۈنلىرىن بىلگىن غەنىمەت، شادۇ خەندان بولە

قاراڭغۇلۇق، يورۇقلۇقـلار كېلۇر، كۆپ ئۆزگۇرۇر دەۋران.
يولىن مەجنۇنغا بۇرسۇن، لەيلىنىڭ ساربانىنى يوللا،
ئۇنىڭ ھۆكمىدىدۇر، يا رەب، قۇياش بىرلە مەھى تابان.
ھاياتىڭنىڭ باھارىن تاپكى، يوقسە بۇ چىمەن ھەر يىل
ئاچار يۈز غۇنچە نەسرىندەك، كۆرەر بۇلبۇلچە مىڭ خۇشخان.
مېنىڭ مەجرۇھ دىلىم زۇلپىڭغا باغلانمىش، خۇدا ھەققى،
بۇيۇر، جانىمغا ئارام بەرسۇن، ئۇ لەئلى لېۋىڭ شۇ ئان.
مادارىڭ كەتمىش، ئەي دىل، غەم يۈكى ئاستىدا قالمىشسەن،
بېرىپ بىر كاسا مەي ئىچ، بەلكى بولغاي دەردىڭە دەرمان.
قېرىلىق چېغىدا ھافىز تىلەر بۇ باغدا تەڭرىدىن،
ئېرىق بويىدا تاپسا سەرۋى قامەتلىك گـۈزەل جانان.

* *

بۇلبۇل ئۇيلاركىم، ھېمىشە ئاڭا گۇل گوياكى يار،
گۇل خىيالى نازى بۇلبۇلنىڭ دىلىغا قىلسا كار.
دىلرەبالىق بىرغىنە ئىشق ئەھلىن ئۆلتۈرمەك ئەمەس،
گەر يېسە قۇللار غېمىن شۇدۇر ئۇلۇغلۇق، ئەي نىگار.
لەئلىنىڭ قەلبىدە قان، مەۋج ئۇرمىقى قىمەتلىدۇر،
بادە نەرخىن پەستلىتۇر ئەپسۇس، ساپالدا بادە خار.
بۇلبۇل ئۆرگەندى شىرىن سۆزلەشنى گۇلنىڭ پەيزىدىن،
يوق ئىدى ئۇندا بۇ خىل نەزمۇ تەرەننۇم يار-يار.
كەتتى دىلدار، قانچە دىللار بىرگە يولداشى ئېرۇر،
قايدا بولسا ساقلىغىن دائىم سالامەت بىرۇبار.
سەن ئەگەر نەپسىڭ يېڭىپ، بىھۇدە يولغا كىرمىسەڭ،
شۈبھىسىز ۋەسلىگە يەتكەيسەن، بولۇرسەن بەختىيار.
ئەي يولاۋچى، دىلبىرىمنىڭ كوچىسىدىندۇر يولۇڭ،
باش يارار دىۋارى، ھۇشيار باس قەدەم، ئاھىستە بار.
گەرچە سۆھبەت ئىشرەتنىڭ خوپ ياخشىدۇر، ئەمما، كۆڭۈل،
بەرمىگىن ئىشقنى قولۇڭدىن، ئۇ ئەزىزۇ ئېتىبار.
سوپى ئىچكەن بولمىسا، نېچۈن كۇلاھى قىيشىيۇر؟
ئىككى جام ئىچسە يەنە، سەللە چۇۋۇلغاي، ئەي نىگار.
ئۈگىنىپ قالمىش جامالىڭغا بۇ ھافىزنىڭ دىلى،
پەرۋەرىش قىلمىش ۋىسالىڭ، بەرمىگىن ئازار، يار!

* *

دىلىمغا غەمزىدىن ئوق ئۇرما، جانان، چىرايىڭ دۆلتى يەتتى كامالغا،
سۆزۈك كۆزۈڭگە باقىپ، چىقمىسۇن جان. زاكاتىن ماڭا بەر، مەن ھەقلىق ئىنسان.

قەدەھ تولدۇركى ئىشقىڭ دۆلىتىدىن،
يېشىم ئۆتكەچ، بولۇپمەن بەختىلىك ئوغلان.
كۆڭۈل يارىم خىيالى بىرلە بەنددۇر —
بۆلەك ھېچ نەرسە سىغماس دىلغا شۇ ئان.
مەيۇ مەشۇقتىن ئۆزگە ئېيتسا بىر سۆز،
قەلەم سىنسۇن، تېنىمدە قالمىسۇن جان.
ئۇ غەۋغا ئىچرەكىم، بىر - بىرىگە باقماس،
كېلۇر پىرى مۇغاندىن ماڭا ئېھسان.
سېنىڭ، زاھىد، ماڭا تاكەي فىرىبىڭ،
ھەسەل، سۈت، ئالما دەپ، ھەم باغۇ بوستان.

مەن ئۇ قۇشمەنكى، ھەر شامۇ سەھەردە
يۇرەكتىن سايرىشلە تولغاي ئاسمان.
ئىچەرمەن غەملى كۇنلەردە پەقەت مەي،
قىلىپمەن مەيپۇرۇشلە ئەھدۇ پەيمان.
بۇ قانداق ياخشى پۇرسەت، بادە ئىچكەچ،
ۋەزىر، شاھ ۋەھمى يوق، راھەتتەدۇر جان.
مېنى كۆرگەندە دەۋاگەر گادا دەر:
«ۋەلىي غەم بايلىقى دىلدا پاراۋان».
كۆڭۈلنى ئول زامان ھافىزدىن ئۇزدۇم،
قاچانكىم بولدى ساقى مۇنىسى جان.

* *

كەل، ئەي جانان، جامالىڭدىن تۇنىمىزنى مۇنەۋۋەر قىل،
ھالاۋەتبەخش بۇيۇك بىرلە بۇ سۆھبەتنى مۇئەتتەر قىل.
ئۇ جانان كۆزىيۇ قاشىغە جانۇ دىلنى تاپشۇردۇم،
بۇ ھالەتنى تاماشا ئەتكىلى ئەزمىڭ مۇقەررەر قىل.
بۇ يەڭلىغ ھۇسنۇ سۆلەت بىرلە كەل مەجلىسكە، ئەي دىلبەر،
چىراغ بولغىن، يورۇتقىن، ئىشق ئىلى بەزمىنى دىلبەر قىل.
سەن، ئەي جەننەت نەسىمى، مەجلىسىمىز خاكىنى ئېلىتىپ،
تۇناتقۇچتا تۇتاپ بۇيىنى ھەر يان مۇشكۇ ئەنبەر قىل.
نە ھەددىم باركى، مەن نەقدى ۋىسالىڭ ئارزۇ قىلسام،
ئۇمىدىم شۇ: لىبۇڭنىڭ شەربىتىن ماڭا مۇيەسسەر قىل.
چىمەن زىبالىرىغا جارى ھۆسنۈڭ ئەمرۇ پەرمانى،
كەرەشمە، ناز بىلە سەرۋۇ سەنەۋبەرنى مۇسەخخەر قىل.
نىھايەت خىرەدۇر ھىجران تۇنىنىڭ يۇلتۇزى، ئەي يار،
چىقىپ كاشانە تامى ئۆزرە ئاي شامىنى مۇزتەر قىل.
بۇ يۇڭلۇق جەندىدىن كۆپتىن بۇيان نامۇسۇ ئار ئەتكۇم،
كەل، ئەي جان، سوپىيانە بىر قاراش بىرلە قەلەندەر قىل.
بالەرمەن كۆرسىتىپ ئۆزنى تۇتار گەپكە سېنى ساقى،
قۇلاق سالما گېپىگە، دەم غەنىمەت، نوشى ساغەر قىل.
ئەگەر مۇپتى ساڭا مەي ئىچمە، دەپ بەرسە ئۇگۇت، ئاڭا —
پىيالە مەي بېرىپ، ئەس - ھۇشنى يەرگە باراۋەر قىل.
سۆيۈپ ئەۋۋەل قەدەھنى، سوڭرا تۇتقىن مەيپەرەستلەرگە،
بۇ خۇلقىڭلە ئەقلىنىڭ جان دىماغىنى مۇئەتتەر قىل.
گۈزەللىك شولىسى ئىدرەك كۆزىگە پەردە تۇتمىشتۇر،

تارات نۇرۇ زىيا، خۇرشىد خىرگاھىن مۇنەۋۋەر قىل.
سۇرۇپ ئەيشىگنى ئاي يۈزلۈك نىگارلار ئىشقىدىن، سوگرە،
ئوقۇپ ياد ئەيلە ھافىز شېئىرىنى، قەلبىگدە دەپتەر قىل.

* *

زۇلپىگىز قىلسا مۇبادا بىر خاتا نە بولغۇسى؟
ئەتر ئۇرۇپ، باردىيۇ، كۆرسەتسە جاپا، نە بولغۇسى؟
ئىشق ئوتىدىن جەندەپوشنىڭ خىرمىنى كۆيسە، نە باك،
شاھدىن زۇلمۇ سىتەم كۆرسە گادا، نە بولغۇسى؟
ھېچقىسى يوق، غەمزىگىز گەر دىلنى قۇربان ئەيلىسە،
قىلسا جاڭجال جانۇ جانان ئۆز ئارا، نە بولغۇسى؟
رەنجىمەك يوقتۇر مۇھەببەت مەسلىكىدە، مەيىنى قۇي،
ھەر كۇدۇرەت بولسا ھەم تاپقاي ساپا، نە بولغۇسى؟
ئىشقىۋازلىقتا كىبرەكتۇر سەۋرۇ تاقەت، ئەي كۆڭۈل،
گەر مالال كەلسە نە بولغاي، يا خاتا، نە بولغۇسى؟
بىداۋا غەيۋەتچىلەردىن تۆرلى غەۋغا قوزغىلۇر،
سۆھبەت ئەھلى قىلسا ھەمكى ماجىرا، نە بولغۇسى؟
خانىقاھدىن كەتتى ھافىز، زاھىدا، ئەيب ئەتمىگىن،
تاپقۇسى ئەركىن كىشى ھەر قايدا جا، نە بولغۇسى؟

* *

زامان ئەندۇھىغا ھېچ ساھىلۇ پايان كۆرمەسمەن،
بۇ دەردكە ئەرغۇۋان مەيدىن بۆلەك دەرمان كۆرمەسمەن.
دېدىم، مەيخانە پىرىدىن خىزمىتىن تەرك ئەتمىگۇم ئەسلا،
بۇ ۋەدەمدىن بۆلەك ئۆزگە بىرەر ئىمكان كۆرمەسمەن.
خۇمارمەن، تامچا مەيىنى ماڭا لازىم كۆرمىگەي ھېچكىم،
دېمەك، ئەھلى جاھاندا دوست بىلە ياران كۆرمەسمەن.
ئىشق ئەھلى خۇدا بىرلە يېقىن دەرلەر، ئۆزۈڭنى يىغ،
كى شەھرىم شەيخلىرىدا ئىشقىدىن ئۇنۋان كۆرمەسمەن.
بىلىڭدە كاكۇلۇڭ، ئاڭا دىلىمنى باغلامىشمەن مەن،
بولۇپمەن زۇلمەتى زۇلپۇڭ ئارا پىنھان، كۆرمەسمەن.
سېنىڭ قەددىڭ مېنىڭ كۆز ياشلىرىمدىن بەھرەلەر ئالغاي.
بۇ خىل ئابى راۋانۇ ھەم سولىم بوستان كۆرمەسمەن.
بۇ ھەيران ئىككى كۆزۈمدىن مىڭ ئەپسۇسكىم، مىڭ ئەپسۇسكىم،
ئىككى ئايىنەدۇركى، ھۆسنى نۇرەفشان كۆرمەسمەن.

بۇ دەريا مەۋجىدە ھافىز دىلى بىر كېمىدەك ئۆزگەي،
قۇرۇق سۆزۇ سۇخەندان پايداۋۇ ئېھسان كۆرمەسمەن.

* *

تا مەگەر دۇنيادا بار مەيخانىدىن نامۇ نىشان،
باشىمىز مەيخانە پىرىن يولىدا خاكۇ توزان.
ھەم قۇلاقتا دەيرى پىرىن ھالقىسى باردۇر ئەزەل،
ھالقا بىرلەمىز ھېمىشە، ھالقا بولغايدۇر ھامان.
قەبرىمىز ئۈستىدىن ئۆتسەڭ، ھىممەت ئەيلەگىل تەلەب،
قىلغۇسدۇرلار زىيارەتگاھ ئانى رىندى جاھان.
پاك پايىڭ كەپتى تەگكەن بۇ زېمىن يىللار مۇدام،
سەجدىگاھى قىبلەئى ھۇشيار دىل بولغاي، ئىشان.
كەت، يوقال، زاھىدى خۇدبىن، كۆزىمىزدىن تا ئەبەد،
پەردە ئارتىندا جاھانىڭ سىرلىرى بىزدىن نىھان.
ئىشقى چۇشكەن گۆزىلىم تۇرك قىزى بۇ كۇن يانا مەست،
ئىشقىدا خۇنى دىلىم بولدى ياقاقلاردىن راۋان.
تەنە ئەتمە مەستنى، ئەي زاھىدكى، ھېچ مەلۇم ئەمەس،
كىم، نېچۇك كەتكەي بۇ ئالەمدىن ۋە بولماسمىز قاچان.
شوقىڭ ئىچرە كىرسە گۆرگە كۆزلىرىم بىل، ئەي نىگار،
تا قىيامەت بولغىچە ساڭا نىگاران ھەر بىر ئان.
ھافىزا، بەختىڭ ئەگەر شۇنداق ئالار بولسا مەدەت،
سۆگىلىك زۇلپى ھەم ئۆزگە قولدا بولغاي بىگۇمان.

* *

گۇل بىروخى يار دىلغا ياقماس،
بىبادە باھار دىلغا ياقماس.
بىزەۋقۇ ساپا ئېرۇر چىمەن ھەم،
بىلالە ئۇزار، دىلغا ياقماس.
بۇلبۇل ئەگەر قىلماس ئېرسە نالە،
سەرۋۇ گۇلۇ خار دىلغا ياقماس.

يەر ئېرسە شەكەر لەبۇ گۇلەندام،
بىبۇسەۋۇ ئار دىلغا ياقماس.
سۇرەت گەر ئېتەر ئېقلنى ھەيران،
بىنەقشى نىگار دىلغا ياقماس.
بولماس ئېسە، ھافىزا، بۇ جانىڭ
يارىڭغا نىسار، دىلغا ياقماس.

* *

كەتمەكتە دىل قولۇمدىن، دىل ئەھلىدۇر سەۋەبكار،
دىلدا نىھان سىرىم ھەم بولغۇسى ئەمدى ئاشكار.
بىزنىڭ كېمە سۇنۇقتۇر، دېڭىز شامالى، قوزغال،
بەلكى يانا كۆرەرمىز ئاشنا يۈزىنى بىر بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەش كۈنلۈك ئۆمر ۋاپاسى ئەپسانەۋۇ، خىيالدۇر،
ئىنسانغا ياخشىلىق قىل، پۇرسەت غەنىمەت، ئەي يار.
گۈل شاخى ئۆزرە بۇلبۇل مەستانە قىلــدى نالە،
تاڭ ئاتتى، ئەي خۇمارى، كەلتۇر شارابنى تەكرار.
ئەي، ساھىبى كارامەت، شۈكرانە قىل سەھەت سەن،
تەرەننۇمىڭنى دەرۋىش ئەھلىگە ئەيلە بىسيار.
بۇ ئالەمۇ ئۇ ئالەم ئاسايىش ئىككى ئىشتىن:
دوستلارغا چىن مۇرۇۋۋەت، ياۋلارغا سۇلھى دەركار.
بىزنى يولاتمىدىلەر ئەسلىدە ياخشى يولغا،
خۇش ياقمىسا دىلىڭغا، قىلغىن قازانى بىكار.
ئاچچىق بۇ سۇنى سوپى دەر: «مەنبەئى پالاكەت»،
قىزلار لىبۇىدىن ئەلا ماڭا شاراب ــ مەدەتكار.
يوقلۇق چېغىدا، ئەي دوست، تەرك ئەتمە ئىشرەتىڭنى،
مەي ــ كىمىيا گادانى ئەيلەر قارۇنچە مالدار.
سەركەشلىك ئەتمە شامدەك، كۆيدۈرمىسۇن دىلىڭنى،
تەپتىدە خادە تاشنى مۇم ئەيلىگۈچى دىلدار.
ئىسكەندەر ئەينىكى ھەم مەي جامىغۇ، نەزەر سال،
دارا دىيارى ھالىن ئۇ ساڭا قىلغاي ئىزھار.
پارسىي زۇۋانلى تۈركلەر، ئۆمرىگە يىل قوشارلار،
ساقى رىندانە مەي تۇت، رەقس ئەيلىسۇن ئەزمكار.
مەيگە تېگىپتۇ جەندە، كىيمەيدۇ ئۇنى ھافىز،
بىزنى كەچۈرگىن ئەمدى، ئەي شەيخى پاك كىردار.

* *

كېلىپ گۈل قاشىغا بۇلبۇل ئەزاندە،
دېدى: «كېبىرىڭنى قوي، كۆپ قىلما خەندە.
جاھان ئايۋانىدا تەنھا ئەمەسسەن،
سېنىڭدەكلەر تولا كۆپ بۇ چىمەنــدە».
دېدى بۇلبۇلغا گۈل: «سۆزۈڭ ھەقىقەت،
شۇنىڭچۈن ئېتىراز يوق جانۇ تەنــدە
ۋەلېكىن قايسى يار يارىغا بۇنداق
قوپال سۆزلەرنى ئېيتقاي ئەنجۇمەندە؟»

* *

جان بىجامالى جانان مەيلى جاھانى يوقتۇر،
مەيلى جاھانى يوقتۇر، دېمەككە جانى يوقتۇر.
ھېچكىمدە دىلبىرىمنىڭ تاپالمىدىم نىشانىن،
يا مەن خەۋەرسىز ئامى، يا ھېچ نىشانى يوقتۇر.
ھەر شەبنەمى بۇ يولنىڭ ئاتەشلى بەھرى ئۇممان،
ھەر دەردى بىر مۇئەممما، شەرھۇ بايانى يوقتۇر.

قولدىن چىقارە كۆرمە پاراغەتى دىمىن ھىچ،
ئەي ساربان، جىلاۋ تارت، يولنىڭ پايانى يوقتۇر.
چاڭ قامىتى ئىگىلگەن، ئىشرەت ئارا چالۇرلار،
چال سۆزىگە قۇلاق سال، ئەسلا زىيانى يوقتۇر.
دىل، رىندلىق تەرىقىن سەن مۇھتەسىبدىن ئۆرگەن،
ئىچىپ يۇرەرغۇ ئەلنىڭ ئۇندىن گۇمانى يوقتۇر.
قارۇن يىغىپتۇ بايلىق، زامان ئىتىپتۇ بەربات،
زەر يىغىمىغىن دىيە ئىيت، ۋاپا ھايانى يوقتۇر.
ئەگەر رەقىبى شامدۇر، ئۇندىن سىرىڭنى تەركىت،
بالىگىنكى شوخ دىلئەفرۇز، بەندى زوۋانى يوقتۇر.
ھىچ كىمسىنىڭ جاھاندا ھافىز كەبى قۇلى يوق،
ھىچ كىمسىنىڭ سىنىڭدەك شاھى زامانى يوقتۇر.

## رۇبائىيلار

كۆز ئوڭۇمدا پەقەت سىنىڭ جامالىڭ،
ئۆتەر يولۇم سىنىڭ كوچاڭ ـ دىۋالىڭ.
ئادەملەر ئۇيقىدىن تاپىدۇ ئارام،
مەندە بولسا تۈنلەر سىنىڭ خىيالىڭ.

پەلەك مىنى سەندىن ئەيلىگەچ جۇدا،
لىۋىمدىن يوقالدى كۈلكە مۇتلەقا.
يۈرىكىمدە چەندان پىراقىڭ غىمى،
بۇنى بىلەر پەقەت مەن بىلەن خۇدا.

دىدىم: «يىغىلسا ھەم مەيلى، دوست ئەھباب،
گۈل مەۋسۇمىدە تەرك ئىتەي مەيى ناب».
چىمەن ئىچرە بۇلبۇل نالان دەر جاۋاب:
«ئەي غاپىل، نىدۇر گۈل پەسلى بىشاراب؟!

خۇررەملىك شارابىن، جانان، ئىلىپ كەل،
شۇم رەقىب ناكەستىن پىنھان ئىلىپ كەل.
ئەغيار: «ئولتۇر!»—دىسە، قۇلاق سالمىغىن،
سەن قۇلاقغ سال ماڭا، چاققان ئىلىپ كەل.

ئۇ پەرى چىھرىنىڭ قەستى ئىدى جان،
ئەمما پەرىلەردەك تۇتاتتى پىنھان.
دىدىم: «ئاغزىڭ كىچىك، گويا تامام يوق!»
دىدى: «يوقتىن ئۈمىد قىلما، ئەي نادان!»

كوچاڭدا مەن كەبى بىخانە يوق ھىچ،
نەزرىڭدە مەن كەبى بىگانە يوق ھىچ.
چىچىڭ زەنجىرىگە ئىسىلغانلار كۆپ،
ئەمما مىنىڭ كەبى دىۋانە يوق ھىچ.

دىلىم قۇشى چۈشتى غىمىڭ دامىغا،
غىمىڭ تىغى يىتەر دىل ئەنجامىغا.
دۇنيا جامىدىكى شەربەتتىن كەچتىم،
جىگەر قانىن تولدۇر غىمىڭ جامىغا.

ھەر كۈن دىلىم دەردۇ بارى ئۆزگىچە،
ھىجرىدە تىكىنەك ـ خارى ئۆزگىچە.
ئىشىم ئوڭلىماقىقا كۆپ تىرىشتىم مەن،
ئەمما بۇ پەلەكنىڭ كارى ئۆزگىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىشقىڭنىڭ غېمىدە يۈرىكىم خۇندۇر،
ھۆسنۈڭ ھېچ ئەقىلگە سىغماس ھۆسۇندۇر.
زۇلپىڭ خىيالىدا غېرىبدۇر دىلىم،
يا خۇدا، شام غېمى غېرىب ئۈچۈندۇر.

مەي ئىچ، ئەبەدىيلىك، ئۆمۈرھىكمىتى شۇ،
ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ خاسىيىتى شۇ.
گۈل لالە پەسلى دوستلار بىلە مەست —
بولالىساڭ، ھايات غەنىمىتى شۇ.

يۈزلىرىڭدۇر خىيال كۆزگۈسىگە روھ،
قەدىمىڭ ئەرتە تاڭ چېغىدا شۇكۇھ.
كۆزلىرىمگە ئاياغ باس دەيمەن، ئەمما،
كىرپىكىم قىلماسمۇ ئايىغىڭ مەجرۇھ.

ۋاپا لاپىن ئۇرغان دوست دۈشمەن بولدى،
ھەر پاكىزە ئىنسان چىرىك - تۆۋەن بولدى.
«كېچە - ھامىلدار» دېگەن گەپقۇ بار،
ئەجەب، بىر مەرد كۆرمەي ئۇ كىمدىن بولدى؟

سۇ بويىدا مەيلە شادان بولايلۇق،
غەم - غۇسسىدىن ئازات خۇشخان بولايلۇق.
ئۆمرىمىز بەش كۈنلۈك گۈلگە ئوخشايدۇ،
خۇش چېھرە، خۇررەمۇ خەندان بۇلايلۇق.

بۇ چۆلدىن ھەمدوستلۇق تاپماس بەربادلىق،
ھەر نەپەس كۆڭۈلگە يېتىشەر شادلىق.
ئۇ بىلەن ھەمدەملىك ئىستەيمەن ھەردەم،
ئۇندىن ئېشەر بۇيى ئادەمىزادلىق.

ئادەمسەن، جىنۇ ھۇر بولۇپ بولمايدۇ،
چۆلدە شىرۇ سۇخسۇر بولۇپ بولمايدۇ.
ئۆز كۆڭۈلگە ئۈچقۇر بولۇپ بولمايدۇ،
ئۆز ئەقلىڭگە مەغرۇر بولۇپ بولمايدۇ.

چەرختىن ئۈمىدىڭنى ئۈزمىگىن دەرھال،
گەردىشىدىن ئىترە مىسلى مەجنۇنتال.
ھېچقانداق رەڭ ئالماس قارا، دېيىشەر،
نېچۈن ئاپئاق بولدى قارا چاچ - ساقال؟

جان جاي تەلەب قىلدى يار زۇلپى ئارا،
بەندىدىن يېڭىلمىش ھەر بەندى بالا.
قاشىدىكى مەھرەم يۈزىن ئاچقان چاغ،
جانىم يار قېشىدا ئەيلىدىم پىدا.

مېيىقىڭدىن ئاي ماتەمسەرا بولىدۇ،
تەكەببۇر بازىرى بىجا بولىدۇ،
مېنى «يالغانچى» دەپ خىجىل ئەيلىدىڭ،
مەلۇم بولدىكىم، يۈزى قارا بولىدۇ.

مېنى ئەسىر ئەتتى شەۋقى بار كىشى،
بويىندا مۇھەببەت تەۋقى بار كىشى.
سەن قانداق بىلىسەن ئىشق لەززىتىنى؛
ئىچكەي بۇ شارابنى زەۋقى بار كىشى.

كىشىلەر بار، مەيدىن ئىچىشەر قەسەم،
گويا شۇنداق تۇرار قىيامەتتە ھەم.
مەيۇ مەشۇق بىلەن بىرگە مەن دائىم،
خاكىمدىن مەي ئىسى پۇرقىرار ئۆلسەم.

مەن دەرۋىش جانىغە جاپادۇر ھىجران،
يارامغا تۇز سېپەر، جىگەر - باغرىم قان.
سەندىن ئايرىلىشتىن قورقىمەن يامان،
مانا، شۇ يامان كۈن كەلدى شۇ زامان.

نە دۇنيا دەۋلەتى ستەمگە ئەرزىر،
نە مەستلىك لەززەتى ئەلەمگە ئەرزىر.
نە يەتتە مىڭ يىللىق جاھان شاتلىقى،
يەتتە كۈن مېھنىتى ۋە غەمگە ئەرزىر.

جاهان گۈزەللىرىنى ئۇۋلايدۇ ئالتۇن،
خوش ـ خوش مېۋىلىرىن تېتىماق مۇمكىن.
نەرگىسقۇ گۈزەللەر تاجىدارىدۇر،
ئۇنىڭمۇ زەرگە باش ئەگكىننى كۆرگىن.

كۆزلەرنىڭ سىلىدىن ئۆمۈر ۋەيرانە،
ئۆمۈر تىزلىكىدىن تولمىش پەيمانە.
غەپلەتتىن تۇر، خوجا، ئۆمۈر هامىمالى
جىهازلىرىن تۇشۇر، خالىدۇر خانە.

ئۇزۇن سۇنبۇلىغا ئېسىلىپ نالان،
دېدىم: «ئىشلىرىمنى ئۇڭشىغىن، جانان!»
دېدى: «زۇلپىمنى قوي، لىۋىمگە يېپىش،
ئۇزۇن ئۆمۈر دېمە، ئەيش ئىستە، نادان!»

نەزەر سال، باغدا گۈل بەختى كۈلگەندە،
گاه بۇلۇت يىغلار، گاه گۈل قىلار خەندە.
گەرچە سەرۋى «ئازادمەن» دەپ ناز قىلار،
راستىن ئېيتسا ئۇمۇ گۈلگىدۇر بەندە.

مەردلىك نېمە، دەرى خەيبەردىن سورا،
كەرەم سىرىن خاجە قەمبەردىن سورا.
هەق پەيزى تەلىپىن قىلساڭ، ئەي هافىز،
سەرچەشمە ساقىيسى — كەۋسەردىن سورا.

كۆزلىرىڭدۇر بابىل سېهرىگە ئۇستاد،
يا رەب، بۇ ئەپسۇننى ئۇنۇتمايدۇ يات.
هۆسۈن قۇلىقىغا هالقا ئىستىبان
هافىز شېئىرلىرىنى ياد ئېتىپدۇر، ياد.

ئەي دوست، كۆڭۈلنى ئۆز مەككار دۇشمەندىن،
قايتىپ كەل، سىپقارغىن مەيى روشەندىن.
ئوچۇق چېهرىلەرگە سەن هەم ياقاڭ ئاچ،
نا ئەهلىلەرگە جاي بەرمە گۈلشەندىن.

خىيالىڭدا كىرپىك قاقمىدىم بىر دەم،
كىرپىكىمگە ياقۇت تېرىدى ئەلەم.
دەردىڭنى بىراۋغا يا ئېيتالمىدىم،
ئۆزۈمدىن ئۆزگىگە سۆزلەلمىدىم هەم.

لىباسىن يەشكەندە ئاشۇ مۇشكىن خال،
هۆسنى تەڭداشسىز ئۇ تولۇن ئاي جامال.
سىينەسىدە دىلى كۆرۈنمەس نازدىن،
زىلال سۇ ئىچىدە قاتتىق تاش مىسال.

ياردىن كىم كۆرۈپتۇ ۋاپا، مەن كۆرەي؟
راهەت بارمۇ چەكمەي جاپا، مەن كۆرەي؟
ئۆمۈرغۇ ئەسلىدە ۋاپادىن يىراق،
كىم كۆرۈپتۇ ئۆمرى باقا، مەن كۆرەي؟

ياخشىسى شارابتىن دىلنى شاد ئېتىڭ،
ئۆتكەن ئارزۇلارنى كەمرەك ياد ئېتىڭ.
نادامەت زىندانى، غەربىي روهنى
ئەقىل بەندىدىن بىر دەم ئازاد ئېتىڭ.

هىجرىڭدە يىغلايمەن شامدىنمۇ ئەفزۇن،
كوزىدەك كۆزۈمدىن ئاقار ياش گۈلگۈن.
دىلىم سىقىلغاندۇر مىسالى قەدەه،
چاك ئۇنى ئىشىتسەم كۆزدىن ئاقار خۇن.

هاياتىم هاسىلى پەقەت قايغۇ، غەم،
يار ئىشقىن مېۋەسى — نادامەت، ئەلەم.
بىر نەپەس تاپمىدىم سىرداشۇ هەمدەم،
بىرەرمۇ يوق غەمخور، مۇنىس دوستۇم هەم.

غەمدىن مۇسەللەسدەك قايىنماق مۇمكىن،
غەم لەشكىرى باسسا، ئايىنماق مۇمكىن.
لەۋدىن مەي جامىنى ئۈزاقلاشتۇرما،
كۆكلەمدە مەي ئىچمەك، ئويىنماق مۇمكىن.

نىگار، سەندىن ئاجراش ئەمەسدۇر ئاسان،
شۇ زۇمرەد مەيىقىڭدا تاپشۇرىمسام جان.
جېنىم ئۇزۇقىدۇر لېۋىڭ ياقۇتى،
بەرمەسمەن، بەرسىمۇ ئاڭا مىڭ مارجان.

سەن بىلەن كېچە تاڭ ئاتتۇردۇم، جانان،
نامەردمەن، ئۆتكۈزسەم سەنسىز بىرەر ئان.
ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، ئابىھاياتنى
نۇش ئەتكەچ لېۋىڭدىن تويۇپ بىئارمان.

ھەي سابا، خەۋەر ئال شوخ دىلدارىمدىن،
ئۇنىڭ غېمى يوقتۇر ئاھۇ زارىمدىن.
ئۇزۇن تۈنلەر ئۇخلار ئۇ ئەيش بۆشۈكىدە،
خەۋەر ئالماي مېنىڭ دىل بىدارىمدىن.

لېۋىڭدىن شەرمەندە غۇنچەئى مەستۇر،
ھەيرانۇ خىجىلدۇر نەرگىسى مەخمۇر.
گۈل قاچان سەن بىلەن تەڭلىشەلىسۇن،
ئۇ ئايدىن نۇر ئالسا، ئاي سەندىن ئالۇر.

زۇلپۇڭ سايىسىدا سۇمەن يېتىشەر،
ياقۇت لەۋدە دۇررى ئەدەن يېتىشەر.
لەۋلىرىڭ ئەيلىگەچ جېنىمنى پەرۋىش،
بۇنداق رۇھ بىلەن جان ۋە تەن يېتىشەر.

شۇ شادلىق ئەلچىسى جامنى بەر قولغا،
نىگاردەك ساغەر دىل كامنى بەر قولغا.
زەنجىر كەبى چېگىل، قايناپ تۇرغان مەي،
مەيلى ئەقلىمگە شۇ دامنى بەر قولغا.

گۈل دېدى: «بولسىدى مېنىڭ پاناھىم،
قاچاتتىم بولسىدى يولۇم، ھەمراھىم.
گۇناھسىزمەن شۇنداق كۆيدۈرىشىدۇ،
ھالىمغا ۋاي، ئەگەر بولسا گۇناھىم».

يېنىمدا دىلبەرۇ قولدا بەربەت، نەي،
خارابە بۇرجىكى، كاۋاپ، كوزا، مەي.
ئازاد ئولتۇرىمىز تومۇرلار قىزىپ،
ھاتەم مىننىتىنى قىلچە كۆتۈرمەي.

ھافىز ئۆزگىن ئەمدى سۇخەن قەدىمىڭ،
سىندۇر بۇ يالغانۇ رىيا قەلىمىڭ.
جىم بول، سۈكۈت ۋاقتى يەتتى ساكىمۇ،
جامنى مەيگە تولدۇر، ئىچكە تارت دېمىڭ.

گۈل كۆردۈم شاھ تەختى ئۆزرە بەرقاراز،
دېدى: «مەرد سۆزىگە بەرگىن ئېتىبار.
بىگۇناھ بالىمەن، مېنى ئۇزۇشتى،
ئاھ، كۆرەر نە ئىشلار سەندەك گۇناھكار».

1985 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ھافىز شىرازى شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

# مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىك ئالىم

# شەمسىددىن سامى

ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى

ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، تالانتلىق مۇھەررىر مەرھۇم شەمسىددىن سامى يانىيا ئۆلكىسىدىكى پرېمىدى ۋىلايىتىگە تەۋە تاغلىق رايوندىكى ناھىيە مەركىزى فراشېردا ① 1850 - يىلى 1 - ئىيۇن كۈنى دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى خالىد بەگ ئېسىلزادىلىك كىشى بولۇپ، بوۋىسى دۇرمۇش بەگ ئوسمانلى دۆلىتىگە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، فراشېردىن سۈيۈرغال تەگكەچكە، شۇ يەرگە يەرلىشىپ قالغان بەگلەردىن ئىدى. ئانا تەرەپتىن سۇلتان مۇھەممەد پاتىھ ② ۋە سۇلتان بايەزىد ③ دەۋرى ئەربابلىرىدىن مىراخور ④ ئىلياس بەگكە تۇتىشىدۇ. توققۇز يېشىدا ئاتىسىدىن، 11 يېشىدا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ش. سامى ئاكىسى ئابدۇل بەگنىڭ تەربىيىسىدە ئۆستى. باشلانغۇچ مەكتەپنى فراشېردا تۈگەتتى. 1894 - يىلى ئابدۇل بەگ ئائىلىسى يانىياغا كۆچكەنلىكى ئۈچۈن ش. سامى بۇ يەردىكى زوسىسمائىيا مەكتىپى ناملىق رۇم (يونان) تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇدى. ئۇ سەككىز يىللىق مەكتەپنى يەتتە يىلدا (1871 - يىل) پۈتتۈردى. زامانىۋى ئۇسۇلدا ئوقۇتۇلىدىغان بۇ مەكتەپتە ش. سامى رۇم (قەدىمكى يونان)، فرانسۇز، ئىتالىيان تىللىرىنى ئۆگەندى. يەنە يانىيا ئىسلام مەدرىسلىرىنىڭ مەشھۇر مۇدەررىسلىرىدە ئوقۇپ، ئەرەبچە، پارسچە تىللارنىمۇ ئىگىلىدى. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ش. سامى ۋالىي مەھكىمىسىدە قىسقا بىر مەزگىل كاتىپ بولدى. 1872 - يىلى ئىستانبۇلغا كېلىپ، قېرىندىشى نەئىم بەگ بىلەن مەتبۇئات ساھەسىدە ئىشلىدى. ش. سامىنىڭ يازغۇچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ھاياتى مۇشۇ يەردە باشلاندى. شۇ يىلى ئۇنىڭ «قىسقىچە فرانسىيە تارىخى» ناملىق دەسلەپكى تەرجىمە ئەسىرى نەشر قىلىندى. شۇ يىلىنىڭ نويابىر ئېيىدا «ھازىقە» ناملىق گېزىتتە ژۇرنالىستلىق ھاياتىنى باشلىدى ۋە دەسلەپكى ئەسىرى بولغان «تەئەششۇقى تەلئەت ۋە فىتنەت» (تەلئەت بىلەن پىتنەتنىڭ مۇھەببىتى) ناملىق رومانى (1872 - 1873 - يىللار) نەشر قىلىندى. يەنە «سۆھراب — ياكى — پەرزەنت كۇش» ناملىق بىر تراگېدىيە بىلەن «ئىككى ئۆلگەن» ۋە «رىقابەت» ناملىق رومانلىرىنى يېزىشقا كىرىشكەنىدى.

1873 - يىلى مارتنىڭ بېشىدا «ھازىقە» گېزىتى پېچەتلەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئور-

www.uyghurkitap.com

نىغا ئەبۇ زىيا تەۋپىق ⑤ «سىراج» ناملىق گېزىت چىقاردى. ش. سامى بۇ گېزىتتە
مۇھەررىر ۋە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى. كۆپ ئۆتمەستىن «ۋەتەن ياكى سىلىستىرە ها-
دىسىسى» ⑥ ئاقىۋىتىدە يەنە 1873 - يىلى 9 - ئاپرېل كۈنى «سىراج» گېزىتى پېچەتلى-
نىپ، نامىق كامال ⑦، ئەبۇزىيا تەۋپىقلەر سۈرگۈن قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل
گېزىتچىلىك چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىدى. مۇشۇنداق كۈنلەردىمۇ ش. سامى مەتبۇئات ساھە-
سىدە قەلىمىنى توختاتماي ئەدەبىي پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. 1873 - يىلى «گالات-
بى» ناملىق ھېكايىسىنى يازدى، «ياشانغان ئۇنىبېشى» ماۋزۇلۇق ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ،
نەشىر قىلدۇردى ھەمدە شۇ يىللارنىڭ مودىسى بويىچە «ئەھدۇ ۋاپا» (بېسا) ناملىق ترا-
گېدىيىسىنى يازدى. بۇ ئەسىرى 1874 - يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ گىدىك پاشا تىياتىرىدا
ئوينىلىشقا باشلىدى.

ترابلۇس غەرب⑧ ۋىلايەت گېزىتىگە بىر باشلىق سورالغاندا، ش. سامى مەتبۇئات ئىدارىسى
تەرىپىدىن ئۇ يەرگە ئەۋەتىلدى. ش. سامى ئاۋۋال يۇرتى يانىغا كېلىپ، ئاندىن يېڭى
خىزمىتىگە ماڭدى. سەپەردە برىندىسى، ناپولى، مىسسىنا ۋە مالتا ئارقىلىق ماڭغاچقا،
بىر تۈركۈم ياۋروپا شەھەرلىرىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيـ-
يدى. بۇ يەردە بىر مەزگىل ئىشلىگەن ش. سامى 1875 - يىلى ئىستانبۇلغا قايتتى. نا-
مىق كامال، ئەبۇ زىيا تەۋپىق باشچىلىقىدىكى «تەسۋىرى ئەپكار» مەتبەئەسىدە «يېڭى
مەتبۇئات» نامى بىلەن بىر كىتابلار كۈللىياتى چىقىرىشقا باشلىدى. 1876 - يىلى دېكابىر-
دىن باشلاپ رودوس ⑨ ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان ئەبۇ زىيا تەۋپىق نامىدىن «مۇھەر-
رىر» مەجمۇئەسىنى باشقۇردى. سۇلتان ئابدۇلئەزىز ⑩ تەختتىن چۈشۈپ، ئەبۇزىيا تەۋ-
پىق رودوستىن قايتقىچىلىك «مۇھەررىر» ناملىق مەجمۇئەنىڭ تۆت سانى ش. سامى
نامىدىن چىقىرىلغانىدى. بۇ ۋاقىتلاردا نامىق كامال بىلەن ئارىسى بۇزۇلغان ئەبۇزىيا تەۋ-
پىقنى ياراشتۇرۇش ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ش. سامى بۇلار بىلەن مەكتۇپلىشىپ تۇردى.
مۇشۇ يىلى «تەسۋىرى ئەپكار» مەتبەئەخانىسىنى ئىجارىگە ئالغان مېھران ئەپەندى ۋە
ئىمتىياز ئىگىسى پاپادوپولوس ئاتلىق بىر رۇملۇق بىلەن «ساباھ» گېزىتىنى چىقاردى.
جىددىي ۋە مەزمۇندار بولغان بۇ گېزىت بىر ۋەقە تۈپەيلى مەلۇم ۋاقىت توختىتىپ قويۇلدى.

1877 - يىلى ش. سامى جازائىرى بەھرسەفىد⑪ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن ساۋا پاشا-
نىڭ مۆھۈردارى بولۇپ رودوسقا كەتتى. مۇشۇ يىلى پارتلىغان تۈرك - رۇس ئۇرۇشىدا،
رۇسلارنىڭ بالقاندىكى ئىلگىرىلەشلىرى تۈپەيلى، رودوستا بەش يىل ئىشلىگەن ش. سامى
مۆھۈردالىق خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، يازدا يانىياغا كەلدى ۋە ئابىدىن پاشانىڭ⑫ رە-
ئىسلىكىدە قۇرۇلغان ئەسكىرىي كومىتېتتا بىرنەچچە ئاي كاتىپلىق قىلدى.

1878 - يىلى ش. سامى ئىستانبۇلغا قايتىپ كېلىپ، مېھران ئەپەندى چىقارغان
«تەرجىمانى شەرق» گېزىتىگە مۇھەررىر بولۇپ كىردى. بۇ گېزىتتە ئۇ «شۇندىن - بۇندىن»
ماۋزۇسى بىلەن يازغان قىسقا ماقالىلىرى تۈپەيلى «شۇندىن - بۇندىنچى» دەپ نام ئالغا-
نىدى. ش. سامى بۇ گېزىتتە نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، بولۇپمۇ 1878 - يىلى
بولغان بېرلىن يىغىنى ۋاقتىدا ھەم ئارقىدىنلا ئۇلىشىپ كەلگەن رۇم ئېلى ۋە بالقان مە-

سىلەلىرى ئۈستىدە كۆپ ماقالىلەر يازدى. ئالبان زېمىنلىرىدىن بىرقىسمىنى بېرىش ھەققە-
دىكى ئاياستافانۇس مۇئاھىدىسى نەتىجىسىدە تۇغۇلغان بېرلىن كونگرېسى قارارلىرىدىن
كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەن «ئالبان بىرلىكى» ھەرىكىتىدە ش. سامىنىڭ ئاكىسى ئابدۇل
بەگ (ئابدۇللا ھوسنى) ئالدىنقى قاتاردا رول ئوينىغانىدى. ئالبان مەسىلىسىدە ئىستان-
بۇل مەتبۇئاتىدىكى بەزى تۆھمەتلەرگە قارشى ئالبانىيەدە تۇغۇلغان بۇ ھەق سۆز مۇھەررىر
ماقالىلىرىدە، نۇتۇقلىرىدا ئالبانلارنى مۇداپىئە قىلاتتى ۋە ئالبانلارنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرا-
تورلۇقىدىن ئايرىلىش ھەرىكىتىدە بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئەھمەد مىدھەت ئەپەن-
دى[13] ش. سامىنىڭ ئالبان مەسىلىسىدىكى قاراشلىرىنى تەنقىدلەپ ماقالە يازغىنىدا،
«تەرجىمانى ھەقىقەت» گېزىتىدە جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى. 1879 - يىلى ش
سامىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلىرى توپلانغان «ئارناۋۇتلۇق نەئىدى،
نەدۇر، نە ئولاجاق؟ (ئالبانىيە نېمە ئىدى، نېمىدۇر، نېمە بولغۇسى؟) » ناملىق بىر توپلىمى تۈرك،
ئالبان، فرانسۇز تىللىرىدا بۇكرەشتە[14] بېسىلغانىدى. مۇشۇ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىتنىڭ[15]
رۇخسىتى بىلەن ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان «ئارناۋۇت (ئالبان) ئىلمىي جەمئىيىتىنى» قۇرغان
ئابدۇل بەگ، ۋاسا ئەپەندى، يوۋان ۋرېتوئالار قاتارىدا ش. سامىمۇ بار ئىدى. جەمئى-
يەت قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ش. سامى ئالبان تىلىنىڭ لاتىن ھەرپلىرىنى ئاساس قىل-
غان ئېلىپبەسىنى تۈزۈپ چىقتى. ش.سامى يەنە ئالبان تىلىنىڭ گرامماتىكىسىنىمۇ يازغانىدى.
1878 - يىلى «تەرجىمانى شەرق» گېزىتىنىڭ يېپىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن گېزىت-
چىلىك ھاياتى ئاخىرلاشقان ش. سامى «شەيتاننىڭ يادىكارلىرى» ناملىق يىرىك بىر رو-
ماننىڭ تەرجىمىسىگە كىرىشتى. ئۇ 1879 - يىلدا مېھران ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە «چەپ
كۈتۈپخانىسى»نى قۇرۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە بەس - مۇنازىرە قىلىدىغان تۈرلۈك
ئىلىم ساھەلىرىگە ئائىت، شۇنداقلا ئېنسىكلوپېدىك خاراكتېرغا ئىگە كىتابچىلەرنى نەشىر
قىلىشقا كىرىشتى.

ش. سامى 1880- يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىتنىڭ تەلىپى بويىچە سارايدا قۇرۇل-
غان «ھەربىي تەپتىش كومىسسىيىسى»نىڭ كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى. دەرىجىسى ئۆرلەپ
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلىنىپ قالغان بۇ ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا كەڭ دائىرىلىك تەتقىقات ۋە
ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئاپتورنىڭ يىرىك
ۋە مۇھىم ئەسەرلىرى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. بۇيەردە
تەرجىمىلىرىنىڭ ئەڭ يىرىكى بولغان «سەفىلەلەر» ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. 1880 - يىلى «ئائىلە»،
ئارقىسىدىنلا 1881 - 1882 - يىللىرى «ھەپتە» ئىسىملىك ئىككى مەجمۇئە چىقارغان ش.
سامى 1882 - 1883 - يىللىرى چوڭ ئەسەرلىرىنىڭ دەسلەپكىسى بولغان «فرانسۇزچە،
تۈركچە قامۇس» نى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئەسىرىنىڭ نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن ش. سامى-
نىڭ يېزىقچىلىق ھاياتىدا، تۈركىيە جامائەتچىلىكىدە ئالاھىدە بىر ئورۇن ئىگىلىگەن لۇغەت-
چىلىك دەۋرى باشلىنىدۇ. 1884 - يىلى ئۇ ئۆيلىنىپ ئائىلىلىك بولىدۇ. 1885 - يىلغىچىلىك
ئىككى يىل داۋام قىلغان ئىلمىي ئەمگىكى بىلەن «تۈركچە - فرانسۇزچە قامۇس»نى نەشر-
دىن چىقىرىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۇلتان ئابدۇلھەمىت ئاپتورغا «ئۇلاسىنپى سانىسى»[16]

ئىلمىي ئۇنۋانى ۋە «ئىپتىخار» ناملىق مېدال بېرىدۇ. ش. سامى كېيىنكى يىللىرىنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمىدى. «ئوسمانلىچە» نىڭ كەڭ ۋە ئىشەنچلىك لۇغىتىنى ئىشلەپ چىقتى. يەنە جەپ كۈتۈپخانىسى كۇللىياتىنىڭ باشقا كىتابلىرىنى تاماملاشتىن باشقا بىرقانچە كىچىك ئەسەر ۋە تەرجىمىلىرىنىمۇ چىقتى. 1886 - يىلى «فرانسۇزچە كىچىك قامۇس» نى ئىشلىدى. ش. سامى 1888 - يىلدىن 1899 - يىلغىچە بولغان 12 يىللىق ئۆمرىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىگەن زور ئىلمىي ئەمگىكى ئالتە توملۇق «قامۇسۇل - ئەئلام»نى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. 1893 - يىلى ئۇنىڭ رەپىقىسى ۋاپات بولىدى، بىر يىلدىن كېيىن يېڭىدىن تۇرمۇشلۇق بولغان ئاپتور يىرىك ئىلمىي پائالىيىتى («قامۇسۇل - ئەئلام»)نى تۈگەتمەستىنلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر غەيرەت ۋە ھوجۇم بىلەن «قامۇسى ئەرەبى» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدى. ئارقىدىنلا 1898 - يىلى «فرانسۇزچە قامۇس» نى قايتىدىن كېڭەيتىپ، ئىككىنچى نەشرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە «قامۇسۇل - ئەئلام» نىڭ ئاخىرقى جىلدىنى پۈتتۈردى.

ش. سامى بۇ يىللاردا ئەرەبچە ۋە پارسچىلىشىپ بۇزۇلغان ۋە ئوسمانلىچە دەپ ئاتالغان تۈرك تىلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىگە دائىر كۆپ ماقالىلەر يېزىپ، تىلنى تۈركچىلەشتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «قامۇسۇل - ئەئلام»نى پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، چارچاشنى بىلمەيدىغان بۇ ئىلىم خادىمى «قامۇسى تۈركى» نى يېزىشقا باشلىدى.

مېھران مەتبەئەخانىسىنىڭ ئېغىر شەرتلىرىگە چىدىمىغان ش. سامى «قامۇسى ئەرەبى» بىلەن كېيىنكى ئەسەرلىرىنى بابى ئالىي ⑰ دا ئىجارىگە ئالغان بىر مەتبەئەدە ئۆز ھېسابىغا باستۇرغانىدى.

1899 - يىلى ش. سامى «كۈتۈپخانەئى مۇنتەخەبات» (كۈتۈپخانىدىن تاللانمىلار) نامى ئاستىدا بىر نەشر سېرىيىسى قۇرۇپ، ئالدى بىلەن 1899 - يىلى 1900 - يىللاردا باقى ⑱ نىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ۋە ئەلى بىننى ئەبۇتالىبنىڭ ⑲ «شېئىرلار تاللانمىسى» نى نەشر قىلدى.

1901 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «قامۇسى تۈركى» نى تاماملىغان ئاپتور ھاياتىنىڭ قالغان يىللىرىنى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئاتايدۇ. 1902 - يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ، 1903 - يىلى ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىلىرىنى، ھەم «تۇھفە تۈز - زەكىيە فى لۇغەتىت - تۈركىيە» نىڭ مەتىن ۋە تەرجىمىسىنى ئىشلەپ چىقىدۇ. 1904 - يىلى ئۇ «لەھجەئى تۈركىيەئى مەمالىكى مىسىر» نامى ئاستىدا «قىپچاق تۈركچىسىنىڭ ئومۇمىي لۇغىتى» نى ھازىرلىدى. ئەپسۇسكى ماددىي ئىمكانسىزلىقلار ۋە سالامەتلىكى تۆپەيلى بۇ كېيىنكى مۇھىم ئەسىرىنى باستۇرۇشقا پۇرسەت بولمىغانىدى.

ئۆمۈر بويى تىنماي - ھارماي قەلەمكەشلىك قىلغان بۇ مۇئەللىپ 1904 - يىل 19 - ئىيۇن كۈنى - 54 - يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى، ئالىمنىڭ پۈتۈن تۈركىيىدە ئومۇمىي مۇسىبەت قايغۇسىغا سەۋەب بولغان ۋاپاتى مەتبۇئاتتا كەڭ تەسىر ئويغاتتى. مەسىلەن، «چوك بىرخەۋەر ــ شەمسىدىن سامى بەگنىڭ ۋاپاتى» ئىقدام گېزىتى؛ «چوك بىر يوقىتىش» ساباھ گېزىتى؛ «چوك يوقىتىش ــ مەرھۇم شەمسىدىن سامى» ئەھمەد ئېھسان «سەرۋە-

تى فۇنۇن»؛ چەت ئەللەردىكى «ژۇن (ياش) تۈرك» نەشرىياتلىرىدىمۇ مەرھۇمنىڭ پائالىيەتلىرىدىن، ئىلغار پىكىرلىك ئىكەنلىكلىرىدىن بەھس قىلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىندى («ئىجتىھاد» جەنۋە. ئابدۇللا جەۋدەت). مىسىر مەتبۇئاتلىرىدىمۇ شەمسىددىن سامىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ماقالىلەر ئېلان قىلىنغانىدى.

مەرھۇم شەمسىددىن سامىنىڭ قەبرى ئىستانبۇل ۋىلايىتى قازىكوي ناھىيىسى ئېرەنكويدە سەھرايى جەدىد جامەئى ئۆدۈلىدىكى قەبرىستانلىقتا مەرھۇمە رەپىقىسىنىڭ مازىرى يېنىغا دەپنە قىلىنغان بولۇپ، بۈگۈنگىچە بىر خاتىرە تاشتىن مەھرۇمدۇر.

مەرھۇم ش. سامى تۈرك ئەدەبىياتى ۋە تەپەككۇرى دۇنياسىدا ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان سىمالاردىن بىرىدۇر. ئۇ ئىلمىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە ئەسەر يازغان بىر مۇھەررىر ۋە مۇئەللىپ. ئۇنىڭ گېزىتچىلىك بىلەن باشلانغان يېزىقچىلىق ھاياتى ئەدەبىي پائالىيەت، تەرجىمە، مەجمۇئەچىلىك، ئېنسىكلوپېدىيىچىلىك تىل ۋە لۇغەتچىلىك پائالىيەتلىرىگە قاراپ راۋاجلانغان بىر جەرياندىن ئىبارەت بولۇپ، كېيىن گېزىتچىلىك، رومان، تىياتىر ۋە مەجمۇئەچىلىككە ئىككىنچىلەپ قايتمىغانىدى. گېزىتچىلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇغۇللىنىۋاتقان چوڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، پىكىر ۋە تىل ساھەسىدىكى ماۋزۇلاردا يازغان ماقالىلىرى بىلەن داۋام قىلىنغانىدى.

## ئەدەبىي ئەسەرلىرى

1. «تەئەششۇقى تەلئەت ۋە فىتنەت» (تەلئەت بىلەن پىتنەتنىڭ مۇھەببەتلىشىشى) ناملىق سەھنە ئەسىرى شۇ دەۋردىكى سەھنىلەردە كۆپ ئوينالغان، ياشلارنى ئۆزى خالىمىغانلار بىلەن ئۆيلەندۈرۈشتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر ئەسەر بولۇپ، بەزىلەر بۇ ئەسەرنى تۈركىيە ئەدەبىياتىدا غەرب ئىستىلىدا يېزىلغان دەسلەپكى رومانتىك ئەسەر دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئەسەر 1964 - يىلى ئەنقەرەدە يېڭى لاتىن ھەرپى بىلەن قايتا بېسىلدى.

2. «سۇھراب» ياكى «پەرزەند كۇش». بۇ تىراگېدىيىلىك ئەسەر. 1874 - ۋە 1876 - يىللاردا ئاپتور ئۈچ سەھنە ئەسىرى يازغانىدى. ش. سامى سەھنە ئەسەرلىرىدە ئىشقىي سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق مىللىي، تارىخىي، ئەخلاقىي ئەنئەنىلەر ئاساسىدىكى تېمىلارنى يازغان بىر ئاپتوردۇر.

3. «ئەھدۇ ۋاپا» (بېسا) بۇ سەھنە ئەسىرىدە: ۋەتىنىگە قايتىۋاتقان، ئېرى ئۆلتۈرۈلۈپ، قىزى بۇلاپ كېتىلگەن ۋە ئۆزى قۇتۇلۇپ قالغان بىر ئايالنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن. ئايال ئۇ بۇلاڭچىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم قىلىدۇ. تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. ئانىنىڭ ئۆز قەسىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئابدۇلھەق ھامىد[20] بۇ ئەسەرنى «مىللىي پىيەسسىلەرنىڭ ئۈرنىكى» دەپ يازغانىدى.

4. «سەيدى يەھيا» بۇ ئەسەر تارىخىي ماۋزۇدا يېزىلغان بولۇپ، ئەندۇلۇس[21] تا-

رىختىنىڭ پارچىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر سەھنە ئەسىرىدۇر.

5. «گاۋە» [22] بۇ ئەسەر «شاھنامە» ئەپسانىلىرىدىن ئىلھاملىنىپ يېزىلغان سەھنە ئەسىرى بولۇپ، زەھھاكنىڭ [23] زۇلمىغا قارشى چىققان تۆمۈرچى گاۋە ۋەقەسىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئەسەر سۇلتان ئابدۇلئەزىز تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن سۇلتان مۇراد۷ [24] زامانىدا نەشر قىلىنغانىدى. ش. سامىنىڭ دراما ئەسەرلىرى سەھنە تەلەپلىرىگە مۇۋاپىقلىقى، ۋەقەلىرىنىڭ تەرتىپى، سەھنە تىلىغا ئۇيغۇنلۇقى ۋە دەۋرىگە نىسبەتەن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تەبىئىي بولۇشى، يارىتىلغان تىپلىرىنىڭ مۇبالىغىدىن يىراق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى باشقا سەھنە ئەسەرلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. ئاپتور ھايات ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنى تەتقىق ۋە تەھلىل قىلغان كىچىك بىر كىتابچىمۇ نەشر قىلىنغانىدى.

## تەرجىمىلىرى

ش. سامى ئىجادىي پائالىيىتىنى باشلىغان دەسلەپكى 12 يىللىق جەريانىدا تەرجىمە خىزمىتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ياۋروپا ئەدەبىياتىدىن قىلغان تەرجىمىلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن كۆپ. ئاپتور 1885 - يىلغىچە فرانسۇزچىدىن تۈركچىگە چوڭ - كىچىك بولۇپ ئالتە ئەسەر تەرجىمە قىلدى. تەرجىمىدە تۈرك خەلقى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەر تاللانغانىدى:

1. «سەفىللەر» فرانسۇز يازغۇچىسى ھېيوگونىڭ ئەسىرى. بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى باشتا مەنئى قىلىنىپ، سېتىلمىغاچقا چالا قېلىپ، ۋاپاتىدىن كېيىن تولۇق تەرجىمىسى ھەسەن بەدرىددىن تەرىپىدىن تاماملاندى ۋە يېڭى لاتىن ھەرپى بىلەن بېسىلدى (1934 - يىل).

2. «روبىنسون» ئىنگلىز يازغۇچىسى دانىئېل دېفونىڭ ئەسىرى. ش. سامىنىڭ تەرجىمىسى ئەسلى كىتابتىن بولماستىن، باللار ئۈچۈن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان فرانسۇزچە تەرجىمىسىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغانىدى.

3. «شەيتاننىڭ يادىكارلىرى» ھەجمى جەھەتتىن چوڭ ئەسەر بولسىمۇ، ئەدەبىي قىممىتى يوق بىر ماجىرا رومانىدۇر.

4. «گالاتېي» بۇنىڭ تەرجىمىسى تۈركىيىدە كۆپ ئالقىشلانمىدى.

5. «ياشانغان ئونبېشى» بۇ تراگېدىيىلىك ئەسەر تۈركىيىدە كۆپ ئوينالغانىدى.

6. «خوردەچىن» بۇ تەرجىمە ئەسىرىدە تەرجىمان پارس شائىرلىرىنىڭ تەزكىرىلىرىدىن تاللانغان نەزمىلەرنى توپلىغانىدى (1885 - يىل).

7. «ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب» ھەزرىتى ئەلىنىڭ دىۋانىدىن تاللانغان بىر قىسىم شېئىرلار بولۇپ، ئىزاھلىق تەرجىمە بىلەن چىقىرىلغان ئىككى كىچىك توپلامدۇر.

8. «ئورخۇن ئابىدىلىرى» مەنىۋى ھاياتىدا تۈركلوگىيە تەتقىقاتى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن كېيىنكى يىللاردا ش. سامىنىڭ تەرجىمە پائالىيىتىدە يېڭى بىر يۈزلىنىش كۆرۈندى. شۇڭا ئۇ «ئورخۇن ئابىدىلىرى» نى غەرب تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلدى.

و. «قۇتادغۇ بىلىگ» تۈركىيىدە «قۇتادغۇ بىلىگ» تەتقىقاتى ۋە تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىچىدە ش. سامىنى تىلغا ئالماي ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس.

تەرجىمە ساھەسىدە ش. سامى ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە تەرجىمە قىلغاچقا، ئۆز دەۋرىدە سۇلايمان نەزىپ، ئابدۇلھەق ھامىت، خالىد زىيا ... لارغا ئوخشاش يازغۇچى - ئەدىبلەرنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان بولسا، ئەھمەد مىدھەت ئەپەندىگە ئوخشاش يىرىك قەلەمكەشلەرنىڭ قوللىشىغىمۇ ئىگە بولغانىدى.

## تىلغا دائىر ئەسەرلىرى

ئوقۇ - ئوقۇتۇش، مائارىپ ئىشلىرىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان ش. سامى بىر تۈركۈم ئەمەلىي تىل دەرسلىكلىرىنى يازغانىدى:

1. كىچىك ئېلىپبە. ئەرەب ئېلىپبەسىنى قولاي ئۆگىنىش ئۈچۈن تۈزگەن ئېلىپبە بولۇپ، قايتا - قايتا بېسىلدى.

2. يېڭى ئۇسۇلدىكى تۈرك ئېلىپبەسى. كىچىك ئېلىپبەدىن كېيىن تېخىمۇ ئاسان ساۋات چىقىرىش ئۈچۈن تۈزگەنىدى.

3. يېڭى ئۇسۇلدىكى تۈركچە مورفولوگىيە. بۇرۇنقى گرامماتىكىلارغا ئوخشىمايدىغان يېڭى ئۇسۇلدا تەجرىبە قىلىپ يېزىلغان تىلغا ئائىت كىتاب.

4. تۈركچە ئوقۇش كىتابى.

5. يېڭى ئۇسۇلدىكى تۈركچە سىنتاكسىس. بۇ ئىككى ئەسىرى بېسىلمىغانىدى.

6. ئەرەبچە مورفولوگىيە (تەسرىفاتى ئەرەبىيە) ئەرەبچە ئۆگىنىش ئۈچۈن يېزىلغان.

7. ئەرەبچىنىڭ يېڭى ئۇسۇلدىكى قائىدىلىرى (ئۇسۇلى جەدىدى قەۋائىدى ئەرەبىيە) 1900 - يىلى يېزىلغان.

8. ئەمەلىي ئەرەبچە (تەتبىقاتى ئەرەبىيە) 1901 - يىلى يېزىلغان. ئاپتور بۇ ئەسەرنى كونا ئۇسۇلدا تىل ئۆگىنىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل ئۆگىنىشنى قولايلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن يازغانىدى.

## لۇغەت ۋە ئېنسىكلوپېدىيىگە دائىر ئەمگەكلىرى

ش. سامى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەسلى ئورنىنى لۇغەتچىلىك ساھەسىدە ۋە تۈركىي تىل مەسىلىلىرى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن كۆرسەتتى. ش. سامى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى 23 يىلىنى ئېنسىكلوپېدىيە ۋە لۇغەتچىلىك بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى بۇ يىرىك ئالىمنى كىچىك ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا لۇغەتچىلىكنىڭ ئالاھىدە ۋە كۆپ مېۋە بەرگەن بىر سىماسى دەرىجىسىگە كۆتۈردى. ئۆز دەۋرىدە ئالدىنقىلارنىڭ ھېچبىرى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان لۇغەتچىلىك ۋە ئېنسىكلوپېدىيىچىلىك ئىشىنى يالغۇز ئۆز ئۈستىگە ئالغان ش. سامى بۇ ساھەنى ئاخىرغىچە تاشلىمىغانىدى. ئاپتور دەسلەپ «فرانسۇزچە - تۈركچە لۇغەت» تىن ئىشىنى باشلاپ، ئاخىرىدا تۈركچىنىڭ ئەڭ مۇتىۋەر لۇغىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

1. «قاموسى فرانسەۋى» (فرانسوزچە قاموس). ش. سامىنىڭ لۇغەتچىلىك ساھەسىدىكى دەسلەپكى ئەمگىكى بولغان بۇ فرانسوزچە - تۈركچە قاموس شۇ دەۋردە مەيدانغا چىققان لۇغەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن يۇقىرى تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ لۇغەت نەشر قىلىنىش بىلەنلا ش. سامىغا تۈركىيىدە قىزغىن تەبرىك ۋە تەشەككۇرلار يېغىپ كەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋەھبى ناملىق بىر كىشى «تەرجىمانى ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ 1883 - يىللىق سانلىرىنىڭ بىرىدە سامى بەگ ئەفەندىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ: «‹قاموسى فرانسەۋى› يېڭىدىن ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ئىزدەلگەن لۇغەت بولۇپ، دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ۋە كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارنىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب بەرگەن بىر ئەسەردۇر. شۇنىڭدەك مىللىي ئاپتورلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك لۇغەتلەرنى ئىشلەشلىرىگە يول ئېچىپ بەردى ھەم كېيىنكى بارلىق لۇغەتلەرگە مەنبە بولدى...» دەپ يازغانىدى. شۇ دەۋرنىڭ فرانسوزچە ئۆگىنىۋاتقان بەزى تىل ھەۋەسكارلىرى: «بۇ لۇغەت بىزنى ئاتالمىلارنى تېپىش قىيىنچىلىقىدىن، ئىزاھى تۈركچە بولمىغان يات لۇغەت كىتابلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزدى...» دەپ يېزىشتى (مەسىلەن، خالىد زىيا ئۇشاقلىگىل، ئەھمەد ئېھسان قاتارلىقلار). «قاموسى فرانسەۋى» ئاپتور تىرىكى ھايات چېغىدىكى 18 يىل ئىچىدە ھەر قېتىمقى باسمىسى تۈزىتىلىپ تولۇقلانغان ھالدا ئۈچ قېتىم بېسىلدى. ئاپتورنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ھۈسەيىن جاھىد يالچىن[25] ۋە سۇلايمان نەزىپلەرنىڭ[26] مۇھەررىرلىكىدە يەنە ئىككى قېتىم بېسىلدى.

2. «تۈركچە - فرانسوزچە قاموس». لۇغەت ساھەسىدە دەسلەپكى لۇغىتىنىڭ قارشى ئېلىنغانلىقى ۋە ئېھتىياج تۈپەيلى ئىككى يىل ئۆتمەيلا (1883 - 1885) 1208 بەتلىك «تۈركچە - فرانسوزچە قاموس» نەشردىن چىقتى. شۇ دەۋردە ئوسمانلى تۈركىيىسىدە ھېچكىم مۇنداق ئېھتىياجغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك بىر لۇغەت ئىشلىمىگەنىدى. ئاپتور بۇ لۇغىتىدە تۈركچىدە قوللىنىلمىغان ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى تولۇق ئېلىش بىلەن تۈركچە سۆزلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بەرگەنىدى. تۈركچىدىن باشقا تىللارغا ئىشلەنگەن لۇغەتلەرنىڭ يېتەرسىزلىكى ئالدىدا، فرانسوزچە قارشىلىقلىرىنى بەلگىلەش ۋە بېكىتىشتىن بۇرۇن، شۇ دەۋردىكى كىتابخانلار ئۈچۈن تۈركچە سۆزلەرنىڭ فرانسوزچە قارشىلىقىنى تاپقىلى بولىدىغان سۆزگە باي بولۇشى جەھەتتىمۇ بۇ «تۈركچە - فرانسوزچە قاموس» ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىدى. ئاشۇ دەۋر تۈركىيىسىدە ئەھمەد ۋەپىق پاشانىڭ[27] «لەھجەئى ئوسمانى» ناملىق لۇغىتىدىن باشقا تۈركچىگە خاس بىر لۇغەتنىڭ بولمىغانلىقى، ئاپتورنى بۇ لۇغەتنى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ھەقىقەتەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ لۇغەت تۈركچە ئۈچۈن يات تىللاردا بولغان لۇغەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ قالدى.

3. «قاموسۇل - ئەئلام» ئومۇمەن تارىخ، جۇغراپىيە ۋە مەشھۇر ئادەملەر ئېنسىكلوپېدىيىسى بولۇپ، بۇ ئەسەر شەرق مۇسۇلمانلىرىغا ئائىت نۇرغۇن ساندىكى ماددىلىرى بىلەن بىر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى خاراكتېرىنى ئالىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ تۈركىيىدە قاموسقا بولغان ئېھتىياج كۈچەيگەچكە، ئەلى سۇئاۋى[28] ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ تەشەببۇسلىرى بىلەن 1870 - يىلى «قاموسۇل - ئۇلۇم ۋەلمەئارىپ» (ئىلىم

لەر ۋە مائارىپ قامۇسى) ناملىق قامۇس تۈزۈلگەن بولسىمۇ بۇ تەشەببۇس يېرىم يولـدا
توختاپ قالغانىدى. كېيىن ئەھمـەد رىپئـەت [29] 1882 - 1883 - يىلـلىـرى «لۇغاتى
تارىخىيە ۋە جۇغراپىيە» (تارىخ ۋە جۇغراپىيە لۇغىتى) سىنى چىقىرىـشـقا كىرىـشـتى.
1876 - يىلىدىن باشلاپ ش. سامى بەگ «مۇھەررىر»، «ھەپتە» ناملىق ئۆزى باشقۇرۇ-
ۋاتقان مەجمۇئەلەردە بوئۇ ئىللەت [30] نىڭ «ئۇنىۋېـرسال تارىخ ۋە جۇغراپىيە لۇغىـتى»
ئاساسىدىكى «قامۇسۇل - ئەئلام»نىڭ ماددىلىرى يېزىلىپ، تەرجىمە قىلىنىدى ۋە نەشىر قىلىنىشقا
باشلىدى. خەلق ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىپ تەشەككۇرلار بايان قىلىشتى. «قامۇسۇل - ئەئـ-
لام» ئۇنىۋېرسال تارىخ ۋە جۇغراپىيە ھەم شەرق ۋە غەربكە دائىر خاس ئىسىملار لۇ-
غىتى بولۇپ، تارىخىي، دىـنىي، ئىلمىي ئاتالما ۋە ئىبىرلەردىـن ئىبارەت ئىدى. مەنبە-
لەر ئارىسىدا غەرب مەنبەلىرى بولغىنىدەك ئىسلام ۋە شەرق ساھەسى سىرتىدىـكى نۇر-
غۇن ماددىلارنى ئاپتـور قۇرمۇ قۇر تەرجىمە قىلدى ياكى بوئۇ ئىللەتنىڭ ئەسىرىـدىن
ئالالاپ ئالغانىدى. «قامۇسۇل - ئەئلام» بوئۇ ئىللەتنىڭ ئەسىرىگە قارىغاندا ھەجمى چوڭ
(6 توم، 4830 بەت) بولۇپ، ش. سامى كېڭەيتىپ يازدى ۋە نۇرغۇن ماددىلارنى قوشـ-
تى. مۇھىم بىر تەرىپى شۇكى، ئاپتور شەرق ۋە غەرب مەنبەلىرىدە بولغان ماددىلاردىن
زۆرۈر بولمىغانلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ ياكى قىسقارتىپ، كىتابخانلارنىڭ ئىلمىي ئېھتىيا-
جىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، مۇھىم ماددىلارنى قالدۇرماي، كېڭەيتىپ يازدى.

غەرب ئېنسىكلوپېدىستلىرى ئەھمىيەت بەرمەي قالغان شەرق ئىسلام دۇنياسى ۋە
ئوسمانلى مۇھىتىغا مۇناسىۋەتلىك ماددىلارغا ئالاھىدە دەرىجىدە ئورۇن بېرىشكە تىرىشقان
ئاپتور بۇنداق ماتېرىياللارنى بىۋاسىتە شەرق مەنبەلىرىدىن ئېلىپ، باشقا ساھەلەرگە دائىر
پۈتۈن ماددىلارنى بوئۇ ئىللەت، گ. ۋاپېرېئو، ۋ. دې سائىنت - مارتىن، ئا. دانتېس قا-
تارلىق ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلاندى. ئاپتور ئەرەبچە، پارسچە بىلگەچكە شەرقنىڭ
قەدىمكى ۋە تونۇلغان كىتابى «تەبەقات» تەرجىمىھال، ئېنسىكلوپېدىـيىلـىرى شائىـرلار
تەزكىرىلىرى ۋە جۇغراپىيە كىتابلىرى ھەمدە ئىستانبۇل كۇتۇپخانىلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك
ماتېرىياللاردىنمۇ پايدىلاندى. ئوسمانلى كىشىلىرىگە دائىر ماددىلاردا مەنـبەلەر يېتەرلىـك
بولمىغاچقا، بۇلارنىڭ تەرجىمىھالى، ھايات - پائالىيەتلىرى دېگەندەك مۇكەممـەل بولال-
ماي قالدى. شەرققە دائىر ماددىلار ئۈچۈن د. ھېربېلوت ۋە دې روسسىنىڭ ئېنسىكلوپې-
دىك ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغانلىقى مەلۇمدۇر.

بىر تەرەپتىن يېزىلىپ، بىر تەرەپتىن، بېسىلىۋاتقان «قامۇسۇل - ئەئلام» دەسلەپ
ئىككى توم پىلانلانغان بولسىمۇ، 1888 - يىلىدىن باشلاپ رەسمىي چىقىشقا باشلىـغاندا
ئەسەر 12 يىلدا ئالتە توم بولۇپ تاماملاندى. بۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مەتبۇئاتچىلىقىدا چوڭ
بىر ۋەقە بولغاچقا، ھەر ساھەنىڭ تەبرىك ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

4. «قامۇسى ئەرەبى» (ئەرەبچە - تۈركچە قامۇس). ش. سامى بۇ ئەسىرىـنى زاما-
نىۋى ئۇسۇلدا تۈزۈلگەن چوڭ بىر لۇغەت قىلىش ئارزۇسىدا بولـغاچـقا، ئاپتـور ئەرەب
تىلىغا دائىر شەرق ۋە غەربتە نەشىر قىلىنغان بارلىق لۇغەت كىتابلىرىدىن پايدىـلىنىپ
يازغانلىقىنى، فىرۇز ئابادىنىڭ ئەسىرىدىنمۇ چوڭ ھەجىمدە، ھەر بىرى 2 مىڭ بەتـلىك

بولۇپ، ئىككى توم بىلەن تۈگەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى. ئەپسۇسكى بۇ لۇغەت تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «ج» ھەرپىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزىلىپ، 504 بېتى نەشىر قىلىندى. (1896 - 1897 - يىللار)

5. «قامۇسى تۈركى» (تۈركچە قامۇس). ش. سامىنىڭ قىممىتىنى، ئىلمىي ئابرويىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن ۋە ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم ئەسىرى شۈبھىسىزكى، تۈرك تىلى ساھەسىدە ئەسىرلەرچە داۋام قىلىپ كەلگەن چوڭ يېتەرسىزلىكنى تولدۇرغان تۈركچە قامۇسدۇر. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە تۈركىيىدە مىللىي ئانا تىلنىڭ لۇغەتلىرىنى ئىشلەپ چىقىش زۆرۈرىيەتسىز، دەپ ھېسابلايدىغان بىرخىل خاتا قاراشنىڭ نەتىجىسىدە، ئەسئەت ئەپەندىنىڭ «لەھجەتۇل - لۇغەت» ناملىق ئەسىرى (1733 - يىل) بىلەن ئەھمەد ۋەپىق پاشانىڭ «لەھجەئى ئوسمانى» (1876 - يىل) سىدىن باشقا تۈركچە لۇغەتلەر ئىشلەنمىگەنىدى، چىقمىغانىدى.

«قامۇسى تۈركى» غەرب تۈركچىسىدە تۈرك تىلىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىۋى تارقىلىشى ئىچىدىكى ئومۇمىي ئورنى، مۇقەددىمىسى، مەزمۇنى، تەرتىپلىرىغىچە بولغان تۈرلۈك ساھەلىرىدە ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىگەن يېڭى ئىدىيىسى بىلەن تۈرك لۇغەتچىلىكىدە يېڭى بىر باسقۇچنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاپتور تۈركچىگە ئوسمانلىچە دەپ ئات قويۇشنى رەد قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق شۆبىلىرى بىلەن پۈتۈن بىر تۈركىي تىل ئىكەنلىكىنى، تۈركچىگە مەيلى شەرقى ياكى غەربىي يات تىللاردىن كىرگەن سۆز - ئىبارىلەر قانچە بولسا بولسۇن، ئۇنى تۈركچە دېيىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى، تىلشۇناسلىقتا ئوسمانلىچە دەپ ئاتىلىدىغان بىر تىلنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرگەنىدى.

## چىقارغان مەجمۇئەلىرى

ياۋروپا سەۋىيىسىدىكى يېڭى بىلىملەرنى خەلققە تونۇشتۇرۇشتا مەجمۇئەنىڭ مۇھىم ۋاستە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ش. سامى لۇغەتچىلىك پائالىيەتلىرىگە كىرىشىشتىن بۇرۇن، ئىككى مەجمۇئە چىقىرىش تەشەببۇسى بىلەن بۇ پىكرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانىدى. ئۇ 1876 - يىلى ئىشنى «مۇھەررىر» مەجمۇئەسىنى چىقىرىشتىن باشلىدى. 1880 - يىلى ئاياللار ئۈچۈن «ئائىلە» مەجمۇئەسىنى چىقاردى. لېكىن ئۈچ سانىدىن كېيىن توختاپ قالدى. ش. سامى ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى 1881 - يىلى چىقارغان، دەۋرىنىڭ ئەڭ جىددى مەجمۇئەلىرىدىن بىرى بولغان «ھەپتە» ناملىق مەجمۇئەسىدە كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن ماقالىلىرىنى ئۆزى يېزىپ، ھەپتىدە بىر چىقىدىغان بۇ مەجمۇئەدە، بىر ئېنىسكىلوپېدىست سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئاپتور ژۇرنالنى پەننىي بەھسلەر، تىل - ئەدەبىيات مەسىلىلىرى، ئەخلاق ۋە سەنئەت قاتارلىق تۈرلۈك مۇرەككەپ مەسىلىلەر بىلەن تولدۇرىۋەتكەنىدى. «ھەپتە» مەجمۇئەسى بەش ئاي داۋام قىلىپ، 1882 - يىلىغىچە 20 سانى چىقىپ توختاپ قالغان. نامى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ۋە ئىلىم ھەۋەسكارى بولغان ش. سامى بۇ مەجمۇئە ئارقىلىق خەلققە ئىلىم - مەرىپەت تونۇشتۇردى، مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈردى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا باركى، ئاپتور تىل-

ئەدەبىيات مەسىلىلىرىگە باشقىلارنىڭ قارىشى بويىچە ئەمەس ئۆزىنىڭ مىللىي كۆز قارىشى بويىچە قاردى ۋە بۇ قارىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇردى.

شەمسىددىن سامىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى شىنجاڭغىمۇ خىلى بۇرۇنلا يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ «قامۇسۇل - ئەئىلام» دىن ئىبارەت بۇ يىرىك ئەسىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلىم ئەھلىلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا كۆپ يىللاردىن بېرى تونۇشلۇق. ھازىرمۇ نۇرغۇن پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلىرىمىز «قامۇسۇل - ئەئىلام» نى قەدىرلەپ ساقلاپ، ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدىكى رولىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا، كىتابخانىلىرىمىزغا، بولۇپمۇ ياش ئىلىم ھەۋەسكارلىرىغا «قامۇسۇل - ئەئىلام» نىڭ ئاپتورى، ئىجتىھادلىق ئالىم شەمسىددىن سامىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق.

## ئىزاھاتلار

① يانىيا، پىرېمىدى، فىراشېر — يۇرت نامى، ھازىرقى ئالبانىيىدە.

② سۇلتان مۇھەممەد پاتىھ II (1432 — 1481) ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ 7 - سۇلتانى، ئىستانبۇلنى پەتھى قىلغانلىقى ئۈچۈن «پاتىھ» ئۇنۋانىنى ئالغان.

③ سۇلتان بايەزىد II (1448 — 1512) ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ 8 - سۇلتانى.

④ مىراخور — ئەمىر ئاخور، ئوردا ئاتخانىسىنىڭ باشلىقى.

⑤ ئەبۇ زىيا تەۋپىق (1849 — 1913) يازغۇچى ھەم نەشرىياتچى.

⑥ ۋەتەن ياكى سىلىستىرە ھادىسىسى — نامىق كامال يازغان سەھنە ئەسىرى. سىلىستىرە — بىر قەلئەنىڭ نامى. بۇ ئەسەر سەھنىدە ئوينىلىپ، زور ھاياجان ۋە تەسىر ئويغاتقاچقا، خاپا بولغان ساراي دائىرىلىرى نامىق كامالنى ئىسپرۇستىكى ماگوسا زىندانىغا قامىدى. بۇ ۋەتەن ياكى سىلىستىرە ھادىسىسى دەپ ئاتالدى.

⑦ نامىق كامال (1840 — 1888) تۈرك يازغۇچىسى، شائىر.

⑧ ترابلۇس غەرب — ھازىرقى لىبىيەنىڭ مەركىزى ترىپولى.

⑨ رودوس — ئارال. ئېگەي دېڭىزىدىكى 12 ئارالنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان يۇنان تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئەڭ چوڭى، مەيدانى 1400 كۋادرات مېتىر.

⑩ سۇلتان ئابدۇلئەزىز (1830 — 1876) ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ 32 - سۇلتانى.

⑪ جازائىرى بەھرى سەفىد — (ئاق دېڭىز ئاراللىرى) ئوسمانلى دۆلىتىگە قاراشلىق ئېگەي دېڭىزىدىكى ئاراللاردىن قۇرۇلغان بىر ئۆلكە (رايون) ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىپرۇس، رودوس، ئىستانكوي، سىسام، ساقىز، مىدىللى، لىمنى، ئىمروز ۋە بوزچا ئادا ئاراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

⑫ ئابىدىن پاشا (1843 — 1906) ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى. ئۇ ئالباندا ۋالىمۇ بولغان.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



⑬ ئەھمەد مىدھەت ئەپەندى (1844 — 1912) گېزىتچى، يازغۇچى ۋە دراما تورۇگ.

⑭ بۇگرەش — ھازىرقى رۇمىنىيىنىڭ پايتەختى بۇخارىست.

⑮ سۇلتان ئابدۇلھەمىت II (1842 — 1891) ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ 33-سۇلتانى.

⑯ ئۇلاسىنپى سانسى — ئوسمانلى دۆلىتىدە مۈلكى دەرىجە بولۇپ، ھەربىرىدە بىرىگادىرغا تەڭ كېلەتتى. نامىلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئەپەندى، بەگ قوشۇلاتتى، ئىسمىنى چاقىرغاندا «سائادەتلىك» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ ئېيتىلاتتى.

⑰ بابى ئالىي — ئالىي قوۋۇق دېگەن بولۇپ، ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىدا ئىستانبۇلدىكى باش مىنىستىرلىك، ئىچكى — تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، پارلامېنت (شورايى دۆلەت) ئورۇنلاشقان جاي بابى ئالىي دېيىلەتتى.

⑱ باقى (ئابدۇلباقى مەھمۇد 1526 — 1600) تۈركىيىنىڭ XVI ئەسىردىكى شائىرلىرىدىن بولۇپ، سۇلتانۇش-شۇئەرا (شائىرلار سۇلتانى) دەپ لەقەم قويۇلغانىدى.

⑲ ئەلى بىننى ئەبۇ تالىب (598 — 661) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ ئوغلى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى.

⑳ ئابدۇلھەق ھامىد (1852 — 1937) تۈرك شائىرى، يازغۇچىسى.

㉑ ئەندۇلۇس — ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ بىر رايون. بۇ يەرگە روماندىلاردىن كېيىن ئەرەبلەر ئەسىرلەر بويى ھۆكمىرانلىق قىلدى. شۇڭا بۇ رايوندا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئىزلىرى بار.

㉒ گاۋە — ئىران شاھنامىسىدىكى ئەپسانىۋى شەخس — تۆمۈرچى بولۇپ، زالىم زەھھاكنى ئۆلتۈرگەن.

㉓ زەھھاك — ئىران شاھنامىسىدىكى ئەپسانىۋى شەخس بولۇپ، مۇستەبىد، قانخور ئىدى.

㉔ سۇلتان مۇراد V (1840 — 1904) ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ 35-سۇلتانى.

㉕ ھۈسەيىن جاھىد يالچىن (1874 — 1957) تۈرك شائىرى، يازغۇچى، ھەكىم.

㉖ سۇلايمان نەزىپ (1870 — 1927) تۈرك شائىرى ۋە يازغۇچىسى.

㉗ ئەھمەد ۋەپىق پاشا (1823؟ — 1891) تۈرك دۆلەت ئەربابى، ئەدىب.

㉘ ئەلى سۇئاۋى (1839 — 1878) يازغۇچى، گېزىتچى.

㉙ ئەھمەد رېپئەت — XIX ئەسىردىكى تۈرك ئەدىب ۋە مۇھەررىرلىرىدىن بىرى.

㉚ بوئو ئىللىت — فرانسۇز ئېنسىكلوپېدىستلىرىدىن بىرى.

# سەنەۋبەر



(خەلق داستانى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەيساجان مۇسا

مۇھەررىردىن: «سەنەۋبەر» داستانى «بۇلاق» نىڭ 1981 - يىللىق 1 - ساندا ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ قېتىم بۇ داستاننىڭ يەنە بىر قول يازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان نۇسخىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كېيىنكى نۇسخىنىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنىپ كەتكەن نۇسخىغا قارىغاندا خېلى دەرىجىدە تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. داستاننىڭ ۋەقەلىكى ۋە شېئىرلىرىدىمۇ بۇ ئىككى نۇسخا ئوتتۇرىسىدا پەرق خېلىلا زور. شۇڭا «سەنەۋبەر» داستانىنىڭ بۇ قول يازما نۇسخىسىنى ئېلان قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

*

ئەمما راۋىيانى ئەخبارۇ ناقىلانى ئاسار ۋە بوستانى داستان ئاندىن نەقىل قىلۇرلاركىم، چىنى ماچىن شەھرىندە خۇرشىد شاھ ئاتلىق بىر پادىشاھ بار ئېردى ۋە ئانىڭ بىر ئوغلى بار ئېردى. ئاتى سەنەۋبەر ئېردى. ئۆزى بائەقىل، ساھىبجەمال ئېردى. يەتتە ياشدىن تا ئون ياشغەچە ئىلىم ئۆرگەندى. خۇرشىدشاھ ئوغلىغە بىر كۈن ئايدىكى:

— ئەي پەرزەندى دىلبەند، يەتتە ياشىڭدىن بۇ ۋەقتكەچە ئىلىم ئۆرگەندىڭ. ئەمدى سىپاھلىقدىن باخەبەر بولساڭ ياخشى ئېردى.

شاھزادە سەنەۋبەر ئاتاسىنىڭ سۆزىنى قەبۇل قىلىپ، خىزمەتتە بەل باغلاپ، نەچچە كۈنلەر سىپاھلىقنى خۇپ بىلدى. ئاندىن سوڭ خۇرشىدشاھ ئوغلىغە قاراپ ئايدىكى:

— ئەي ئوغلۇم، لايىق سازاۋەر بۇ ئېرۇركىم ئۆزۈڭگە نەۋكەرى ئەلدار قىلساڭ، سالاھ سىپاھگەرلىكنى ھەر قايسىسىگە بېرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزۈڭدىن ۋەزىپەخور قىلساڭ. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، سەن پادىشاھ ئېرۇرسەن، لايىق شول ئېرۇر، — دەپ خۇرشىد شاھ قىرىق مەھرەم ناز پەرۋەردۇ دىلپەزىرگە ئات سەرۇپا ۋە سەلاھلار بېرىپ ئوغلىغا جۆرە قىلدى. نەچچە مۇددەت - نەچچە ئەيياملار ئەيش - ئىشرەتتە شاد - خۇررەم بولۇپ يۈرۈر ئېردى. ناگاھ، شاھزادە سەنەۋبەر ئۆز ئۈلپەتلىرى بىلەن سەير سەھرا قىلۇر بولدىلار، ئەمما، پادىشاھنىڭ بىر مەنزىلگاھى بار ئېردى، باغى مەيدان دېگەن. شاھزادە جۆرەلەرى بىلەن ئوشۇل جايغە بارىپ، ئەيش - ئىشرەت قىلۇر ئېردى، شۇ يۇسۇندا نەچچە مۇددەت ئۆمر ئۆتكەردىلەر. شاھزادە ئالتۇن تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئىستىراھەت قىلدى، ناگاھ، شاھزادەنى خابى غەپلەت ئېلىتتى. بەيەكبار تۈش كۆردىكىم، بىر پەرىزاد

گۇللارنىڭ ئاراسىدا سەير قىلىپ يۈرۈر، شاھزادە ئۇشۇل پەرىزادنى كۆرگەچ ئەقىلدىن بىگانە بولدى ۋە بىھۇش بولۇپ يىقىلدى، بىر زاماندىن سوڭ ھۇشىغە كەلدى. ئېرسە بىر پەرىزاد تىزىنىڭ ئۈستىگە باشىنى ئالىپ، مۇشكى ئەنبەر زۇلفلارىن دىماغىغە تۇتار ئېردى.

ئەلقىسسە، شاھزادە ھۇشىغە كەلگەندىن سوڭ، خۇشۋەقت بولۇپ، قوللارىن بويىنىغە سالىپ، مۇھەببەت تامام ۋە مېھرىبانلىق بىرلە سورىدىكىم:

— قايسى باغنىڭ گۇلىسەن ۋە قايسى چەمەننىڭ بۇلبۇلىسەن ۋە قايسى ئاشياندىن بولۇرسەن؟ پەرۋاز قىلىپ كېلەرسەن ۋە قايسى گۇلزارغا قونارسەن؟

ئۇشۇل پەرىزاد شەكەرفىشان فەسىھ تىل بىلەن جاۋاب بەرگەنى:

— شەمسۇقەمەر يۈزلۈكۈم زۇلفى ئەنبەرىم،
كۆزلەرى مەستانىم قايدىن بولۇرسەن؟
...لاچىنىدەك ئۇچۇشلۇق پەرىم،
تازا نەۋجەۋانىم قايدىن بولۇرسەن؟

—مېنى سورىساڭ پەرىزادنىڭ شاھىمەن،
ئەسلى شەھرى شەبىستاندىن بولۇرمەن.
فەھم ئەيلەسەڭ ھۇسن ئەھلىنى ماھىمەن،
خەزانى يوق گۇلىستاندىن بولۇرمەن.

—باشىڭگە كېيىپسەن مۇرەسسەئ تاجى،
كۆرگەن ئادەم بولۇر يۈزۈڭ مۇھتاجى.
چەشمەڭ چىراغى، باشىمنىڭ تاجى،
غەمزەسى پەيكانىم قايدىن بولۇرسەن؟

—ئاشىقلارنىڭ مەسكەنى مەلامەت تاشى،
سەلدەيىن ئاققۇزمە كۆزۈڭدىن ياشى.
مەسكەنىم خەلقدۇر، چەشمەلەر باشى،
مېنى سورساڭ پەرى مەكانىدىن بولۇرمەن.

—خىنايى قوللارىڭ بوياپسەن قانە،
زەرەفشان زۇلفىڭگە ئۆرۈپسەن شانە.
يۇسۇفدەيىن سالدىڭ مېنى زىندانە،
زىلەيخا نىشانىم قايدىن بولۇرسەن؟

—يەئقۇبدەيىن كەلدىم سېنى سوراغلاپ،
ھەسرەتىڭدە لىبىڭ سىينەمنى داغلاپ،
كەلمىشەم بۇ ئىشقىڭ مەتائىن باغلاپ،
بىر تۇتى شەكەر كانىدىن بولۇرمەن.

—خەنجەر چېكىپ باغرىم قانە تولدۇرماڭ،
قىزىل يۈزۈم زەئفىراندەك سولدۇرماڭ،
غەمزە بىلە نازلى دىلبەر ئۆلتۈرمەڭ،
كەرەملى سۇلتانىم قايدىن بولۇرسەن؟

—ئۈززارىڭ ھەمدەمى دەريادە ماھى،
ئالەمنى ياندۇردى ۋامىقنى ئاھى،
ئەسلىمنى سورىساڭ، پەرىلەر شاھى،
ياقۇتلى، گەۋھەرلى كانىدىن بولۇرمەن.

—كۆزلەرىڭ نەرگەسدۇر، قامەتىڭ تۇبى،
نازلى دىلبەر سەن جەھان مەھبۇبى،
نەچچە يىللىق يولدۇر مەنزىلىڭ خۇبى،
سۆزلە نەۋجەۋانىم قايدىن بولۇرسەن؟

— ئەسلىمىز پەرىدۇر، يوقتۇر نىشانىم،
ئەگەر ئاشكار ئەتسەم سىررى نىھانىم،
ئۇچيۈز يىللىق يولدۇر مېنىڭ مەكانىم،
بىلسەڭ شەھرى شەبىستاندىن بولۇرمەن.

— شاھى خۇرشىد ئوغلى ئاتىم سەنەۋبەر،
ھەسرەتىڭدە بەسكى كۆڭلۈم مۇكەددەر،

مەلائىك سۈرەتلى، گۈل يۈزلى دىلبەر،
راستىن دېگىل قايسى كاندىن بولۇرسەن؟

— شاھى فەررۇخ قىزى ئاتىمىز گۈلدۇر،
غەمىمدىن پەرىلەر شەيدا بۇلبۇلدۇر،
تا ئۇلگۈنچە قىلغان ئىقرارىم شولدۇر،
فەھم ئەيلەسەڭ ئۇل مەكاندىن بولۇرمەن.

ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ پەرى بىر گۈل شاھزادەنىڭ قولىغە بەردى، ئىسلەگىل دەپ. سەنەۋبەر ئۇل گۈلنى ئىسلەدى، بىھۇش بولدى. زەماندىن سوڭ ھۇشىغە كەلدى. كۆردىكىم، تۇشى ئىكەن. شاھزادە فەرياد قىلدى ۋە دىلدارىنى ياد قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

غەمزەسى جان ئالىپ كەتكەن پەرىزاد،
گۈلگۈن كىيىپ يانە - يانە كەل ئەمدى.
شەمسۇقەمەر يۈزلىم، قامەتى شەمشاد،
خەنجەر چېكىپ بۇ قۇربانە كەل ئەمدى.

بىلقىسنىڭ ھىجرىندە كۆيدى سۇلەيمان،
يەئقۇب ئوغلى ئۈچۈن دىيدەسى گىريان.
بىچارە ئاشقىمەن دىيدەسى گىريان،
رەھم ئەيلەيۈپ ناتەۋانە كەل ئەمدى.

شىرىن ئۈچۈن كۆپ جەفا چەكتى فەرھاد،
بۇ دۇنيادىن كەچتى ئۇل شاد - ناشاد.
مەستانە كۆزلۈكۈم قامەتى شەمشاد،
قۇلاق سالىپ بۇ ئەفغانە كەل ئەمدى.

مەجنۇن ئاشىق بولۇپ كېزەردى ھەريان،
لەيلىنى ئىشقىدىن يىغلادى چەندان،
رەھم ئەيلە ھالىمە ئەي شاھى خۇبان،
ئەرەق ئەيلەپ دانە - دانە كەل ئەمدى.

سەيفۇلمۇلك يۈردى نەچچە يىل يىغلاپ،
بەدىئىن ئىشقىدە باغرىنى داغلاپ.
مۇرەسسەئ بېلگە شەددەلەر باغلاپ،
ئەرەق ئەيلەپ دانە - دانە كەل ئەمدى.

مەھمۇدنى كۆيدۇردى مەھۋەش غۇلامى،
ھەمدەمنىڭ ئەفكارى مەئلەۋى جامى،
كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى كۆڭلۈم ئارامى،
سەيلانە - سەيلانە يانە كەل ئەمدى.

مۈشك تاتار بويلى قەددى نىھالىم،
غەمزەسى جان ئالغان كۆزلەرى زالىم.
سەنەۋبەر ھەمدەمى ۋەفالىق يارىم،
رەھم ئەيلەپ بۇ گىريانە كەل ئەمدى.

ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ شاھزادە مەست بىئىختىيار بولۇپ، ھۇجرەگە كىرىپ سىينەسىنى يەرگە قويۇپ ياتتى. ئاندىن سوڭ جۆرەلەرى خەبەردار بولۇپ كېلىپ سورىدىلار. ھەرگىز جەۋاب بەرمەدى.

ئەلقىسسە، ئۇلارنىڭ ئاراسىندا ۋەزىرنىڭ زىيۋەر ناملىق ئوغلى بار ئېردى، كېلىپ شاھزادەدىن جەۋاب سورغانى، ئاندىن سوڭ بۇ بېيىتنى ئوقۇغانى:

سۇلەيمان دەۋلەتىم ئىسكەندەر تىلىم،
سۆزلە ھالى پەرىشانىڭ، نە بولدى؟
سەلاتىن باقشلىق كاكۇلى زەرىم،
رەۋشەن قىلغىل بۇ ھىجرانىڭ، نە بولدى؟

ئەلفدەك قامەتىڭ يايدەك پۈكۈلمىش،
جەمالىڭ سەفھەسى كۈندەك تۇتۇلمىش.
ئاھۇ نالەڭ يەردىن ئەرشە چېكىلمىش،
راستىن دېگىل بۇ ئەفغانىڭ، نە بولدى؟

يۈسۈف كەنئانىنىڭ ئاتاسى يەئقۇب،
يىغلامادى سەنچە ئەي تازە مەھبۇب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



فىراقىڭدىن يىغلاپ خۇب ئىلە ناخۇب،
سۆزلە، كۆزدىن ئاققان قانىڭ، نە بولدى؟

كۆزلەرىڭنى قانلىق ياشقە تولدۇرمە،
گۈل يۈزۈڭنى كەھرىبادەك سولدۇرمە.
دوست يىغلاتىپ، دۈشمەنىڭنى كۈلدۈرمە،
تۈگەنمەس ھەسرەتلىك جانىڭ، نە بولدى؟

گۈلشەنىڭ تولۇپتۇر خەزان بادىغە،
بىر سۆزۈم بار ئاڭلا كۆڭۈل شادىغە.
قۇلاق سالغىل زىبىۋەر قۇلۇڭ دادىغە،
سۆزلە چاكى گىرىبانىڭ نە بولدى؟

ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ شاھزادە ھېچ جەۋاب بەرمەدى. جۆرەلەرى گىرىبانىنى چاك قىلىپ، پادىشاھنىڭ خىزمەتىغە باردىلار. بايانى ۋاقىئەنى پادىشاھگە بىر-بىر ئايدىلار. ئىېرسە، شاھ غەمكىن بولدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ جەمىئي مۇنەججىملەرنى، قۇرئەندازلارنى يىغىپ كەلتۈردى. مۇنەججىملەر ئايدىلار: پەرى ئەسەر قىلىپ دۇر، خاننى ئوقۇتسە سەھەت بولۇر، دېدى ۋە يەنە ئول پەرىنىڭ مەكانى ئۈچيۈز يىللىق يولدۇر، دېدى.

ئەلقىسسە، ھەرچەند ئەزايىملار ئوقۇدىلار، سۇد قىلمادى. ئاخىر پادىشاھ مۇنادى قىلدۇردى: «ھەر كىم سۆزلەتسە بىر ھۇجرە زەر بېرۇرمەن»، دېدى. شۇل زەمان بىر كېنىزەك كەلدىكىم:

— ئەي شاھزادە، ھەرنە كۆڭلۈڭدە بولسا ئايت، مەن مەقسۇدكە يەتكۇرەيىن، — دېدى. ئىېرسە، شاھزادە ئاتاسى قاشىغە كىرىپ، ھەرنە كۆرگەنىن بىر-بىر بايان قىلىپ سۆزلەگەنى:

بىر سۆز ئايتاي ئاغالار، بەگلەر،
تۈشۈمدە كۆرۈندى بىر چەمەنزارلىق.
ئەلفدەك قامەتى، گۈل يۈزلۈك دىلبەر،
ئانىڭ ئىشقى بىلە بولدۇم ئەسەرلىك.

دىلبەر بىزگە ئەيلەدىكى ئىشارەت،
بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى قىلىپ ئىمارەت.
كۆزلەرى جان ئالۇر غەمزەسى ئاپەت،
زۇلفى زەرەپشانلىق، مۇشكى ئەنبەرلىك.

بىر پەرى كۆرۈندى شىرىن شەمايىل،
كۆرگەن زەمان ئەتتى ئەقلىمنى زايىل.
مۇندا ھەسرەتدە تۇرماغىم مۇشكىل،
مۇرەسسەئ كەمەرلىك، زۇلفى گەۋھەرلىك.

غەمزەسى بىرلە گاھى قايرىلىپ باقار،
ھەر باققاندا شىرىن جانىمنى ئۆرتەر.
روھىم پەرۋاز ئېتىپ تېنىمدىن چىقار،
بىر مۇرچە مىيانلىق مۇشكى چىن پەرلىك.

بىر گۈل بېرىپ قىلدى دىلبەر مەستانە،
ئول مىنا گۆھەرلىك دۇررى يېگانە.
ئۈچيۈز ئەھىد ئېتىپ، بەردى نىشانە،
بىر غۇنچە دەھانلى شەھدۇ شەكەرلىك.

كالامە يۈزلەندى نىقابىن ئاچىپ،
تۇتىدەك سۆزىدىن شەكەرلەر ساچىپ.
سەنەۋبەر دەر كېلىپ سىينەسىن ئاچىپ،
ھۇمايۇن باقىشلىق، كاكۇلى زەرلىك.

ئەلقىسسە، ئۇمەرا، فۇزەلالارغە:
— بۇ ئىشنىڭ مەسلەھەتى نەچۇك بولۇر، — دېدى. ئىېرسە، ھەممە:
— ئەي شەھرىيارى ئالەم، پەرىنىڭ مەكانى ئۈچيۈز يىللىق يول بولسا، ئىلاجى

يوقتۇر، — دېدىلەر، — ئەمما دۇنيانىڭ چاھار تەرەپىگە كىشى ئەۋەتىلىك، ھەر يەردە ساھىبجەمال بولسا ئالىپ بېرىلىك، — دېدى.
ئاندىن سوڭ پادىشاھ ئوغلىغا ئايدى:

— ئەي بېگانە پەرزەند، كىشى تۈشىندە كۆرگەنىنى ئوڭىدا تاپسا بولماس، ھەر يەردە ساھىبجەمال قىز بولسا ئالىپ بېرەي، — دېدى.

ئېرسە شەھزادە زار-زار چۇن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ، ئاتاسىدىن رۇخسەت بەر، دەپ بىر سۆز ئايتقانى:

بىر رۇخسەت ئېتىڭىز ئادالەت شاھى،
قايتادىن شاد بولسۇن يۈز پارە كۆڭلۈم.
جان دىلدىن سۆيۈنسۇن قادىر ئىلاھىم،
سۆزۈڭدىن تۈشمەسۇن ئازادە كۆڭلۈم.

لاچىندەك سىلكىنىپ قاقتى قانات-پەر،
جانىمنىڭ ئافەتى غەمزەسى كافەر.
كۆزلەرىمدىن بىر زەمان كەتمەس ئۇ دىلبەر،
تەلپۈنۈپ جۇش ئۇرار ئول يارغە كۆڭلۈم.

مەنسۇردەكىن تۇرغان دارغە ئاسىلماي،
ئىبراھىم خەلىلدەك نارغە ئاتىلماي.
يۇسۇفدەك بۇ بازارغە ساتىلماي،
ھېچ قەرار ئەيلەمەس بول پارە كۆڭلۈم.

ھەر كىمسەگە تۈشسە ئىشقىنىڭ ھەۋاسى،
بولغۇسى سۇلتانلار ئانىڭ گەداسى.
بۇ ئىشقىنىڭ يەنە مىڭ بىر بەلاسى،
ياندۇرۇر ئەسل زەمان يۈز پارە كۆڭلۈم.

ئاشىقلار قۇۋانماس دۇنيا مالىغە،
كىمسە يىغلار غەرىبلەرنىڭ ھالىغە.
ئاق يۈزىگە قوشە-قوشە خالىغە،
ئاچىلۇر غۇنچەدەك يۈز پارە كۆڭلۈم.

— ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ پادىشاھ زار-زار يىغلاپ رۇخسەت بېرىپ بىر سۆز ئايتقانى:

نەيلەيىن جانىم بالام ئەۋۋەلدە نې كۆردۈم سېنى،
جانىم ئىچرە جا ئىدىڭ سىينەمدە جا قىلدىم سېنى.
ناز پەرۋەر ئەيلەبان ... رەسا قىلدىم سېنى،
بارغىل، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

گۈلشەنى ئۆمرۈمدە گۈل بەرگى بەھارىم سەن ئىدىڭ،
دۇررى نايابىم، شەكەر خەندىم نىگارىم سەن ئىدىڭ.
ئەقلى-ھۇشۇم، راھەتىم، جانىم-مەدارىم سەن ئىدىڭ،
بارغىن، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

مەن نەچۈك تاقەت قىلاي، ھەجرىڭدە جانىم، ئەي ئوغۇل،
يىغلاپ ئايتقان بۇ مۇناجاتىمنى ھەق ئەتكەي قەبۇل.
دائىما بولسۇن ئىلاھا كىم مەدەدكارىڭ رەسۇل،
بارغىل، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەن كېتەرسەن باش ئالىبان، مەن يەنە مەستۇ خەراب،
ھەسرەتىڭدە يۈرەكىم قاندۇر [يەنە] باغرىم كەباب.
فۇرقەتىڭدە ئەمدى نەيلەيمىنكى يوقتۇر مەندە تاب،
بارغىن، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

مەنكى خۇرشىدىم ئەجەب يوق، ئاھۇ ئەفغان ئەيلەسەم،
ھەر زەمان يادىڭدە مېنىڭ چاكى گىرىبان ئەيلەسەم.
پەندىم ئالمادىڭ ئەگەر يۈز باغرىمى قان ئەيلەسەم،
بارغىن، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن سوڭ، شاھزادە كېتەر بولدى. جۆرەلەرى:
— ئەي شەھرىيار، سەندىن ئايرىلماسمىز، — دېدى. ئېرسە، شاھزادە جۆرەلەرىگە:
— سىزلەرگە يۇرت قۇتلۇق بولسۇن، ماڭا يول! ئەمدى سىزلەر مۇندا خوش قالىڭىزلار، — دەپ بىر سۆز ئايتقانى:

قاشىمىزدە ئايە مەكزەپ،
دەۋران جانلار خۇش قال ئەمدى.
كېسىپ - كېسىپ باغرىم تۇزلاپ،
كەلگەن جانلار خۇش قال ئەمدى.

مەجلىسىندە قۇلى سازلىق،
نالەسى بۇلبۇل ئاۋازلىق.
بەدۇ ئاتلىق تەبلىبازلىق،
نەۋ جەۋانلار خۇش قال ئەمدى.

بىزلەر بىلەن ھەمدەم بولغان،
دىيدەلەرى پۇرنەم بولغان.
سىررىمىزغە مەھرەم بولغان،
نۆكتەدانلار خۇش قال ئەمدى.

ئاتامىز مۈلكىنىڭ ماھى،
بەگلەر كىشۋەرلەرنىڭ شاھى.

بارچە مىسكىنلەر پەناھى،
بەگۇ خانلار خۇش قال ئەمدى.

ياۋ كۆنى رۇستەم سىفەتلىك،
باش چاقماق، تىلى پاكلىق.
نەيزە زەررىن.........
خۇش فىشانلار خۇش قال ئەمدى.

ھەقىقەت شەرابىن ئىچكەن،
مەجلىسىندە دۇرلار ساچقان.
مەئرىفەت بازارىن ئاچقان،
خۇب ئىشانلار خۇش قال ئەمدى.

ھەق كالامىن چىن بىلگەنلەر،
قارا باغرى قان قىلغانلەر.
قارى قۇرئان ھەم بولغانلار،
دۇر فىشانلار خۇش قال ئەمدى.

تۇشۇپدۇر ئىشقىمنىڭ ھەۋاسى،
تىلىمدىن كەتمەس سەناسى.
شەھرى چىن كەد خۇداسى،
ئەھلى ئىشان خۇش قال ئەمدى.

سەنەۋبەر دەر ۋەفادارىم،
ئىشتىڭ ئاھ ئىلە زارىم.

بارچە كەلگەن دوست ـ يارىم،
مېھرىبانلار خۇش قال ئەمدى.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن سوڭ بەشـيۆز يىگىت شاھـزادە بىرلە كېمىگە كىردىلەر. ئۇممان دەرياسىغە كىرىپ رەۋان بولدىلار. نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، ناگاھ بىر گىردابى خۇنخارغا تۇشتىلەر.

ئەلقىسسە، ئالتە ئاي ئول گىرداب ئىچرە يۈردىلەر. بىسيار ھەلاكەتتىن قۇتۇلدى. سەھەرلەردەن بىر سەھەردە خۇدايى تەئالانى ياد قىلىپ، زار ـ زار يىغلاپ، مۇناجات قىلۇر ئېردى. جۆرەلەرى «ئامىن» دەر ئېردىلەر. سەنەۋبەر خۇداغە نالە قىلىپ، دەرياغە بىر سۆز ئېيتقانى:

تۇشۇپدۇر باشىمە ئىشقىنىڭ سەۋداسى،
بىر مۇرۇۋۋەت قىلغىل مىسكىن گەداغە.
قايناپ جۇش ئۇرغان ئۇممان دەرياسى،
قويما مېنى مۇنچە جەبرۇ جەفاغە.

ئەۋۋەل ئادەم سەفىيۇللا ھەققى ئۇچۇن،
دەۋۋۇم نۇھ نەبىيۇللاھ ھەققى ئۇچۇن.
يەنە مۇسا كەلىمۇللا ھەققى ئۇچۇن،
گىرىفتار ئەيلەمە جەۋرۇ جافاغە.

ئەرزىمنى ئىشىتكىل، قادىر ئاللاھىم،
بۇ تەقى جەھاندە سەن ـ سەن پەناھىم.
فەلەك تىترەشۇر ئىشىتىپ ئاھىم،
بىر مۇرۇۋۋەت ئەيلە مىسكىن گەداغە.

ئاغۇ قوشتى فەلەك ئىچكەن ئاشىمغە،
بىر پەرىزاد كىردى مېنىڭ تۇشىمغە.
ئىلياس پەيغەمبەرنى يەتكۇر قاشىمغە،
بىر مۇرۇۋۋەت ئەيلە مىسكىن گەداغە.

كۆڭلۈمغە تۇشۇپدۇر ئىشقىنىڭ ھەۋاسى،
مەئشۇقنىڭ ۋەسلىدۇر يار مۇددەئاسى.
بىر مۇرۇۋۋەت ئەيلەگىل ئۇممان دەرياسى،
قويمە مېنى مۇنچە جەبرۇ جەفاغە.

كۆڭلۈمنى ئالدى بىر زۇلفى ئەنبەر،
ماڭا كېرەكمەسدۇر تاج ئىلە گەۋھەر.
بىچارە ئاشىقمەن ئاتىم سەنەۋبەر،
بىر مۇرۇۋۋەت ئەيلەگىل مىسكىن گەداغە.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن سوڭ، ناگاھ، بىر بادى مۇخالىق ئۇردى، كېمەلەرنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، پارە ـ پارە قىلدى. تەمام يىگىتلەرنى دەرياغە غەرق قىلدى. سەنەۋبەر ۋە يەنە ۋەزىر بەچچە زىيۋەرنام ھەر قايىسى بىر تەختە پارە ئۈستىدە قالىپ ئىدىلەر. سەنەۋبەر بۇ ۋاقىئەدىن ھەيران بولۇپ، زار ـ زار چۇن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ بىر سۆز دېگەنى:

مەن كىمگە ئايتايىن ئەرزى ھالىمنى،
بۇ كۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.
ھەق تەئالا كۆرگەيسەن، دەرد ھالىمنى،
بۇ كۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

جانىمە قەسد ئەتمىش دەريايى ئافەت،
مۇندىن قۇتۇلماغىم يوقتۇر سەلامەت.
بوكۈن بولدى ماڭا ۋەھمى قىيامەت،
بۇ كۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

ياقامنى چاك ئېتىپ، ئەيلەيىن فەرياد،
يىقىلسۇن، يىمرىلسۇن بۇ چەرخى ناشاد.
ھەيف ئول نەۋجەۋانلار قامەتى شەمشاد،
بۇ كۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

ئەمدى مەن يىغلايىن بۇ خەستەئى جان،
يۇسۇفدىن ئايرىلىپ قالدى ئول كەنئان.

بىر ياندىن قايغۇسى، بىر ياندىن ھىجران،
بۇ كۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

سەنەۋبەر ھەمراھى قۇدرەتلىك رەھمان،
مىنى بۇ غەملەردە قويمە سەرگەردان.
ئەۋۋەلدە ئامان بەر، ئاخىردا ئىمان،
بۇ كۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

ئەلقىسسە، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن سوڭ، دەريانىڭ ياقاسىغە چىقتىلار. زىيۋەر ئول بەشەدە بىمار بولدى، بىر نەچچە كۈندىن سوڭ زىيۋەر ھالى زەبۇن بولدى. ئېرسە، سەنەۋبەر زىيۋەرنىڭ باشىنى تىزىغە ئالىپ تەلمۈرۈپ، «نەچۈكدۇرسەن؟» دەپ بىر دەۋر ساقى ئايغانى:

— سۆيۈكلۈك ھەمدەمىم، ۋەفالىق يارىم،
تازە نەۋجەۋانىم ھالىڭ نەچۈكدۇر؟
رەفىقىم، مۇنىسىم، ئەيشىم، مەدارىم،
نۇرى دىيدەم، جانىم ھالىڭ نەچۈكدۇر؟

— ئەرزىمنى ئىشىتكىل ئەزىز پادىشاھىم،
مەن سۆزلەيىن سەن قۇلاغىڭ سال ئەمدى.
قۇلاق سالىپ فەھىم ئەيلەگىل سۆزۈمنى،
مەن كېتەرمەن، سەن بۇزارە كەل ئەمدى.

— يۈزۈڭ ئاتەشىندۇر، كۆزلەرىڭ بىمار،
نازۇك تېنىڭ سىمابدەيىن بىقەرار.
يارۇ ۋەفادارىم ئەيلەگىل ئىزھار،
كۆزلەرى مەستانىم ھالىڭ نەچۈكدۇر؟

— ئىشىتمەس پىكرىم نارە تۇتاشدىم،
ئەۋۋەلا غەرىبلىك ئوتىغە پىشدىم،
ئاخىرى شۇم ئەجەل دامىغە تۇشدۇم،
ئالۇر بولساڭ بۇ زىنداندىن ئال ئەمدى.

— ساڭا پىدا بولسۇن بۇ شىرىن جانىم،
تەسەددۇق جانىڭگە روھى رەۋانىم.
سەنسەن تىرىكلىكىم، شاد - شادمانىم،
يارۇ مېھرىبانىم ھالىڭ نەچۈكدۇر؟

— ھالىم بولۇپتۇر بەتتەردىن بەتتەر،
ئەجەل نەشتەرى جانىمنى ئۆرتەر.
ئەجەل ئەژدىھادۇر، بارچەنى يۇتەر،
غەنىمەتدۇر بۇ دەۋرانلار بىل ئەمدى.

— ئەۋۋەل ئانادىن بولماسام ئىدىم،
غەرىب كۈندە قالماسام ئىدىم.
سېنى بۇ ھەسرەتتە كۆرمەسەم ئىدىم،
خەتەرلىك كارۋانىم ھالىڭ نەچۈكدۇر؟

— ئەۋۋەل ئەمەس ئىدىم، غەمدىن ئازادە،
غەرىبلىك كۈندە قالدىم پىيادە.
يىغلا - يىغلا، دەردىم بولۇر زىيادە،
رۇيمال ئالىپ كۆزۈم ياشىن سىل ئەمدى.

— سەنەۋبەر دەر ئەمدى باغرىم ئېزىلدى،
ساڭا ھەقدىن بۇيلە قىسمەت يازىلدى.
ۋاقتى يېتىپ، جان جەسەددىن ئايرىلدى،
يۇسۇفى كەنئانىم ھالىڭ نەچۈكدۇر؟

— زىيۋەر ئايتۇر: جىسمىم نارغە تۇتاشتى،
قىرمىزى كۆيلەكىم قانغە بۇلاشتى.
جانىم چىقىپ، ئۆلەر ۋەقتىم يېتىشتى،
مەن كېتەرمەن سەن يىغلاشىپ قال ئەمدى.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن سوڭ زىيۋەر «ھەق» دەپ جان بىھەق تەسلىم قىلدى. ئېرسە، سەنەۋبەر زار - زار چۇن ئەبرى نەۋ-بەھار يىغلاپ بىر سۆز ئايتقانى:

غەرىبلىك كۆنىدە غەرىبلەر كەتتى،
مېنىڭ ئۈچۈن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.
گۈل يۈزلەرنى زەئىفىراندەك سارغىرىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.

مېنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانادىن كېچىپ،
قازا ئوقلارىغە سىينەسىن ئاچىپ.
ئاخىرى ئەجەلنىڭ شەربەتىن ئىچىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.

مەگەر جان ئالغۇچى كەلگەنىن بىلىپ،
چەھار تەرەفكە تەلمۈردۈك باغرىمنى تىلىپ.
شىرىن جانىڭ چىقتى تەندىن ئايرىلىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.

گۈل ـ غۇنچەدەك ياقاڭ بەندى ئاچىلماي،
بۈلبۈل بولۇپ، كۆزۈڭ ياشىن ساچىلماي.
مىڭ گۈلۈڭدىن بىر گۈلى ھەم ئاچىلماي،
مېنىڭ ئۈچۈن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.

شىرىن سۆزلەر بىلەن كۆڭلۈمنى ئالىپ،
ئۆرتەنگەن جانىمغە ئوتلارىن سالىپ.
سەنەۋبەر دەر ئاخىر دۇئالار قىلىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.

ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ، زىيۋەرىنىڭ جىنازەسىن ئوقۇپ، دەفن قىلدى. ئاندىن سوڭ، فەلەكنىڭ دەستىدىن داد، دەپ بىر سۆز ئايتقانى:

بىر پەرىنىڭ ھەسرەتىدىن،
كۆزدە ياشىم قان بولدى.
كېچە ـ كۈندۈز فۇرقەتىدىن،
رەۋشەنىم ھىجران بولدى.

بىزگە قىسمەت شولدۇر باشدىن،
دەممىز قانلىقدۇر باشدىن.
ئايرىلىپ قەۋم ـ قېرىنداشتىن،
سەۋدا ئىشىم زىيان بولدى.

قانى مۇنچە يارۇياران،
فەلەك ئەتتى، بىزنى يەكسان.
باشىمىزدە ياخشى جەھان،
قاپقاراڭغۇ زىندان بولدى.

رەھم ئەتمەدى بىرۇ بارىم،
يېتىشمەدى ئاھۇ زارىم.
سىياھ بولدى روزىگارىم،
قارا باغرىم قان بولدى.

سەنەۋبەر ئىستەر يولداشىن،
ئۈچۈرۈپ قولدىن شۇڭقارىن.
ئاققۇزۇپ بۇ كۆزدىن ياشىن،
قايتادىن ھىجران بولدى.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر بىشەنىڭ ئىچىندە بارۇر ئېردى. كۆرەركىم، مېۋىلەر پىشىپ، بەزىلەرى تۆكۈلۈپ مەينە، قۇمرى ۋە تۇتىلار نالە قىلىپ، زار يىغلاردى. سەنەۋبەر بىر دۇرساقى بىلەن بۇلاردىن يارىن سوراغانى:

گۈلىستان ئىچىندە كەزگەن تۇتىلار،
خەبەر بېرىڭ بىزنىڭ يارنى كۆردۈڭمۇ؟
چەمەندە سەير ئەتكەن شەيدا بۇلبۇللار،
خەبەر بېرىڭ بىزنىڭ يارنى كۆردۈڭمۇ؟

بىرلاچىن باقىشلىق سەلاتىن بويلۇق،
قولى تەر ھىنالى زەرەفشان بويلۇق.
ياخشى مەلاھەتلىك مەلائىك خۇيلۇق،
شۇنداي يارى ۋەفادارنى كۆردۈڭمۇ؟

كۆيلەكى گۈلگۈندۇر، تونى قىرمىزى،
شەكەردىن. شىرىندۇر لەئلىنىڭ سۆزى.

ئەسلىنى سورىساڭ پەرىنىڭ قىزى،
ئوشۇل شوخى دىلئازارنى كۆردۈڭمۇ؟

چەمەندە چىرماشقان سەبزە، سۈنبۈللار،
تازە ئەرغەۋانلار قىرمىزى گۈللار.
بىشەنىڭ شۇڭقارى ئالغۇر لاچىنلار،
ئەر ئاچىلغان لالەزارنى كۆردۈڭمۇ؟

سەنەۋبەر قالمىش بۇ يەردە ھەيران،
بىر گۈزەل يار ئۈچۈن ھالى پەرىشان.
تاغدىكى تاۋۇس بۇ چۆلدە ھەيران،
شۇنداغ يارى ۋەفادارنى كۆردۈڭمۇ؟

ئەلقىسسە، ئافتاب پاتتى. سەنەۋبەر بىر تەرەفغە بارۇر ئىردىكىم، ناگاھ، كۆزىگە بىر بىشە سۇفە كۆرۈندى، زىيادە ئارەستە، ۋە يەنە بىر چىنار بار ئىردى. سەنەۋبەر چىنارغا چىقىپ ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، يېرىم كېچە بولدى. كۆردىكىم، دەريانىڭ ئىچىندە ناگاھ بىر قارا ئۆكۈز پەيدا بولدى. ئاغزىدا بىر گەۋھەرى شەب چىراغ بار ئىردى، كەلتۈرۈپ سۇفەنىڭ ئۈستىدە قويدى. ئىبرسە، تەمام بىشە مۇنەۋۋەر بولدى. سەنەۋبەر بىر سۆز دېدى:

غەۋۋاس كەبى چىقتىم بۇ جاندىن كېچىپ،
شۇكرى لىللاھ، لەئلى كانغە يېتۈشتۈم.

ساقى ئېلىكىدىن ئال شەراب ئىچىپ،
قايتا باشدىن چىققان جانغە يېتۈشتۈم.

بىر يار ئۈچۈن بۇ چۆللەردە يالبارىپ،
مېھنەت چېكىپ، زەئفىراندەك سارغارىپ.
سەرراف ئىدىم، دۇررى نىھان ئاختارىپ،
شۇكرى لىللاھ، بەدەخشانغە يېتۈشتۈم.

بەختىمنىڭ كەۋكەبى ياندى، ساچىلدى،
ئۈمىدىم غۇنچەسى گۈلدەك ئاچىلدى.
مېھنەتنى شەرابى قولدىن ئىچىلدى،
قىش ئاچىلغان گۈلىستانغە يېتۈشتۈم.

غەمنىڭ گىردابىندە سەرگەردان بولۇپ،
يىراغلىغ دەردىدىن باغرىمنى تىلىپ.
مەجنۇندەك چۆللەرگە باش ئالىپ غەرىب،
ياقۇتلۇق، گەۋھەرلىك كانغە يېتۈشتۈم.

سەنەۋبەر دەر: ئۆتكەرمە ئۇشبۇ دەۋراننى،
يۈرەكلەردە كۆپلەپ قالدى ئارمانى.
ھەق مۇيەسسەر ئەتمىش دۇررى غەلتاننى،
بۇگۈن مانا بەدەخشانغە يېتۈشتۈم.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر دەرەختىن تۈشۈپ ھۆكۈزنى شەئىندە ئوقۇدى:

كۆردۈم بىر ئۆكۈز ئاغزىدا بىر دۇررى غەلتان،
كىم ھەيبەتىدىن تىترەپ ئاقار دەريايى ئۇممان
ئوت ئوتلاماققە كەلدى، ئول ۋەھشى ھەيۋان،
بىردەمدە قىلۇر يەر يۈزىن مىلك يولى يەكسان،
ئول لەھزە قاراڭغۇ كېچەنى ئەيلەدى تابان.

بىر تۇرفە ئۆكۈز كۆرىڭىز سەنئەتى جەببار،
چۈن كوھ تەنى، باشى ئۇنىڭ گۈنبەزى دەۋۋار.

كىم شاخى چىنارە تېنى مارۇ نى غار،
بىردەمدە قىلۇر يەر-يۇزىنى مىڭ يولى فەركار،
ئەزم ئايىن جۇدا قىلماق هەرسارى ئېتىپ تابان.

ئول كاۋشەپ ئېگىز بىلە گاۋقەششەم،
دۇنيا يۇزىنى تۇپتۇز ئەيلەيدۇ ئولدەم.
ياندى ئاخىرى ئانچەسىن پىشەزەم،
تۇرغان يېرىدىن قوزغالىبان، كۆچتى ئۇشۇلدەم،
كىم هەيبەتىدىن شىر پەلەك رەۋزىگە هەيۋان.

هەر بىر سۆزىن دېيەيىن مىسلى سەنەۋبەر،
ئول ۋەهشى سىفەتىن قىلايىن ئالەمە يەكسەر.
خۇرشىد چىقتى، جەهان بولدى مۇنەۋۋەر.
كەلگەن يولىنى تاپتى ئۇشۇل ۋەهشىئى خەيبەر،
ئۇمان تۇبىگە سالدى ئۆزىن ئەيلەدى پىنهان.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر يارىنى قايىدىن ئىزلەشنى ئويلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كەلگىل كۆڭلۇم ئەمدى ۋەفالىق ياردىن،
ئاختارىپ بىر نەچچە نىشان ئىزلەيىن.
زۇلفى بىنەفشەلىك تازا بەهادىن،
بۇلبۇل بولۇپ گۇلى خەندان ئىزلەيىن.

ئاشىق بولماس شىرىن جاندىن كەچمەگەن؛
ئىشق ئوتىغە كۆيۇپ-يانىپ ئۆچمەگەن.
هىجرانلىقنىڭ شەرابىنى ئىچمەگەن،
پەرۋانەدەك شەمئى سوزان ئىزلەيىن.

ئۇمان كەبى تولۇپ-تاشىپ جۇش ئۇرۇپ،
پەرۋانەدەك هەر شۇئلەگە باش ئۇرۇپ،
مەجنۇن بولۇپ، كۆكسۇم ئۇزە تاش ئۇرۇپ،
مېهنەتلىك كۇلفەتلىك هىجران ئىزلەيىن.

ئەمدى ئەزم ئەيلەيىن خەتەرلىك جايدىن،
سوراغىن ئەيلەيىن خۇرشىدنى ئايدىن،
تىللا تۇماغلىق هۇسنى هۇمايدىن،
ئاختارىپ دۇنيانى نىشان ئىزلەيىن.

سەنەۋبەر دەرلەر مېنى ئاتىمنى،
ئاللاهدىن ئىزلەيىن كۆڭۇل شادىمنى،
ئىشق ئېلىدىن يەتمىگەن يەنە دادىمنى،
مۇرەسسەئ كەمەرلىك سۇلتان ئىزلەيىن.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر بىرنەچچە كۇن-لەر يول يۇرۇپ بارۇر ئېردى. بىر توپ بۆدۇنە هەۋادىن ئۇچۇپ بارۇر ئېردى. سە-نەۋبەر بۆدۇنەلەرنى كۆرۇپ، يارىغە سالام ئېبەرگەنى:

قىرقىلاشىپ كۆكدە ئۇچقان بۆدۇنە،
مېنىڭ سەلامىمنى يارغە دېگەيسىز.
شەبىستان شەهرىغە كېتەن بۆدۇنە،
ئەرزىم، هالىم بىرۇ بارغە دېگەيسىز.

قۇربان بولاي يارنى قارا كۆزىغە،
پىستە دەهانىغە، شىرىن سۆزىغە،

uyghurkitap.com

قەلەم قاشلىق ماھى تابان يۈزىغە،
مەن قالمىشىم ئاھۇ ـ زارە دېگەيسىز.

مەرھەمەت ئەيلەسۇن ئۇممان قۇللارغە،
سارغىرىپ مەن ئۆرتەنىبان چۆللەرغە.
سەلامىمنى دېگەيسىز ئىنچىكە بەللەرغە،
زىنھار ـ زىنھار ئەرزىم يارغە دېگەيسىز.

مەن مۇندا قالمىشىم غەمدە، مېھنەتدە،
يارىم ئاندا كېزەر ئەيشۇ ئىشرەتتە،
پەرىشان ھالىمنى بارساڭ ئەلبەتتە،
قولى خىنالىق يارغە دېگەيسىز.

سەنەۋبەر دەر قالدىم ياردىن ئايرىلىپ،
قاناتلارىم سىندى غەمدە قايرىلىپ،
ياتىمىشىم يولۇڭدا كۆزۈم تەلمۈرۈپ،
ئەرزى ھالىم زۇلفى تارغە دېگەيسىز.

ئەلقىسسە، بىرنەچچە كۈنلەر يۈرۈپ ئىدى، ئەمما بىر كېچە تاڭ ۋەقتىدە بادى سەبا ئەستى. سەنەۋبەرنىڭ يارى تۇشغە كىرىپ بادى سەبادىن سەلام يىبەرگەنى:

ئەي بادى سەبا يەتكۈر ئول يارغە سەلا-
مىمنى،
خۇرشىدى قەمەر يۈزلۈك دىلدارغە سەلا-
مىمنى،
ئول خالى سىيەھ زۇلفى سەير مارغە سە-
لامىمنى،
مەستانە قارا كۆزلۈك خۇنخارغە سەلا-
مىمنى،
ئەرز ئەيلە بارىپ شۇلدەم دىلدارغە سە-
لامىمنى.

ئول سەرۋى خىرامانىم بىر شۇخى شەمايىلدۇر،
كىرفىكلارى قەسدىمدە بىر خەنجەرى قا-
تىلدۇر،
رەھم ئەتمەسە ھالىمغا شۇل دىلبەر نە
مۇشكىلدۇر،
باشىمغە بەلا ھەردەم ھىجرانىغا نازىلدۇر،
مەستانە بارىپ ئايتقىل ئول يارغە سەلا-
مىمنى.

شەيدايى، گىرىفتارى ئول قاشى قارا بولدۇم،
ھەجر ئاتەشىغە ھەردەم ئۆرتەندىم، ئەدا
بولدۇم،
غەم دەشتىدە مەجنۇندەك، ئىشقىدا گەدا
بولدۇم،
بىر تازە نىھال ئېردىم، غەم بىرلە دۇتا
بولدۇم،
ئەي پەيك، بارىپ ئايتقىل ئول يارغە سە-
لامىمنى.

ھەجرىندە سەمەندەردەك ئوتلارغە تۇتاشىپ-
مەن،
بىر زەررە ۋەفا كۆرمەي، يۈزغەمگە ئۇلا-
شىپمەن،
مەجنۇنى بەلاكەشدەك چۆللەردە ئادا-
شىپمەن،
كۆكسۈمنى تىلىپ گويا قانىمغە بۇلاشىپمەن،
بۇ نەۋئى بارىپ ئايتقىل ئول يارغە سەلا-
مىمنى.

جانىمغە جەفا قىلغان ئول غەمزەلى دىل-
بەردۇر،
مەستانە سىيەھ چەشمى جان ئالغۇچى كا-
فەردۇر،
باشىمغە مېنىڭ گويا يۈز شورىشى مەھ-
شەردۇر،
ئەرزىمنى بەيان ئەتكىل بىچارە سەنەۋبەردۇر،
ئەرز ئەيلە بارىپ شولدەم ئول يارغە
سەلامىمنى.

ئەلقىسسە، نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ ئىدى، كۈنلەردە بر كۈن بر چەھارباغ كۆرۈندىكىم، دىۋارى مۇشكى زەئفىراندىن قىلىنغان ئىدى. سەنەۋبەر ئۆز كۆڭلىدە خۇشۋەقت بولۇپ، يارىمنىڭ مەكانى كۆرۈندى بولغاي، دەپ بر سۆز ئايتقانى:

كۆزلىرىمدە جىلۋە ئەيلەر باغلارى،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.
بۇلبۇللارى قونۇپ، ئۇچار زاغلارى،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.

مەن مۇندا كەلمىشىم يارنى سوراغلاپ،
يىراقلىق ئوتىغە باغرىمنى داغلاپ،
ئەمدى غەم يىمەسمەن ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.

مۇندا كەلدىم ئەرز ئەتمەككە دادىمنى،
ئاختارىپ تاپمىشىم كۆڭۈل شادىمنى،
ھەق مۇيەسسەر ئەتمىش شول مۇرادىمنى،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.

يارىمنى ياراتمىش قىرمىزى گۈلدىن،
زۇلفى بىنەفشەلىك، ساچى سۇنبۇلدىن،
سوراغىن ئالمىشىم شەيدا بۇلبۇلدىن،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.

چىن شەھەرىدىن ئىستەپ بر ھەمدەم،
كۆز ياشىم بولۇپتۇر لالەگە شەبنەم.
سەنەۋبەر يىغلاما داد ئېتىپ شولدەم،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.


ئەلقىسسە، ئاستا رەۋان بولۇپ چەھارباغقە كىردىكىم، ھېچ ئادەمزادنىڭ قەدەمى يەتكەن جاي ئەمەس، ئول جايدا تەمام تىلىلادىن قىلىنغان بر گۈمبەزنى كۆردى ۋە ئىچكەرى كىردى، ئامما بۇ بر جادۇگەرنىڭ مەكانى ئېردى. ئول جادۇگەر ئادەمزادنىڭ ئىسىنى ئالىپ قارادىكىم، باغدا بر ئادەمزاد يۈرۈپتۇر. فەرياد قىلدىكىم: «ئەي ئادەمزاد خەبەردار بولغىن!» — سەنەۋبەر يۇقارى قارادى. جادۇگەر بر ئاۋۇچ توپراققە ئىسمى ئەزەم ئوقۇپ تاشلادى. ئېرسە [سەنەۋبەر] بر كىيىك سۈرەتىدە بولۇپ قالدى. ئاندىن سوڭ سەنەۋبەر بر بەيابانغە باش ئالىپ كەتتى. نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، زار-زار چۈن ئەبرى نەۋ بەھار يىغلاپ مۇناجات قىلغانى:

قادىر ئاللاھ، سەنسەن مېنىڭ پەناھىم،
ھېچ كىمنى مېنىڭدەك ھەيران ئەيلەمە.
بر ئاسى قۇلۇڭمەن كۆپتۇر گۇناھىم،
رەھىم ئەيلە قولۇم تۇت، گىريان ئەيلەمە.

كۈن-كۈندىن بولدى زۇلۇم زىيادە،
غەرىبلىك كۈنىدە قالدىم خەتەردە،
مېنىڭدەك ھېچ كىمنى فانى دۇنيادە،
يار كويىدا زارى گىريان ئەيلەمە.

مەن مۇندا قالمىشىم نەسەبىم تارتىپ،
يىراقلىق خەنجەرى باغرىمنى تىلىپ،
ھېچكىمنى مېنىڭدەك رەڭگىن سارغارتىپ،
غۇنچەلىكدە رەڭگىن خەزان ئەيلەمە.

مەن قايتابان بارايىن ئەمدى باش ئالىپ،
كىمگە داد ئەيلەيىن كۆزگە ياش ئالىپ،
ھېچكىمنى باشىغە مۇنداغ كۈن سالىپ،
سەنەۋبەر دەر: ھالىن يامان ئەيلەمە.



ئەلقىسسە، نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ بىر گۈنبەزگە يېتۈشتى. ئىشىكىگە پەردە تارتقان [بىر ئۆينىڭ] ئىچكەرىسىگە [كىر-دى]. كۆرەر كىم تەختنىڭ ئۈستىدە يۈزگە پەردە تارتقان [بىر قىز] ئولتۇرۇپدۇر. جەمالى ماھى تابان ئىدى. قىز كىيىكنى كۆرۈپ كۆڭلىگە رەھىم كەلدى. ئايدىكىم، «مەگەر ئوۋچىلاردىن قۇتۇلۇپ كەلگەندۇر»، دېدى. ئاندىن سوڭ [كىيىكنىڭ] ئالدىغە سۈت، كىشمىش قويدى. كىيىك ھەرگىز باقمادى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقار ئېردى. ئاخىر مەلىكە ئايدى: «ئەي جانىۋار، مەن سېنىڭ دەردىڭنى بىلمەسمەن، ئۆزۈڭ ئايغىل»،— دېدى. [كىيىك] زەبانغە كېلىپ يىغلاپ، بىر سۆز دېدى:

قەمەر يۈزلۈك، قەلەم قاشلىق نىگارىم،
چاكى گىرىبانىم غەرىب يەرلەردە،
كىيگەنى قىرمىزى، قامەتى شەمشاد،
ھالى پەرىشانىم غەرىب يەرلەردە.

ھېچ كىشى ياردىن جۇدا بولماسۇن،
بىر مېنىڭدەك بەختى قارا بولماسۇن،
يار كويىدە يىغلاپ ئادا بولماسۇن،
دىيدەسى گىريانىم غەرىب يەرلەردە.

ھەر كۈنۈم بولۇپتۇر بىر ئايدىن بەتتەر،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ ئەۋقاتىم ئۆتەر،
يىراغلىق تىغى باغرىمنى يىرتار،
بىر باغرى بىريانىم غەرىب يەرلەردە.

قەبا فەلەك سالدى خەتەرلىك جايغە،
مېنى چاتۇشتۇردى سانسىز بەلاغە،
مۇناجات ئەيلەيمەن قادىر ئاللاھغە،
ئاداشقان كارۋانىم غەرىب يەرلەردە.

سەنەۋبەرمەن شاھى خۇرشىد ئوغلىدىم،
بىر يار ئۈچۈن سىينەلەرىم داغلادىم،
بىر جادۇگەر قولىندە بەند باغلادىم،
پۇر سەرگەشتە ئىنسانمەن غەرىب يەرلەردە،

ئەلقىسسە، ئەسلىدە [بۇ قىزنى] مېھر ئەنگىز جادۇ دەر ئېردىلار. بۇ جاي ئۇنىڭ مەكانى ئېردى. [ئۇ] بىر ئاۋۋچ تۇپراغقە ئىسمى ئەئزەم ئوقۇپ، ساچىپ

ئىدى، سەنەۋبەر دەرھال ئادەم سۈرەتىغە يەرگە تۈشتۈڭ؟»، ــ دېدى. [سەنەۋبەر]
كەلدى. مېھرئەنگىز: «نە سەبەبتىن بۇ ئەھۋالنى بەيان قىلدى:

شۇكرىللىلاھ، قايتادىن ئالەمدە گويا بولمىشەم،
گۈلشەن ئىچرە ئەندەلىبى مەستۇ شەيدا بولمىشەم،
گويىيا بىر بەرق ئىدىم، يوقدىن ھۇۋەيدا بولمىشەم،
يا ئەسىرى كافەرى بەد مېھر تەرسا بولمىشەم،
بولمىشىم سەرگەشتەئى مەجنۇنى سەھرا بولمىشەم.

قالمىشەم يالغۇز بەلا دەشتىدە يوقتۇر مەھرەمىم،
ھەرزەمان يۈز دەردۇ مېھنەتتىن قۇتۇلماس پەيكەرىم،
ھەمدەمىم مېھنەت مۇساھىب، غەم فەلاكەت لەشكەرىم،
كۆيدۇرۇپ ھىجران ئوتى ساۋۇردى بۇ خاكىستەرىم،
غەم قولىدا بىسمىلى شەمشىر بۇررا ئولمىشەم.

ئەي قەمەر يۈزلۈك، شەكەر سۆزلۈك پەرىلەر سەرۋەرى،
مەھۋ بولدۇم مەن جەمالىڭغە قاراپ، ئەي مۇشتەرى،
دەھر ئارا سەنسەن سەنەۋبەرنى ۋەفالىق دىلبەرى،
مەستۇ ھەيرانىم خەتى خالىڭنى كۆرگەندىن بېرى،
مەن ئەجەب مۇستەغرەقۇ روبى تەماشا بولمىشەم.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر مېھرئەنگىز جادۇ
بىرلە ئىككەۋلەن بىرلىكدە مەستان جادۇنى
ئۆلدۇرۇدىلەر. سەنەۋبەر جادۇگەرنى ئۆلتۈ-
رۇپ، «بىۋەفا دۇنيا» دەپ بىر سۆز ئايت-
قانى:

ۋەلى كۆڭلۈم بۇ دۇنياغە قۇۋانمە،
بۇ دۇنيا كىمسەگە ۋەفا ئەيلەدى
كەل كۆڭلۈم بۇ دۇنياغە قۇۋانمە،
بى بەقادۇر كىمگە ۋەفا ئەيلەدى.

ھەرگىز قۇۋانماغىل دۇنيا مالىغە،
ئېھتىماد ئەتمەگىل ماھۇ سالىغە،
بىرەۋنى يەتكۈزۈپ يار ۋىسالىغە،
بىرەۋگە مىڭ تۈرلۈك جەفا ئەيلەدى.

بۇ دۇنيادە ھەركىم مەنمەنلىك ئەتتى،
فەلەك ئاخىر ئانىڭ باشىغە يەتتى،
بىرنەچچە ئاشىقلار مۇرادىغە يەتتى،
نەچچەنى يارىدىن جۇدا ئەيلەدى.

دۇنيادە كەچتى نەچچە دەۋرانلارى،
خەزاندىن قۇتۇلماس گۈلىستانلارى،
ئەجەلنىڭ قولىدىن بەگ - سۇلتانلارى،
ئاخىر ھەسرەت بىلەن فەزا ئەيلەدى.

ئاشىقلار نەيلەسۇن يارسىز بۇ جانى،
زىندانىدۇر كۆزىگە ياخشى جەھانى،
سەنەۋبەر يارىنىڭ داغى ھىجرانى،
ئەلغەدەك قەددىمنى دوتا ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، مېھرئەنگىز سەنەۋبەرگە ئاشىق بولدىلار. ئۇلار ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلار، بىرنەچچە كۈندىن سوڭ سەنەۋبەر دۇئا قىلىپ كېتەر بولدى. مېھرئەنگىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ: «مۇندىن كەتسەڭ مېنى ئۇنۇتمىغايسەن»، — دەپ بىر سۆز ئايتقانى:

مۇندىن كەتسەڭ سۆيەر يارىم،
بىزنى ھەم پىنھان ئەيلەمە.
سەن مېنىڭ ۋەفالىق يارىم،
قارا باغرىم قان ئەيلەمە.

سەن بارۇرسەن ئايدەك تولۇپ،
باغرىم ئىچى زەرداپ بولۇپ،
مەن قالۇرمەن گۈلدەك سولۇپ،
ئەھد ئىلە پەيمان ئەيلەمە.

سەنسەن جانىمنىڭ جەۋشەنى،
گۈل يۈزلۈك جۇفت گۈلشەنى،
يادىڭدىن چىقارىپ مېنى،
ھالىم پەرىشان ئەيلەمە.

سەنسەن جانىمنىڭ جەۋشەنى،
قويدى ماڭا ھىجران بەسى،
پەرۋەر ئېتىپ بۇلبۇل كەبى،
گۈلشەنىم خەزان ئەيلەمە.

سەن كېتەرسەن ئايدەك تولۇپ،
يۈرەكىم پەردەسىن يىرتىپ،
مېھر ئەنگىزنى قان يىغلاتىپ،
باغرىمنى بىريان ئەيلەمە.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر مېھر ئەنگىزگە تەسەللى بېرىپ، قايتىقىل دەپ كۆڭلىنى ئالىپ بىر سۆز ئايتقانى:

سۇنبۇلدەك باشىن ئېگىپ يىغلاغان،
ئاھۇ كۆزلۈك شەھسەۋارىم، قايت ئەندى.
يىراغلىغ ئوتىغە باغرىن داغلاغان،
شىرىن تىللىق شەھسەۋارىم، قايت ئەندى.

مېنى دەبان بولما يەنە پەرىشان،
بىھۇدە تارتمىغىن ئاھ ئىلە ئەفغان،
مەجنۇندەك بولۇرسەن چۆللەردە ھەيران،
نازلىق دىلبەر بوگۈن يەنە قايت ئەندى.

نې سەبەبتىن قارا كۆزۈڭ سۈزۈلدى،
زەئفىراندەك رەڭگى ـ رويۇڭ ئۈزۈلدى،
يىغلاما دىلبەرىم باغرىم ئېزىلدى،
خۇش قىلىقلىق ۋەفادارىم، قايت ئەندى.

مېنى كەتتى دەبان چىقما يوللارغە،
قايىرىلىپ باقماغىل ساغۇ سوللارغە،
جانىم فىدا بولسۇن ئىنجىچ بەللەرگە،
نازەنىنىم، ۋەفادارىم، قايت ئەمدى.

سەنەۋبەرنىڭ سەنسەن ۋەفالىق يارى،
ساڭا سەدقە بولسۇن جانى ئەفكارى،
كۆزۈم رەۋشەنى، كۆڭلۈم مەدارى،
ئورتا بويلۇق، ئاق مەزارىم قايت ئەمدى.

ئەلقىسسە،[سەنەۋبەر يۈرۈپ كەتتى.]
كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر جايغە يېتۈشتىكىم، ئاخشام ياتارغا ھېچ يەر تاپمادى. ئاخىر بارىپ، بىر چىنارنىڭ ئۈستىدە ياتتى ئېرسە، تۈشىدە بىرەۋ ئۈنىڭغا ئايدىكىم:
— بۇ يەردە چەھار باغ باردۇر، ئاندە نەسىبەڭنى ئالغىن، — دېدىلەر.
ئەلقىسسە، ئەتىگەن تۇرۇپ قارىسا بىر چەھارباغ كۆرۈندى، بارىپ چەھارباغقە داخىل بولدى. كۆرەركىم، بىر ھەۋزنىڭ لېۋىدە قىرىق قەلەندەر شەراب ئىچىپ ئولتـ

تۇرۇپدۇرلار. ئۇلار سەنەۋبەرنى چىرلاپ ئالدىلار ۋە يەنە بىركاسە شەراب بەردىلەر [سەنەۋبەر شەرابنى ئىچتى.] كۆككە باقىپ يەتتە قات ئاسمانىنى كۆردى. يەرگە باقىپ پۇشتى ماھىنى كۆردى.

قەلەندەر سورادىكىم:

— ئەي يىگىت، كۆكتە نە كۆردىڭ؟
ۋە يەنە يەردە نە كۆردىڭ؟

سەنەۋبەر بىر - بىر بەيان قىلغانلارى:

ئەرزىمنى ئىشتىڭ ئەزىز ئىشانلار،
ئەۋۋەلا چىھىلتەنلەر بارىنى كۆردۇم.
قولىندە پىيالە، يانىدە شەراب،
ئاندا قىرىق قەلەندەر قارىنى كۆردۇم.

بىر كاسەنى قۇيۇپ بەردى رەۋانە،
ئالىپ ئىچتىم يەنە بولدۇم دىۋانە،
ئەززارە ئەيلەدىم باقىپ ئاسمانە،
يەتتە قات ئاسمانىنى بارىنى كۆردۇم.

بارچەسىنىڭ ئىچى تولا پەرىشتە،
ئانى كۆرمەس بول ئادەمى سىرىشتە،
تۇبى ياغاچىنى كۆردۇم بىھىشتىدە،
ئاندا بۇلبۇللارنىڭ زارىنى كۆردۇم.

رەسۇلنى كۆرمىشەم ئۇممەت غەمىندە،
سەھابە يانىدا كەۋسەر بويىندە،
ھەرقايىسى ھەريانىدە كاسە قولىندە،
رەسۇلنىڭ تۆت سۆيەر يارىنى كۆردۇم.

تۆرتىلەنچى ئاسماندا ھەزرەتى ئىيسا،
ئالتىلەنچى كۆكدە مەسجىدى ئەقسا،
ئول مەقامى بولغان جۇملە ئەنبىيا،
ئاندا جىبرىئىلنىڭ پىرىنى كۆردۇم.

بىر نەچچە مەلائىك تەسبىھىن ئايتىپ،
چىقارىپ ئافتابنىڭ تەابىن تارتىپ،
بىرنەچچەسى تائەت ئەيلەپ سەپ تۇپ- تۇپە،
ئاندا مەلائىكلەر زارىنى كۆردۇم.

بۇ دۇنيانى كۆردۇم يوقتۇر بەقاسى،
غەنىمەتدۇر ۋەلى زەۋقى سەفاسى،
ھەزرەتى مۇسانىڭ قولدا ئەساسى،
مۇناجات ئەيلەگەن تۇرىنى كۆردۇم.

مەي ئىچىپ ھالىم بولدى دىگەرگۇن،
ئالدىمدىن پەردەنى كۆتەردى شولكۇن،
ئىبراھىم خەلىلنى كۆيدۇرمەك ئۈچۈن،
نەمرۇدنىڭ ياندۇرغان نارىنى كۆردۇم.

مەنسۇرنىڭ تىرەسىنى سويدۇردىلار،
سەمان تىقىپ دەرۋازەگە قويدۇردىلار،
باشىن كىسىپ، دەرۋازەگە ئاستىلار،
مەنسۇرنىڭ ئاسىلغان دارىنى كۆردۇم.

كەراماتى ھەقدۇر بارچە ۋەلىنىڭ،
بىر ئاللاغە ئاشىق بولغان قۇلىنىڭ،
خانىقاھ ئىچىندە ھەزرەت ئەلىنىڭ،
ئۇن بىر ئوغلى بىلەن چىھرىنى كۆردۇم.

سەنەۋبەر دەر يىغلاپ ئەفغان ئەيلەسەم،
نىھان سىرلارىمنى ئەيان ئەيلەسەم،
كۆرگەنىمنى بىر - بىر بەيان ئەيلەسەم،
ھەقنىڭ دەرگاھىندە بارىنى كۆردۇم.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر ئۇلاردىن رۇخسەت ئالىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، بارۇر ئىردىكىم، ناگاھ بىر ھەۋز ۋە يەنە بىر چەھار باغ كۆرۈندى. ئايدىكىم: «بۇ مەنزىلدە فەراغەت قىلماسام بولماس» دەپ، سايەدە ياتىپ ئارام ئالدى. ئاما، بول جايدا بىر زەڭگى پادىشاھنىڭ قىزى

باز ئېردى [بۇ] ئانىڭ چەھارباغى ئېردى. چەھارباغدا شەراب ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئېردى. ناگاھ، قىزلارنىڭ بىرسى بۇ چەھارباغقە كەلدى. ئېرسە، سەنەۋبەرنى كۆرۈپ، مۇنى ئۇلارغە خەبەر بەردى. سەنەۋبەرنى تۇتۇپ ئالىپ بارار ئېردى. قىزلار مۇنى كۆرۈپ، دەخلى قىلدىلار. ئامما سەنەۋبەر زار-زار يىغلاپ، بىر سۆز ئايتقانى بۇتۇرۇر:

ئىشق ئوتىغە يانە-يانە،
گۈل يۈزۈم سولدى نەيلەيىن،
قولۇمدىن كەتتى دەۋرانىم،
پەيمانە تولدى نەيلەيىن.

ئۆرتەنىپ داغى ھىجرانىم،
خەزان ئۇردى گۈلىستانىم،
يىغلاشىپ يارۇ يارانىم،
رەقىبلەر كۈلدى نەيلەيىن.

نەلەر كەزدىم چۆللەرى،
تولانىسە ساغ-سوللارى،
شۇم فەلەك ئۆتمەس كۈنلەرى
باشىمە سالدى نەيلەيىن.

ئۆلدۈم يىراغلىق دەردىغە،
قالدىم غەرىبلىق يۇرتىغە،
ئىككى كۆزۈم يار يولىغە،
تەلمۈرۈپ قالدى نەيلەيىن.

تۈشۈمدە كۆردۈم بىر پەرى،
باشىمە سالدى مەھشەرى،
تېشىپ بۇ ئىشقىڭ خەنجەرى،
باغرىمنى تىلدى نەيلەيىن.

ئۈستىمىزدىن ئۆتەر ئايلار،
بىزە قويىدى ئاھ-ۋايلار،
زەرردىن جىيغالىق ھۇمايلار،
بىگانە بولدى نەيلەيىن.

سەنەۋبەر يىغلا بۇ فۇرسەت،
پىرىڭدىن ئىستەگىن ھىممەت،
بىزگە بۇ يازىلغان قىسمەت،
ئاللادىن كەلدى نەيلەيىن.

ئەلقىسسە، زەڭگىنىڭ قىزى سەنەۋبەرغە ئاشىق بولۇپ، ئايدىكىم:

— ئەي ئادەمزاد، شەئنىمدە بىر سۆز تەئرىف قىلىپ ئايتقىن، — دېدى. ئېرسە تەئرىف قىلغانى:

تەئرىفىڭ ئايتايىن مامىلىق مەستان،
قاراندىن قارادۇر يۈزلەرىڭ سىنىڭ،
قاشلارىڭ قىلىچدۇر، قۇلاغىڭ قالقان،
شەھ كاسە مەڭزەر كۆزلەرىڭ سىنىڭ.

ساچباغىڭ ئىلاندۇر، قەددىڭ مۇنارە،
قوللارىڭ ئوخشايدۇر شاخى چىنارە،
ماڭا باقىپ كۆپ سۆزلەمە بىر بارە،
زەھەردىن ئاچچىغدۇر سۆزلەرىڭ سىنىڭ.

ئىگنىڭگە كىيىپسەن قارا لىباسى،
بىلمەدىم كىم ئۈچۈن تۇتتۇڭ ئەزاسى،
ئۆزاتما قولۇڭنى كۆپدۇر ئىزاسى،
تاياقتىن قاتتىقتۇر نازلارىڭ سىنىڭ.

خىزمەتىڭدە تۇرۇپدۇر بىرنەچچە قارقىن،
باشىغە كىيىپدۇز ئەسكى قۇلاقچىن،
بارىنىڭ بويداشى ئالا ئارغامچىن،
ئورداتە مەڭزەر قىزلارىڭ سىنىڭ.

سەنەۋبەرنى ئۆرتەپ، كۆيدۈردى داغىڭ،
ئەجەب بەدنەمادۇر باشدىن-ئاياغىڭ،
كەربەلا چۆلىندە باغ-چەھارباغىڭ،

زىمىستان مەڭزەر يازلارىڭ سىنىڭ.

ئەلقىسسە، قىزنىڭ ئاچچىغى كەلدى:

— سەنەۋبەرنى ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيۇردى.

سەنەۋبەرنىڭ قول - ئاياغىنى باغلاپ ئۆلتۈرۈر بولدى. ئېرسە، سەنەۋبەر «يارىمنى كۆرمەس بولدۇم» دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، زار - زار چۈن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ بىر سۆز ئايتقانى:

مەن نەيلەيىن نازۇك قولۇم باغلاندى،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.
بۇ زەڭگىلەر ئۆلتۈرۈرگە چاغلادى،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

قەبىھ فەلەك ئاغۇ قوشتى ئاشمە،
تۈگەنمەس سەۋدالار سالدى باشمە،
ھېچكىم رەھىم ئەيلەمەس قانلىق ياشمە،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى،

ئەمدى بىلدىم جانىم تەندىن ئۈزۈلدى،
يىراغلىغ دەردىدىن باغرىم ئېزىلدى،
پېشانەمگە بۇ قىسمەتلەر يازىلدى،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

جۇدالىغ دەردىدىن باغرىم پارەدۇر،
ھېچ بىلمەدىم بەختىم نېدىن قارەدۇر،
ھەسرەت بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈپ بارەدۇر،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

سەنەۋبەرنىڭ پىرى يا شاھى مەردان،
زەڭگىلەر قولىندا قالمىشەم ھەيران،
رەھىم ئەيلە قولۇم تۇت، قويما سەرگەردان،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

ئەلقىسسە، بىر دايە تىلەپ ئالدى ۋە يەنە بىرنەچچە ئادەم سەنەۋبەرنى قەپەسكە سالىپ قويدى. كۈنلەردە بىر كۈن [زەڭگىلەر] شەراب ئىچىپ مەست بولۇپ يەقىلدى. ئېرسە، سەنەۋبەر قەپەسنى ئۇشاتىپ چىقتى. ئاخىر قاچىپ، نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ بىر مۇرغىزارىغە يولۇقتى. ھاۋادا سوپى تورغاي سايرار ئېردى، سەنەۋبەرنىڭ يارى يادىغە تۈشۈپ بىر سۆز ئايتقانى:

كۆكدە كەزگەن تورغاي قۇشى،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟
نە ئۈچۈن چەكدىڭ نالەشى،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟

بۇلبۇلدەك چىكىپمەن زارى،
ئىستەرەم ۋەفالىق يارى،
بىشەدە لاچىن، شۇڭقارى،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟

باغچەلىق، بوستانلىق باغلار،
تەر ئاچىلغان گۈلىستانلار،
تۇتى قۇمرى غەزەلخانلار،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟

ئۈستى قارلىق بىيىك تاغلار،
ئاۋجى مەزارىن ئاۋلار،
باغدەكى بۇلبۇلۇ زاغلار،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟

كۆككە باقتىم كۆردۈم ماھى،
يەر يۈزىدە چەكتىم ئاھى،
سەنەۋبەر قۇلىنىڭ ھەمراھى،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)




## پەرىزاد بىلەن شاھزادە

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەرەڭ شەھەرىدە خۇسرەۋ شاھ ئاتلىق ناھايىتى ئادىل بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بىھېساب بولۇپ، خەزىنە - دەپىنىلىرىدىكى لەئەل - گۆھەرلەرنىڭ تەكىدىشى يوق ئىكەن. شاھنىڭ شۇنداق گۈزەل بىر بېغى بار ئىكەنكى، كىشىگە جەننەت ھۆزۈرىنى بېغىشلايدىكەن. يەر يۈزىدە بۇنداق باغدىن يەنە بىرى يوق ئىكەن. بۇ باغدا رەڭگارەڭ گۈللەر، ياپيېشىل چىمەنزارلار، خۇش ناۋا بۇلبۇللار بار بولۇپ، ھەر تۈرلۈك قۇشلارنىڭ چاڭ كەلتۈرۈپ سايراشلىرى ئادەمنى مەست قىلار ئىكەن. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بار بولۇپ كۆلنىڭ ئەتراپى خام مەر مەردىن ياسالغان ئىكەن. كۆلنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى مەر مەر شىر ئورنىتىلغان بولۇپ، سۇ بىرىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ قۇيرۇقىدىن چىقسا، يەنە بىرىنىڭ قۇيرۇقىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقىپ نوكەشىنىڭ رولىنى ئۆتەيدىكەن. بۇ باغدا يوغان بىر تۈپ چىنار بار ئىكەن. ئەگەر قىرىق ئادەم غۇلچىنى كېرىپ بۇ چىنارنى قۇچاقلىسىمۇ ھەرگىز قۇچىقى يەتمەيدىكەن. بۇ چىنارنىڭ ئۈستىدە پەرىزات ماكان تۇتقان ئىكەن. پەرىزاتنىڭ گۈزەل جامالى قاراڭغۇ تۈننى روشەن قىلار ئىكەن. نۇرغۇنلىغان پادىشاھلار بۇ پەرىنىڭ ئىشقىدا باش قويۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئىكەن.

خۇسرەۋ شاھنىڭ ھۆسن - جامالى كۈننى خىجىل قىلىدىغان 14 ياشلىق بىر قاۋۇل ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقماقچى بولۇپ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي پەرزەنتىم، سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن. سەن بۇ باغنىڭ ئىچىگە زىنھار كىرمىگىن. مۇبادا كىرىپ تارتىپ قالساڭ يوغان چىنارنىڭ تۈۋىگە بارمىغايسەن. ئۇزۇندىن بۇيان بىر پەرىزات ئۇ چىنارغا ماكان تۇتقاندۇر. مۇبادا ئەگەر سەن ئۇ پەرىزاتنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا شەيدا بولۇپ قالساڭ ھەرگىز مەقسىدىڭگە يېتەلمەيسەن. چۈنكى پەرىزاتقا ئاشىق بولغان ھېچقانداق كىشى مۇرادىغا يەتكەن ئەمەس. ئوغلۇم، سەن مېنىڭ بۇ نەسىھىتىمنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىن، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ باغۋەنلەرگىمۇ شاھزادىنى باققا كىرگۈزمەسلىكنى قاتتىق جېكىلەپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ.

بىركۈنى شاھزادە ھېلىقى باغنىڭ ئىشىكىگە كېلىپتۇ. ئۇ ئىشىكنى ئاچالمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى سۇندۇرۇپ باغقا كىرىپتۇ. ئۇ باغدا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ يوغان چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاپتۇ ۋە تۇيۇقسىزدىن چىنارنىڭ ئۈستىدىكى پەرىزاتقا كۆزى چۈشۈپتۇ. پەرىزات بۇنى كۆ-



رۇپلا قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ شاهزادە پەرىزاتنىڭ ئىشقىدا مەجنۇنغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي ئانا، ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن پەرىزاتنى ئىزدەپ تاپسام، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئانىسى شاهزادىگە تۈرلۈك نەسىهەتلەرنى قىلىپ بۇ يولدىن قايتۇرۇشقا ھەرقانچە ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ شاهزادە زادى ئۇنىماپتۇ. ئاخىرى ئانىسى:

— ئوغلۇم، ھېچ بولمىسا ئاتاڭ كەلگۈچە بولسىمۇ سەبرى قىل. ئاتاڭ قايتىپ كەلسە سېنى ئوبدان جابدۇپ يولغا سالايلى، — دەپتۇ.

— ئەي ئانا، مېنى ياخشىلىقچە يولۇمغا ماڭغىلى قويسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ شاهزادە.

مەلىكە ئامالسىزلىقتىن يول تەييارلىقلىرىنى راسلاپتۇ. خۇسرەۋ شاھنىڭ بىر ئايلىق يولنى ئۈچ كۈندە باسىدىغان، تۈكلىرى رەڭگارەڭ پارقىراپ تۇرىدىغان بىر ئېتى بار ئىكەن. شاهزادە ئانىسىدىن شۇ ئاتنى سوراپتۇ. ئانىسى ئۇ ئاتنى جابدۇپ تەييارلىتىپتۇ ۋە بىر قانچە قېچىرتۆگىلەرگە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى يۈكلەپتۇ. شاهزادىنىڭ كوكۇلدىشىنى ۋە ئۈچ خىزمەتكارنى بىللە قوشۇپ يولغا سالپتۇ.

شاهزادە يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەندىمۇ يول يۈرۈپتۇ. ئۈچ ئاي بولغاندا بىر چۆل باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ چۆلدە قۇم - تىكەندىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىكەن. شاهزادە بۇ سەهرادا مېڭىپ - مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە قارىغۇدەك بولسا ئالدىدا بىر چېدىر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ چېدىرغا كىرىپتۇ. چېدىرنىڭ ئىچىدە چېهرىسىدىن نۇر چېچىلىپ تۇرغان، چاچ - ساقاللىرى كۆمۈشتەك ئاقارغان بىر مويسىپىت ئادەم ئولتۇرغۇدەك. شاهزادە ئۇنىڭغا سالام قىپتۇ ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۇ زاتتىن پەرىزات توغرىسىدا سوراپتۇ. ئۇ مويسىپىت شاھزادىگە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ بىر ئاكام بار. شۇ پەرىزات ھەققىدە مەندىن ياخشىراق بىلىدۇ.

— بوۋا، قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

ئەي بالام، ھازىر 700 يىل ئۆمۈر كۆردۈم. تەڭرى ماڭا شۇنداق كارامەت ئاتا قىلغانكى، مەن ئۆلگىلى ئۈچ ئاي بولغان ئۆلۈكنى بىر دەمدە تىرىلدۈرەلەيمەن.

شاھزادە بىر قېچىر ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بىر قۇلنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىپ بوۋايغا قالدۇرۇپ، ئۆزى سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە بىر چېدىر كۆرۈنۈپتۇ. چېدىرغا كىرىپ قارىسا مۇبارەك ساقاللىرى ئۈچىدەك ئاقارغان، چىرايىدىن رىيازەت چەككەنلىكى نامايان بولۇپ تۇرغان بىر بوۋاي ئولتۇرغۇدەك. شاھزادە بۇ ئەزىزگە سالام بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن پەرىزادنىڭ ئۇچۇرىنى سوراپتۇ. بوۋاي دەپتۇكى:

— مېنىڭدىن چوڭ بىر بۇرادىرىم بار. شۇ بۇ ھەقتە ناھايىتى ئوبدان سۆزلەپ بېرىدۇ.

— شاھزادە بوۋاينىڭ يېشىنى سوراپتۇ.

— ئەي بالام، — دەپتۇ بوۋاي، — مەن سەككىز يۈز يىل ئۆمۈر كۆردۈم. تەڭرى ماڭا شۇنداق بىر قۇدرەتنى بەرگەنكى، كىمنىڭ يۇلتۇزى يەرگە چۈشسە، يەنى كىم ئاخىرەتكە سەپەر قىلماقچى بولسا مەن ئۇنى ئالدىن بىلەلەيمەن.

— ئەي بۇزرۇكۋار، مەن كەمىنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغايسىز، — دەپ، شاھزادە بىر قېچىرغا يۈكلەنگەن ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بىر قۇلنى سەدىقە قىپتۇ، ئاندىن بوۋايدىن رۇخسەت ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

شاھزادە شۇ ماڭغىنىچە بىر ئاي بولغاندا بىر چېدىرغا يېتىپ كەپتۇ. چېدىرغا كىرىپ قارىسا قارا ساقاللىق بىر ئادەم ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىكەن. شاھزادە ئۇنىڭغا سالام بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئادەم شاھزادىدىن ھال - ئەھۋال سوراپ داستىخان كەلتۈرۈپتۇ. تائامدىن كېيىن شاھزادە بۇ ئادەمنىڭ يېشىنى سوراپتۇ.

— مەن توققۇز يۈز ياشقا كىردىم. تەڭرى تائالا ماڭا شۇنچىلىك كۈچ - قۇدرەت بەرگەنكى، ئالتە ئايلىق يولنى بىر سائەتتە باسىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى زات.

— ئەي بۇزرۇكۋار، مەن بىر غېرىب - مۇساپىرمەن. مېنىڭ مۈشكۈلاتلىرىمغا يار - يۆلەكتە بولارسىز، — دەپتۇ شاھزادە ۋە بىر قېچىر مال - دۇنيا بىلەن بىر قۇلنى سەدىقە قىپتۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ سەپەرگە ئاتلانغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ زات شاھزادىگە:

— مۇشۇ يولدىن چىقماي ئۇدۇل ماڭغىن. بولمىسا خەتەرگە يولۇقىسەن، — دەپتۇ. شاھزادە بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەيران بوپتۇ. بۇ ئۇلۇغ زات شاھزادىگە چۈشەندۈرۈپ:

— شاھزادە، كىچىك ئىنىم بىر ئايدا بىر قېتىم ئىپتار قىلىدۇ. چوڭ ئىنىم ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئىپتار قىلىدۇ. مەن ئۇلاردىن چوڭ، لېكىن ئۈچ ئايدا بىر قېتىم غىزالىنىمەن. بىزنىڭ چاچ - ساقاللىرىمىزنىڭ ئاق - قارا بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇنىڭدىندۇر، — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ زاتتىن رۇخسەت سوراپ

يولغا چىقىدىغان چاغدا ئۇلۇغ زات شاھزادىنىڭ كوكۇلدىشىنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا تاپىلاپتۇ:

— بۇ يولدا بىر جادىگەر موماي ماكان تۇتقان. بۇ جادىگەر پەرىزاتقا ئاشىق بولغان نى-نى شاھزادىلەرنى ئۆلتۈرگەن. پەرىزاتنىڭ ماكانىغا بېرىشتا يۈز تۈرلۈك مۈشكىلات بار بولۇپ، جادىگەر موماي شۇ مۈشكۈللەرنى قانداق يېڭىشنىڭ چارىسىنى بىلىدۇ. جادىگەر موماي ئالدىڭلارغا تائام ئەپكەلسە ھەرگىز يېمەڭلار، بەلكى ئۈستىلىق بىلەن ئۇنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ قويۇپ بارلىق سىرلارنى سوراپ بىلىۋېلىڭلار. ئاندىن ئۇنى تىرىك قويۇۋەتمەي چوقۇم ئۆلتۈرۈپ تاشلاڭلار. بولمىسا ئۇ سىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

كوكۇلداش ئۇلۇغ زاتنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاھزادىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭدىن نېمە دېگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئەمما كوكۇلداش:

— ئۇلۇغ زات «بۇ سۆزلەرنى شاھزادىگە دېمە» دېگەنىدى، — دەپ ئېيتماپتۇ.

ئەلقىسسە، ئۇلار يولغا چىقىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن بىر يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. شاھزادە ئېتىنى ئوتقا قويۇۋېتىپ ئۆزى بىر دۆڭگە چىقىپ ئەتراپقا قارىسا، يىراقتىن تۈتۈن كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تۈتۈن چىققان يەرگە يېقىنلىشىپتۇ. يىراقتا كۆرۈنگەن تۈتۈن ئەسلىدە مۇشۇ يەردىكى بىر ئەسكى كەپىنىڭ تۈرخۇنىدىن چىقىۋاتقان ئىكەن. بۇ كەپىنىڭ ئىچىدە بىر قېرى موماي بار ئىكەن. ئۇ شاھزادىنى كۆرۈپ كەپىدىن ئالمان-تالمان چىقىپ ئۇنىڭ ئاستىغا كۆرپە ساپتۇ، دەرھال تاماق تەييارلاپ بىر تاۋاق ئاشقا زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ.

بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ كوكۇلدىشى چۈشكۈن قىلغان جايدا قالغانىكەن. شاھزادىنىڭ بىر ياققا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، كەينىدىن ئۇمۇ مېڭىپتۇ.

شاھزادە ئاشنى ئەمدى ئاغزىغا ئاپىرىپ تۇرۇشىغا، كوكۇلدىشى يىراقتىنلا ئۇنىڭغا «ئەي شاھزادە، ئۇ ئاشنى ھەرگىز يېمەڭ!» دەپ ۋارقىراپتۇ. شاھزادە ئاشتىن قولىنى تارتىپتۇ. كوكۇلدىشى يېتىپ كېلىپ جادىگەر مومايغا سالام قىپتۇ. جادىگەر يەنە بىر تاۋاق ئاش ئەپكېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ جادىگەرنىڭ ئىككى قولىدىن مەھكەم تۇتۇۋېلىپ يەرگە يىقىتىپتۇ-دە، كۆكسىگە مىنىۋاپتۇ.

— ئەي قانجۇق، راستىنى ئېيتقىن، پەرىزات زادى قەيەردە؟ ئۇ يەرگە قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ ئۇنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟

— ئەگەر دەپ بەرسەم مېنى قويۇۋېتەمسەن؟

— شۇنداق.

— پەرىزاتنىڭ ماكانىغا پالانى يول بىلەن بارغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ يولدا تۆت تۈرلۈك تىلسىم ئورنىتىلغان تۆت دەريا بار. بىرىنچى دەريا ئوت دەرياسى، ئىككىنچىسى بوران، ئۈچىنچىسى تۇپراق، تۆتىنچىسى سۇ دەرياسىدۇر. بۇ دەريالارغا يېتىپ بارغاندا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇساڭلار بۇ تۆت تۈرلۈك تىلسىم دەريادىن سالامەت ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر. ئۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر يېشىل گۈمبەز نامايان بولىدۇ. پەرىزاتنىڭ ماكانى ئەنە شۇ جايدۇر.

www.uyghurkitap.com

ئۇ گۈمبەزنىڭ ئالدىغا ئىككى ئىت باغلاقلىقتۇر. ئەگەر پاشا، چىرۋىن ئۇچۇپ ئۆتسىمۇ بۇ ئىتلار دەرهال سېزىۋالىدۇ. بۇ ئىتلارنىڭ بىرىنى بوران، بىرىنى بۇلۇت دەپ ئاتايدۇ. سىلەر گۈمبەزنىڭ ئىشكىنىڭ تۈۋىگە بىر ئورا كولاپ، ئۆزۈڭلار ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىڭلار. بارغىچە پىستە مېغىزىدىن يانچۇقۇڭلارغا قاچىلاۋېلىڭلار. ئورىدىن كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم بېشىڭلارنى چىقارساڭلار، ئىتلار هەر قېتىمدا قاتتىق قاۋاپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا پەرىزات ئويغىنىپ تالاغا چىقىپ قاراپ، هېچقانداق غەيرىي نەرسە كۆزىگە چېلىقمىغاندىن كېيىن قايتىپ كىرىپ كېتىدۇ. تۆتىنچى قېتىم ئورىدىن چىقىپ ئىتلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ، ئالدىغا پىستە مېغىزىنى تۆكۈپ بەرسەڭلار ئۇلار هەرگىز هاۋشۇمايدۇ. شۇ چاغدىلا سىلەر گۈمبەزگە كىرەلەيسىلەر. گۈمبەزگە كىرىپ پەرىزاتنى ئۆزىنىڭ چېچى بىلەن مەهكەم باغلىۋېتىڭلار. چۈنكى پەرىزادنى ئۆزىنىڭ چېچىدىن باشقا هەرقانداق نەرسە بىلەن باغلىغان بىلەنمۇ كار قىلمايدۇ. ئۇ يەردە يەنە سۇلايمان ئەلەيهىسسەلامنىڭ هەيكىلى بار. سىلەر ئاشۇ هەيكەلنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قەسەم قىلىڭلار.

— شۇنىڭ بىلەن هەممە ئىش پۈتەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ كوكۇلداش جادۇگەردىن.

— هە، شۇنداق، — دەپتۇ جادۇگەر.

— ئەي شاهزادە، — دەپتۇ كوكۇلدىشى، — بۇ ئابۇشقىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىش كېرەك.

ئۇلار جادۇگەر موماينى ئىتقا تاشلاپ بېرىپتىكەن، ئىتلارنىڭمۇ كۆڭلى ئايىنىپ يېيەلمەپتۇ.

— ئەي قانجۇق، سەن نېمىشقا شۇنچىۋالا شاهزادىلەرگە زەهەر بېرىپ هالاك قىلىسەن. ئۇلار ساڭا نېمە قىلغان؟ هېلىلا مەن يېتىپ كەلمىگەن بولسام بۇ شاهزادىنىمۇ ئۆلتۈرگەن بولار ئىدىڭ، — دېگىنىچە شاهزادىنىڭ كوكۇلدىشى غەزىپىگە پايلىماي جادۇگەر مومايىنىڭ جېنىنى جەهەننەمگە يوللاپتۇ.

شاهزادە بىلەن كوكۇلدىشى جادۇگەر مومايىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە پەرىزات بار تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ. تىلسىم قىلىنغان دەريالاردىن ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ، سالامەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يەنە بىر مۇنچە يوللارنى بېسىپ هېلىقى يېشىل گۈمبەزگە يېتىپ بېرىپتۇ. دېگەندەك گۈمبەزنىڭ ئىشىكىگە ئىككى ئىت باغلاقلىق تۇرغۇدەك، شاهزادە بىلەن كوكۇلدىشى جادۇگەر مومايىنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە ئىتلارنى جىمىقتۇرۇپ، گۈمبەزگە كىرىپتۇ. قارىسا ئالتۇن تەخت ئۈستىدە پەرىزات ئۇيقۇغا غەرق بولغانىكەن. ئۇلار تۇيدۇرماي بېرىپ پەرىزاتنى ئۆزىنىڭ چېچى بىلەن باغلىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا پەرىزات ئويغىنىپتۇ ۋە قاتتىق نالە - پەريات قىپتۇ.

— ئەي پەرى، سەن شاهزادىنىڭگە مەڭگۈ ۋاپا قىلىمەن دەپ، مۇشۇ هەيكەلنىڭ ئالدىدا قەسەم ئىچكىن، — دەپتۇ كوكۇلداش.

پەرىزاد قەسەم ئىچىپتۇ. ئاندىن كوكۇلداش شاهزادە بىلەن پەرىزادنى نىكاه قىپتۇ. بىر كۈنى شاهزادە بىلەن پەرىزات سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋېتىپ پەرىزاتنىڭ بىر تال چېچى سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ

كېتىپتۇ. شاھزادە چاچنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ تۇتالماپتۇ. پەرىزات شاھزادىگە:

«ھەرقاچان بىرەر ياققا ئاتلانماقچى بولسىڭىز مۇشۇ ئىتلارنىڭ قۇيرۇقىدىن بىر تالدىن يۇلۇۋېلىپ يېنىڭىزدا ساقلاڭ. مۇبادا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالسىڭىز دەرھال ئوتقا سالسىڭىز ئىتلار ئالدىڭىزدا ھازىر بولىدۇ. ئەگەر يۈزمىڭ لەشكەر بولسىمۇ ئىتلار ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى بۇ ئىتلار دىۋە نەسلىدىندۇر. تەگرى ئۇلارنى ئىت سۈرىتىدە قىلىپ ياراتقان،» دېگەن ئىكەن. شۇڭا شاھزادە ئىتلارنىڭ تۈكىنى يېنىدا ساقلايدىكەن.

شۇ ئەتراپتا بىر شەھەر بار بولۇپ، پادىشاھى دېڭىزغا تور سالغىلى قىزىقىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ دېڭىزغا تور تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا پەرىزادنىڭ چېچى ئېقىپ كېلىپ تورغا ئىلىنىشىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇ چاچنى كۆرگەن ھامان چاچ ئىگىسىگە غايىبانە ئاشىق بوپتۇ ۋە يۈزمىڭ لەشكەرنى باشلاپ، شاھزادىنىڭ قېشىغا ئاتلىنىپتۇ. شاھزادە ئۆزىگە قارشى دۈشمەن كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئۇلارغا قارشى جەڭگە چىقىپتۇ. ئەمما دۈشمەنگە ئاجىز كەپتۇ. ئاخىر يېنىدىكى ئىتنىڭ قۇيرۇقىدىن يۇلۇۋالغان تۈكنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ زامان ئىككى ئىت پەيدا بوپتۇ. ئىتلار پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ چىشلەپ يەر بىلەن يەكسان قىلىپتۇ، پادىشاھ قېچىپ شەھەرگە ئاران كىرىۋاپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر موماي بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ. بۇ قېرى دەللە پادىشاھتىن ئىنئاملار ئېلىش تەمەسىدە ھىيلە-مىكرى رومالنى بېشىغا ئارتىپ ئۇدۇل پەرىزاتنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ. پەرىزات ئۇنى كۆرۈپ، يالغۇزچىلىقتا ئۆزىگە ھەمراھ تېپىلغىنىغا خۇشال بولۇپ دەللەنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قاپتۇ. موماي شاھزادە بىلەن كوكۇلدىشى ئوۋلاپ ئېلىپ كەلگەن گۆشلەردىن ھەر خىل غىزالارنى تەييارلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ شاھزادە بىلەن كوكۇلدىشىنىڭ تامىقىغا زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار تاماقنى يېگەن ھامان يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. پەرىزات ھەرقانچە نالە-پىغان قىلسىمۇ ئورنىغا كەلمەپتۇ. ئىپلاس دەللە پادىشاھقا:

«ئەي پادىشاھ، دۈشمەنلىرىڭنى ئۆلتۈردۈم. سەن دەرھال بىر كېمىنى چىرايلىق ياساپ، سۇنىڭ ئاستى بىلەن بۇ يەرگە كەلگىن. پەرىزاتنى مەن سۇ بويىغا باشلاپ كەلسەم، دەرھال ئۇنى تۇتۇپ كېمىگە سېلىپ ئېلىپ كەتكىن» دەپ خەۋەر قىلىپتۇ. ئاندىن پەرىزادنى ئالداپ-سالداپ يۈرۈپ دەريا بويىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى پەرىزادنى تۇتۇپ كېمىگە سېپتۇ. پەرىزات ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەپتۇ.

پادىشاھ پەرىزاتنى ئوردىسىغا ئاپارغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بوپتۇ.

— مېنىڭ جۈپتۈم سىزنىڭ قولىڭىزدا ھالاك بولدى. مەن ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ماتىمىنى تۇتۇپ 40 كۈن ئولتۇراي. ئاندىن كېيىن سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە بويسۇناي، — دەپتۇ پەرىزات پادىشاھقا.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى يولدا

شاھزادىگە ئۇچرىغان ئۇلۇغلاردىن ئىشتىمەك كېرەك.

بىر كۈنى ئۇلار ئۇچىلىسى ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرۇپ:

— ھېلىقى يىگىتتىن خەۋەر ئالمىدۇق. ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدىكىن...، — دېيىشىپتۇ.

ئەلقىسسە، ئۇلار بىرلىكتە ئەدەن سەھراسى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر يەرگە كەلگەندە شاھزادە بىلەن كوكۇلدىشنىڭ ئۆلۈكى ئۇچراپتۇ. ئۇلار بىر قاراپلا بۇ ئىككىسىنىڭ كىشى قولىدا ئۆلگەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇلۇغلارنىڭ بىرى دۇئا قىپتۇ، قالغان ئىككىسى قول كۆتۈرۈپ «ئامىن» دەپتۇ. ئىككى ئۆلۈككە دەرھال جان كىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. پادىشاھ پەرىزاتنى ئايرىم بىر ئۆيگە سولاپ قويغانىكەن. ئۇلۇغلاردىن بىرى ھېچ توسالغۇسىز پەرىزاتنى ئېلىپ چىقىپتۇ. ئاندىن شاھزادە، پەرىزات ۋە كوكۇلدىشنى بىللە ئېلىپ پەرىزادنىڭ ماكانىغا ئاپىرىپ قويۇپ، خوشلىشىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھزادە ئۆز يۇرتىنى ۋە ئاتا-ئانىسىنى سېغىنىپ پەرىزادنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. «شاھزادە پەرىزادنى ئېلىپ كېلىۋاتقۇدەك» دېگەن خەۋەر خۇسرەۋ شاھقا يېتىپتۇ. پادىشاھ دەرھال شاھزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۇ ئوغلىنى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ. ئەمما پەرىزاتقا ئاشىقى بىقارار بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە بىر يامان نىيەت چۈشۈپتۇ. ئۇ شاھزادىگە:

— ئەي ئوغلۇم، سەن سۇ بويىغا چۈشۈپ ئارام ئېلىپ تۇرغىن. مەن قايتىپ بېرىپ، سېنى شەھەر خەلقى ھەيران قالغۇدەك داغدۇغا بىلەن ئېلىپ كېتىمەن، — دەپ، ئۆزى شەھەرگە قايتىپ كېتىپتۇ. شاھزادە بىلەن كوكۇلدىشى سۇ بويىغا چۈشۈپ دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا كوكۇلدىشنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. «ئەي يىگىت، ھازىر خۇسرەۋ شاھ شاھزادىگە ئەگەر جابدۇقلىرى زەھەرلەنگەن ھەل بىلەن نەقىشلەنگەن بىر ئات ۋە چاڭگىلىغا زەھەر سۈرتۈلگەن بىر قارچىغا ئەۋەتىدۇ. شاھزادە ئاتقا مىنىپ، قارچىغىنى قولىغا ئالغان ھامان زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ. كىمكى بۇ سىرنى باشقىلارغا دەپ قويسا، ئۇ دەرھال تاشقا ئايلىنىدۇ.»

كوكۇلداش شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي جاندىن ئەزىز دوستۇم، ئاتاڭ ھەرقانداق نەرسە ئەۋەتسە ماڭا بېرەمسەن؟ — دەپتۇ.

— چوقۇم ساڭا بېرەي، — دەپتۇ شاھزادە.

ئۇزۇن ئۆتمەي مىراخورلار ئەگەرلەنگەن بىر ئات بىلەن بىر قارچىغا كەلتۈرۈپتۇ. شاھزادە بۇلارنى كوكۇلدىشقا تەقدىم قىپتۇ. ئۇ قۇشنى قولىغا ئېلىپلا يەرگە ئۇرغان ئىكەن پارە-پارە بوپتۇ. ئاتنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى خامتاراش قىپتۇ. شۇ ئارىدا پادىشاھ ۋەزىر-ۋۇزۇرالىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، شاھزادىنى شەھەرگە ئەپكىرىپتۇ. خۇسرەۋ شاھ شاھزادىگە ئاتاپ ئالتۇن گۈمبەزلىك، ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ساراي سالدۇرغان ئىكەن. سارايىنىڭ تاملىرىنى زەھەر بىلەن سۇۋاپ ئۈستىدىن ھەل بېرىپ ياساتقانىكەن. پادىشاھ، شۇ زەھەرلەر شاھزادىنىڭ بەدىنىگە چۈشۈپ ئۆلسە،

پەرىزاتنى ئىلكىمگە ئالسام، دېگەن نىيەتتە ئۆز ئوغلىنى قەسلەپتۇ.

ئەلقىسسە، پەرىزات بىلەن شاھزادە سارايغا كىرىپ ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. پەرىزادىنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەل ئېچىلىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا تامدىن ئۇنىڭ يۈزىگە بىر تامچە زەھەر ئېقىپ چۈشۈپتۇ. كوكۇلدىشى بۇنى كۆرۈپ «ئېسىت، بۇ پەرىزات ئەيىبناك بولۇپ قالدىغان بولدى» دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا يۈگۈرۈپ بېرىپ پەرىزاتنىڭ يۈزىنى تىلى بىلەن يالاپ پاك-پاكىزە تازىلىۋېتىپتۇ. كوكۇلداش شاھزادىگە شۇنچىلىك سادىق ئىكەنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق پالاكەتنى ئۆزىگە راۋا كۆرۈپتۇ. ئەمما بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شاھزادە كوكۇلدىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. شاھزادىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كوكۇلدىشى ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى دەپتۇ:

— ئەي شاھزادە، بىلەمسەن؟ ئاتاڭ سېنىڭ ئالدىڭغا چىققاندا پەرىزاتنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. ئاتاڭ سېنى سۇ بويىغا چۈشۈپ ئارام ئېلىشقا بۇيرۇپ ئۆزى شەھەرگە كىرىپ كەتكەندە قۇلىقىمغا غايىبتىن: «شاھزادىنىڭ ئاتىسى ئىگەر-جابدۇقلىرى زەھەرلەنگەن بىر ئات بىلەن تىرناقلىرى ئۆتكۈر زەھەرلەنگەن بىر قۇش ئەۋەتىدۇ..... ئەگەر بۇ سىرلارنى كىشىگە سۆزلەپ قويساڭ دەرھال تاشقا ئايلىنىسەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغانىدى. ساڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىم بىكار ئىكەندۇق، — دەپتۇ-دە، تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. شاھزادە ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ھوشىغا كېلىپ نادامەت قىپتۇ:

— ۋاي ئېسىت، بۇ ئىشلارغا مەن سەۋەبچى بولدۇم، — دەپ يىغلىغىنىچە كوكۇلدىشىنى دۈمبىسىگە يۈدۈپ يەتتە يىلغىچە كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. تولا يىغلاپ ئىككى كۆزى قارىغۇ بوپتۇ. خۇسرەۋ شاھ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، پەرزەند ئوتىدا ئۆرتىنىپتۇ. شاھزادە ئۈچۈن پەرىزاتنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپتۇ.

شاھزادە كوكۇلدىشىنى كۆتۈرۈپ شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ، بىر كۈنى بىر چۆل-جەزىرىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ جايدا ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسەلام بىر بۇلاقنىڭ بويىدا ئولتۇرغانىكەن. شاھزادە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي بۇزرۇكۋار، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئەقىلسىز، مەن ھەزرىتى خىزىردۇرمەن، — دەپتۇ، خىزىر ئەلەيھىسسەلام.

شاھزادە يىغلىغىنىچە ئۆزىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلاپتۇ.

— ئەي يىگىت، نېمە تەلەپىڭ بولسا ئېيتقىن، — دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسەلام.

— ئەي تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى، كوكۇلدىشىم تاشقا ئايلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ كۆزلىرىم كور بولدى. سىزدىن تىلەيدىغىنىم شۇكى، كۆزۈم روشەن بولسا ۋە كوكۇلدىشىم ئەسلىگە كەلسە.

خىزىر ئەلەيھىسسەلام دەرھال دەرەخنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىنى ئېلىپ شاھزادىنىڭ كۆزىگە سۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى دەرھال ئېچىلىپتۇ. ئاندىن قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىپتىكەن، كوكۇلدىشى ئەسلىگە كېلىپ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى

تىرىلىپتۇ. شاھزادىنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسەلامغا ئۇچراپ يۈز بەرگەن ۋەقەلەر خۇسرەۋ شاھقا ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى ئىزدەپ بېرىپ ئىززەت-ئىكراملار بىلەن شەھەرگە قايتۇرۇپ كەپتۇ. قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ پەرىزات بىلەن شاھزادىنى قايتا نىكاھلاپتۇ. ئۆزى بولسا بىر خىلۋەتتە ئىبادەتكە مەشغۇل بوپتۇ.

شاھزادە دادىسىنىڭ ئورنىغا شاھلىق تەختىگە چىقىپتۇ. كوكۇلدىشى ۋەزىر بولۇپ، دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

## پەرروخ بەختىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

رۇم شەھىرىدە پىرۇز بەخت ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بار بولۇپ، ئىسمى پەرروخ بەخت ئىكەن. پەرروخ بەخت بولسا كېچە-كۈندۈز قىمارخانىدىن چىقماي، ئاتا-ئانىسىنىڭ تاپقان پۇلىنى چاچىدىكەن. بىر كۈنى پىرۇز بەخت ئوغلىغا:

— ئەي ئوغلۇم، ئۆمۈر دېگەنگە ئىشەنچ يوق. پۇل قاچانلا بولمىسۇن ئادەمگە ئەسقاتىدۇ... — دەپتۇ ۋە ئالتە تۆگىگە گەزمال، قىرىق بىر قېچىرغا ئالتۇن-كۈمۈش ۋە نەپىس ماللارنى يۈكلەپ سودىگەرلەرگە قوشۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا كارۋان بېشىغا:

— ئوغلۇمنى سىزلەرگە تاپشۇردۇم. ئەگەر ئۇ ئەقىلسىزلىق قىلىپ يامان يولغا مېڭىپ قالسا، ئىگە بولۇپ قويارسىزلەر، — دەپتۇ.

پەرروخ بەخت كارۋانلار بىلەن قوشۇلۇپ يولغا چىقىپتۇ. بىرقانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر چىمەنزارلىققا يېتىپ كەپتۇ. پەرروخ بەخت مۇشۇ يەرگە چۈشكۈن قىلماقچى بوپتۇ. ئەمما باشقا كارۋانلار:

— ئەي بالا، بۇ توختايدىغان يەر ئەمەس. بۇ يەرگە يېقىن بىر قەلئە بار. ئۇ قەلئەدە ئازەرق ھەيران دەيدىغان بىر قاراقچى ياشايدۇ. بۇ چىمەنزارلىق ئۇنىڭغا تەۋە. ئۇ قاراقچى يوللارغا يوشۇرۇن قاراۋۇللارنى قويۇپ قويىدۇ. مۇبادا ئۇ ھارامزادە خەۋەر تېپىپ قالىدىغان بولسا، ھەممىمىزنى ھالاك قىلىپ، پۇل-مېلىمىزنى ئېلىۋالىدۇ، — دېيىشىپتۇ.

— ئەي پەمسىز، كالتە قۇيرۇق خوجىلار، بىر پۇل ۋە بىر نان ئۈچۈن غەم يەپ تامبىلىڭلارغا سۈزمە قىلىدىكەنسىلەر. سىلەر كېتىۋېرىڭلار، مەن چۈشىمەن، — دەپ پو ئاتقىنىچە، پەرروخ بەخت بۇ چىمەنزارغا چۈشۈپتۇ. باشقا سودىگەرلەر كېتىپ قاپتۇ.

ئازەرق ھارامزادىنىڭ قېشىغا خىزمەتكارىدىن بىرى كىرىپ:

— ئەي پەھلىۋانى رۇستەم، كارۋان چۈشتى، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

دەل يېرىم كېچە بولغاندا ئازەرق ھارامزادە بارلىق ئادەملىرىنى يىغىپ پەرروخ بەختىنىڭ چۈشكۈن قىلغان جايىغا يېتىپ بېرىپ، ئادەملەرنىڭ بىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا پەرروخ بەخت ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدا يېتىۋېلىپ ئامان قاپتۇ. قاراقچىلار ئالىدىغانىنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈچىسىغا

قانلىق لىباسنى كىيىپ يولغا راۋان بوپتۇ.
بىرقانچە كۈندىن كېيىن باغدادقا يېتىپ
بېرىپتۇ. ئالدىدا كەتكەن سودىگەرلەر باغ-
دادقا بېرىپ ئۆز سودىلىرى بىلەن مەش-
غۇل بولۇۋاتقان ئىكەن. ئۇلار پەررۇخ
بەختنى كوچىدا بىچارە ھالدا كۆرۈپتۇ.
ئەمما بىر-بىرىگە:

— پەررۇخ بەخت پۇل-مېلىدىن
ئايرىلىپ كەلگەندەك قىلىدۇ. ئۇ تازىمۇ بىر
نەس باسقان نېمىكەن، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا
يېقىنلاشمايلى. ئۇنىڭ پالاكىتى بىزگىمۇ
يۇقمىسۇن، — دېيىشىپ تۇرۇشىغا پەررۇخ
بەخت ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە
ئۇلار سالام بېرىپتۇ ئەمما سودىگەرلەر
ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋېلىپ ھېچقايسىسى گەپ
قىلماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى:

— ئەي پەررۇخ بەخت، سەن شۇم
پېشانە ئىكەنسەن. بولمىسا بىز بىلەن بىللە
بولغان بولاتتىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن پۇل
چىشلەپ چۈشكەن خوجىلار، بۇ دۇنيانىڭ
ئىشى بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە بۇنداق بو-
لۇپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ پەررۇخ بەخت. ئۇ
شۇ گەپنى دەپ تۇرۇپ كۆزى بىر ناۋاينىڭ
دۇكىنىغا چۈشۈپتۇ. پەررۇخ بەخت دەرھال
تونۇر بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا
ناۋاي نېمە ئىش بىلەندۇر بىرياققا چىقىپ
كەتكەنىكەن. بىر چاغدا كېلىپ قارىسا دۇ-
كىنىدا يۈزى قۇياشتەك نۇرلۇق بىر يىگىت
ئولتۇرغان. ناۋاي ناھايىتى زېرەك ئادەم
بولۇپ ئۇ ئويلاپتۇكى، «بۇ بالا چوقۇم بىر
ئېسىلزادە بولۇشى مۇمكىن.» ناۋاي ئاستا
يىگىتنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھال-
ئەھۋال سوراپتۇ. ئاندىن داستىخان سېلىپ،
نان-گۆش ۋە قوغۇنلار بىلەن مېھمان
قىپتۇ.

— جېنىم بالام يېگىن، — دەپتۇ ناۋاي
ئۇستا.

خوجا پەررۇخ قورساقنى تويغۇزۇپتۇ.
داستىخاندا يەنە بىرمۇنچە نازۇ-نېمەتلەر
ئېشىپ قاپتۇ.

— يېمەك-ئىچمىكىڭدىن مەن خە-
ۋەردار بولمەن. بۇ دۇكاننىمۇ ساڭا بەخ-
شەندە قىلدىم، — دەپتۇ ناۋاي ئۇستا. پەر-
رۇخ بەختمۇ ئۇنى «ئاتا» دەپتۇ.

پەررۇخ بەخت ئىككى-ئۈچ كۈنگى-
چە دۇكاندا تۇرۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى بول-
غاندا ئۇ «بۇ دۇكاندا ناۋاينىڭ كۆزىگە قا-
راپ ئولتۇرغاندىن گادايلىق قىلغان ياخشى»
دەپ ئويلاپتۇ-دە، دۇكاننى تاشلاپ شە-
ھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ماڭا-ماڭا بىر
كوچىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ كوچىدا خۇددى
سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئوردىسىنىڭ دەر-



www.uyghurkitap.com

ۋازىسىدەك تولىمۇ ھەشەمەتلىك بىر دەرۋا-
زىنى كۆرۈپتۇ. پەررۇخ بەخت بۇ دەرۋا-
زىغا يېقىن بېرىپتۇ ۋە «ھەق دوست ئىل-
لەللاھ» دەپ ئىندا قىپتۇ. بىر چاغدا دەر-
ۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ، پەرىزات-
تەك بىر نازىنىن ئىشىكتىن بېشىنى چىقى-
رىپتۇ. خوجە پەررۇخ ئۇ قىزنى كۆرگەن
هامان بىر ئاھ چېكىپ بىھوش بولۇپ يىقى-
لىپتۇ. پەرى سۈپەت نازىنىن يېقىن كېلىپ
قارىسا، سەرۋى قامەتلىك، پەرى تەلئەت
بىر يىگىت ياتقۇدەك. قىز قايتىپ كىرىپ
كېتىپ، بىر داستىخانغا بەش نان بىلەن
بىرمۇنچە پۇلنى يۆگەپ چىقىپ پەررۇخ
بەختنىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى قاي-
تىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پەر-
رۇخ بەخت ھوشىغا كېلىپ قويىنىدىكى نان
بىلەن پۇلنى كۆرۈپتۇ. ئەمما قىز ھېچيەردە
كۆرۈنمەپتۇ.

پەررۇخ ئورنىدىن ئاستا قوپۇپ ناۋاي-
نىڭ دۇكىنىغا قايتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ناۋاي
ئۇستامدىن:

— ئەي ئاتا، پالانى كوچىدا مۇنداق
بەلگىلىك بىر ھەشەمەتلىك دەرۋازىنى كۆر-
دۈم. ئۇ كىمنىڭ ھويلىسى بولىدۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ.

— ۋاي بالام، بۇ بىر ئادەمنى ۋەس-
ۋەسىگە سالىدىغان خام خىيالدىنلا ئىبارەت.
قانچىلىغان ئادەملەر ئۇ ھويلىدىكى قىزغا
ئاشىقى بىقارار بولۇپ، ھېچقايسىسى مۇرا-
دىغا يېتەلمىگەن، — دەپتۇ ناۋاي ئۇستا.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان خوجە پەررۇخ
دەردلىك ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر
تاپالماي قاپتۇ. ئۇ كېچىنى ئاران ئاتقۇزۇ-
لاپتۇ. پەررۇخ بەخت شۇ كۈندىن باشلاپلا
قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ
ئاران مېڭىپ قىزنىڭ كوچىسىغا بېرىپتۇ ۋە
بىر ئەسكى تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يېتىپتۇ.

ئەلقىسسە، بۇ شەھەرنىڭ بىر قازىسى
بار ئىكەن.

بىر كۈنى قازى باغ سەيلىسىگە كېتى-
ۋېتىپ، بىر يەرگە كەلگەندە قۇلقىغا نالە-
پەرياد ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا بىر ئەسكى
تامنىڭ ئۈستىدە بىر مۇساپىر كېسەل ياتقۇ-
دەك. قازى خىزمەتكارىنى بۇيرۇپتۇ:

— ئەي زېرەك، تېزدىن ئۇ غېرىبىنىڭ
قېشىغا بېرىپ نەدىن كەلگەنلىكى ۋە كىمنىڭ
پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلگىن. بۇ
يەردە يېتىپ قالغىنىغا قارىغاندا، ئۇ بىچا-
رىنىڭ بۇ شەھەردە بىرەر ئۇرۇق-تۇغقان
ياكى تونۇشلىرىمۇ يوق ئوخشايدۇ.

زېرەك بېرىپ پەررۇخنىڭ ئەھۋالىنى
بىلىپ كەپتۇ. قازى ئۆز-ئۆزىگە: «ئەي ئىن-
سان، سەن بۇ دۇنيانىڭ راھىتى ئۈچۈنلا
ئىشلەپ كەلدىڭ. ئەمدى بۇ مۇساپىرنىڭ
هالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئاخىرەتلىك ياخشى-
لىق قىلىپ قويمامسەن!» دەپتۇ. ئۇ كېتى-
ۋاتقان سەيلىسىگىمۇ بارماي كەينىگە يېنىپ-
تۇ. بىرقانچە خىزمەتكارنى ئەۋەتىپ پەررۇخ
بەختنى ياتقان يېرىدىن كۆتۈرگۈزۈپ ئۆ-
يىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئاندىن تېۋىپ
چاقىرتىپتۇ.

— بۇ بىچارىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ
ياخشىراق تەكشۈرۈپ بېقىڭ. ھەرگىز بى-
پەرۋالىق قىلماڭ. سىزنى ئۇنىدان رازى قى-
لىمەن، — دەپتۇ قازى.

تېۋىپ خوجە پەررۇخنىڭ تومۇرىنى
تۇتۇپ، ئۇنىڭدا باشقا ھېچقانداق كېسەل
ئالامىتى يوقلۇقىنى، بەلكى ئۇنىڭدا ئاشىق-
لىقنىڭ دەردى بارلىقىنى سېزىپتۇ.

— ئەي قازى، بۇ يىگىت چوقۇم بىر

پەرگە ئاشىق بولۇپتۇ، — دەپتۇ تېۋىپ.

— قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلگىلى بولار؟ — دەپتۇ قازى. تېۋىپ دەرھال:

— بىر نەچچە شىشە شاراب ئەكىلىپ، بۇنىڭغا ئىچۈرەيلى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قازى زىيادە تەييارلىنىپتۇ. شۇ باھانىدە پەررۇخ بەختكە بىرقانچە پىيالە شارابنى كەينى-كەيندىن ئىچۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن قازى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ بىرمۇنچە ياخشى سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي بىچارە غېرىب، ماڭا راستىڭنى ئېيتقىن، سەن زادى كىمگە ئاشىق بولۇپ قالدىڭ؟

— پالانى كوچىدا كېلىۋاتاتتىم. بىر ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگىنىمدە، ئىشىكتىن بىر قىز بېشىنى چىقاردى. ئۇنىڭ ئىشق ئوتى يۈرىكىمگە تۇتاشتى ...، — دەپتۇ پەررۇخ.

— ئەي بالام، — دەپتۇ قازى، — ئۇ ھويلا ۋەزىرنىڭ ھويلىسى. ئۇ قىز بولسا ۋەزىرنىڭ قىزىدۇر. ئەي بىچارە، نېمىشقىمۇ بۇنداق جاپاغا گىرىپتار بولغانسەن. ھېلىقى كۈنى ماڭا ئۇچراپ قالغان چېغىڭدا بۇ ئىشنى ماڭا نېمىشقا دېمىدىڭ؟ مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزۈر ئىدىم ... بالام، نائۈمىد بولمىغىن. خۇدايىم بۇيرىسا ئۇ قىزنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن.

خوجە پەررۇخ ئورنىدىن تۇرۇپ قازىغا تەزىم قىپتۇ. ئاندىن ئۇ:

— ئەي ئاتا، چىرايىمنىڭ سېرىقلىقىغا ئەنە شۇ دەرد سەۋەب بولغانىدى. سىز ماڭا شەپقەت قىلىپ بۇ ئىشقا بەل باغلىدىڭىز. مېنىڭ كېسەللىرىم شۇتاپتىلا شىپا تاپتى. مەندە ھازىر كېسەلدىن ئەسەرمۇ قالمىدى، — دەپتۇ.

قازى بىلەن ۋەزىرنىڭ ئارىسىدا ئازراق ئاداۋەت بار بولۇپ، قازى ۋەزىرگە غۇم ساقلاپ يۈرگەن ئىكەن. شۇڭا بىر ئامال قىلىپ ئۇلاردىن ئۆچىنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككۈپتۇ.

— ئەي پەررۇخ بەخت، — دەپتۇ قازى، — مەن ساڭا نېمە ئۆگەتسەم ئېسىڭدە چىڭ تۇتۇپ، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلغىن.

قازى پەررۇخنى ئۆيگە ئەپكىرىپ ئىشىكنى مەھكەم تاقاپتۇ.

ئەلقىسسە، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى شاھ ماھىيار بولۇپ، ئۇ بىرقانچە كۈنلۈك شىكارغا چىقىپ كەتكەنىكەن.

قازى ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىپ، قولىغا دەۋەت، قەلەمنى ئاپتۇ. ئاندىن ئۇ پادىشاھنىڭ نامىدا بىر يارلىق پۈتۈپتۇ. ئۇنىڭغا پەررۇخنى شاھ ماھىيارنىڭ ئوغلى دەپ يېزىپتۇ. ئاندىن يارلىققا پادىشاھنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ پەررۇخ بەختكە تۇتقۇزۇپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ئوق-ساغداقلارنى ئېسىپتۇ. ئېسىل بىر ئارغىماققا مىندۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن پەررۇخقا مۇنۇلارنى دەپتۇ:

— ئەي پەررۇخ بەخت، سەن ھازىردىن باشلاپ تولىمۇ ھوشيار بولۇشۇڭ لازىم. سەن تاڭ يورۇماستا شەھەردىن چىقىپ كەتكىن. بىر پەرسەڭ① يول يۈرگەندىن كېيىن كەينىڭگە يانغىن ۋە دەرۋازىۋەندىن «شەھەر قازىسىنىڭ ئۆيى نەدە؟» دەپ سورىغىن. ھەر بىر كوچىدىكى ئۇچرىغانلا

① پەرسەڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

ئادەمدىن مېنىڭ ئۆيۈمنى سورا. مېنىڭ قېشىمغا كەلگەندىن كېيىن مېنى «سەن...» دەپ ئاتاپ، ھۆرمەتسىزلىك بىلەن سۆزلەۋەرگىن. ئاندىن قالغىنىنى ئۆزۈم ئوڭشايمەن. خەير، يول بولسۇن.

پەررۇخ بەخت سەھەردە شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىپ، بىر پەرسەڭ يول ماڭغاندىن كېيىن ئالدىراپ-تېنەپ كەينىگە يېنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ ئۇچرىغانلىكى كىشىدىن قازىنىڭ ئۆيىنى سوراپتۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن قازىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. قازى ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ پەررۇخ بەختنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ دەرھال بېرىپ ئاتنىڭ ئۈزەڭگىسىگە بوسە قىپتۇ ۋە پەررۇخنى ئىززەت-ئىكراملار بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھلارغا خاس تائاملارنى تەييارلىتىپ، ئۆزى خىزمەتتە ھازىر تۇرۇپتۇ. پەررۇخ ئۇنىڭدىن:

— ئەي قازى، ئەھۋالىڭ قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. قازى دەرھال:

— خۇداغا شۈكرى، قەدىر ئەھۋال، — دەپتۇ.

بۇ يىگىتكە ئەگىشىپ كەلگەن شەھەر خەلقى ئۆزئارا «شەھەرنىڭ قازىسى ھەم ھاكىمى بولغان ئادەمنى سەنلەپ ئەجەب بىھۆرمەتلىك قىلدۇغۇ، بۇ كىمدۇ؟» دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ.

شۇ ئاردا پەررۇخ بەخت سەللىسىگە قىستۇرۇۋالغان يارلىقنامىسىنى ئېلىپ قازىغا بېرىپتۇ. قازى نامىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— رەھمەت، بۇ يارلىقتا پۈتۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدىم، — دەپتۇ. ئاندىن خەلقتە قاراپ:

— ئەي شەھەر خەلقى بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ نامىدە بۇ يىگىتنىڭ شاھ ماھيارنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى پۈتۈلگەن. بۇ يىگىت شاھزادە ئىكەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قازى ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يارلىقنى كۆرسىتىپتۇ. يارلىقتا: «ئەي ۋەزىر، سېنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە تەربىيىلىنىۋاتقان بىر قىزىڭ بار ئىكەن، مېنىڭ بۇ ئوغلۇم قىزىڭنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بوپتۇ. ئوغلۇم بارغان ھامان قىزىڭنى توي قىلىپ ئوغلۇمغا نىكاھلاپ بەرگەيسەن، ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرمىگىن. ئەگەر بۇ ئىشنى كەينىگە تارتقۇدەك بولساڭ، مېنىڭ غەزىپىمگە دۇچار بولغۇسىدۇر. نامە تامام، ۋەسسەلام» دېگەنلەر يېزىلغانىكەن.

ۋەزىر دەرھال توي قىلىپ قىزىنى خوجە پەررۇختا بېرىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە پەررۇخ قېيىن ئاتا-قېيىن ئانىلىرىغا سالام بەرمەكچى بولۇپ ئايالى ئىككىسى سارايغا بېرىشقا تەييارلىنىپتۇ.

قازى دەل شۇ چاغدا خىزمەتكارىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي زېرەك، سەن دەرھال خوجە پەررۇخنىڭ قانلىق كىيىملىرىنى ئاپىرىپ ئۆز قولىغا بەرگىن، ئۇچىسىدىكى لىباسلىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

— ئەي خوجام، — دەپتۇ زېرەك، — بۇ يىگىتنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، يەرگە ئۇرماقچى بولغىنىڭىز نېمىسى؟ بۇنداق قىلسىڭىز ياخشى بولماس.

— ماڭ، سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، مەن دېگەننى قىلغىن — دەپتۇ قازى.

قازى بىر چىرايلىق ياغلىققا خوجە

پەررۇخنىڭ قانلىق كىيىملىرىنى يۆگەپ
زىبرەككە تۇتقۇزۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:
— سەن بۇ بوغچىمنى سارايغا ئاپى-
رىپ «بۇ سەرۇپاينى قازى ئەۋەتتى» دې-
گىن، — دەپتۇ.
زىبرەك قازىنىڭ دېگىنى بويىچە بوغ-
چىمنى خوجە پەررۇخنىڭ قولىغا بەردى.
پەررۇخ بەخت كۆڭلىدە «قازى ماڭا ئاتى-
دارچىلىقنى يەتكۈزدى. خۇدا ئۇنىڭغا رەھ-
مەت قىلغاي» دەپتۇ. زىبرەك بوغچىمنى
قويۇپ، پەررۇخ بەختنىڭ سېلىپ بەرگەن
كىيىملىرىنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. پەررۇخ
بەخت يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ قازى ئەۋەتكەن
كىيىملەرنى يۆتكىمەكچى بولۇپ بوغچىمى-
نى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى قان-
لىق چاپىنى بىلەن دوپپىسى ئىكەن. پەر-
رۇخ بۇلارنى كۆرۈپ نېمە قىلىشنى بىل-
مەي قاپتۇ. ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن قانلىق
كىيىملەرنى كىيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇزۇن
ئۆتمەي ۋەزىرنىڭ قىزى كىرىپ قارىسا
كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئوغرىغا ئوخشاش بىر
ئادەم ئولتۇرغۇدەك، ئوبدان سەپسېلىپ
قارىسا باشقا بىرسى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئې-
رى پەررۇخ بەخت ئىكەن.
— ئەي پەررۇخ، بۇ نېمە گەپ؟ —
دەپ سوراپتۇ قىز. پەررۇخ بەخت ئۇنىڭغا
قازى بىلەن ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىش-
لارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.
ئەلقىسسە، ۋەزىرنىڭ قىزى بىر بوغ-
چىمدا شاھانە كىيىملەرنى كەلتۈرۈپ
خوجە پەررۇخقا كىيدۈرۈپتۇ ھەم ئۇنىڭغا
«بۇ ھەممىسى دۇنيانىڭ ئىشلىرى، ئانچە
نومۇس قىلىپ كەتكۈچىلىكى يوق» دەپ
تەسەللى بېرىپتۇ. ئەمما خوجە پەررۇخ
نومۇسقا چىدىماي بۇ يەردىن كەتمەم
بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالغاچقا، قىز ئۇنىڭغا
ئاخشىمى ياتقۇچە يېرىم نان بېرىپ قور-
سىقىنى تويغۇزۇپ ياتقۇزىدىغان بوپتۇ.
ۋەزىرمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ «نەگىلا
بارغىنىڭ بىلەن قىزىمنىڭ ئېرى، مېنىڭ
كۈيئوغلۇمسەن» دېگىنىگە ئۇنىماي، يىغلا-
يىغلا يولغا راۋان بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىزى
ئاچچىقىدا «قازى مېنى مۇشۇ كۈنلەرگە
سالدى. مەنمۇ ئۇنى بىر ئوڭدا قويمىسام
ھېساب ئەمەس» دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.
ۋەزىرنىڭ قىزى تۇزدەك ياسىنىپ،



قازى ئۆتىدىغان كوچىغا يېتىپ كەپتۇ. دەل شۇ چاغدا قازى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ قىزغا نەزەر سېپتۇ. قىز ئۇنىڭغا ناز-كەرەشمە بىلەن تەبەسسۇم قىپتۇ. قازى ئۇنى كۆرگەن ھامان ھوشى بېشىدىن ئۇچۇپ، ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. شۇ ئارىدا قىز كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىغا بېرىپ توختاپتۇ. قازى قېشىدىكى مەھرەملىرىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز قىزنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام قىپتۇ. قازى ئۇنىڭغا جاۋاب سالام قايتۇرۇپتۇ. قازى ئەسلىدە بويتاق ئىكەن. ئۇ قىزدىن سوراپتۇ:

— ئەي رەنا، كىمنىڭ قىزى بولىسىز؟

— ئەلاۋىددىن ياغچىنىڭ قىزىمەن، بىرەرسىدىن ئۆيگە ئەلچى كەلگۈدەك بولسىلا ئاتام ئۇلارغا «قىزىم ئاقساق-چولاق، قارىغۇ» دېگەندەك يوقلاق باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىدۇ، — دەپتۇ قىز.

— مەن ھەر قانداق ئەيىبىڭىز بولسىمۇ قوبۇل قىلغان بولاتتىم.

— ئۇنداق بولسا ئاتام ھەر قانچە باھانە كۆرسەتسىمۇ ئىشەنمىگەيلا، — دەپتۇ قىز.

ئەتىسى قازى خىزمەتكارىنى ئەۋەتىپ ئۇستا ئەلاۋىددىن ياغچىنى چاقىرتىپتۇ. ياغچى قازىغا قەرزدار ئىكەن. شۇڭا ئۇ قازى قەرزنى قايتۇر، دەپ چاقىرتقان ئوخشايدۇ، دەپ دەككە-دۈككىدە قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ياغچى ئىشىكتىن كىرىشى ھامان قازى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ «قېيىن ئاتا»دەپ ھۆرمەتلەپ، تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ. ئاندىن ئۇ:

— قىزىڭىزنى ماڭا بەرسىڭىز مەن سىزگە كۈيئوغۇل بولسام....— دەپتۇ.

— ئەي قازى، — دەپتۇ ياغچى، — قىزىمغۇ بار، ئەمما ئۇ سىزگە لايىق ئەمەس، قىزىم ئەيىبناك، «ھېلىقى قىز راست دەپتىكەندۇق» دەپ ئويلاپتۇ قازى.

— ئەي ئۇستا، قانداق ئەيىبى بولسىمۇ مەيلى. مەن قىزىڭىزنى كۆرگەنمەن، شۇ كۆرگىنىم ھېساب، — دەپتۇ قازى ۋە خىزمەتكارىغا ئالتۇن-كۆمۈش ئەكەلدۈرۈپ ياغچى ئۇستىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئەلاۋىددىن ياغچى ھەر قانچە ئۇنىماي تۇرۇۋالسىمۇ قازى ئۇنىمىغىنىغا قويماي بىر تاۋاقتا ئالتۇن-كۆمۈشنى يۆگەپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. ياغچى تاۋاقنى ئۆيىگە ئاپىرىپ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

— ۋاي ئاللا، بۇ ئالتۇنلار نەدىن كەلدى؟ بىرەرسىنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا چۈشتىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ چالۋاقاپتۇ ياغچىنىڭ خوتۇنى.

— ئەي خوتۇن، — دەپتۇ ياغچى، — قازى قىزىمىزنى سوراۋاتىدۇ. ھەر قانچە ئۆزرىخاھلىق قىلساممۇ ئۇنىمىدى.

ئۇلار ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئالتۇنلارنى سېتىپ توي جابدۇقى قىپتۇ. ئاندىن قولۇم-قوشنىلارنى چاقىرىپ توي باشلاپتۇ ۋە قىزنى قازىغا ھەقلەپ نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئاندىن قىزنى كۆچۈرۈپ قازىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. قازى قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەرخىل چاقچاقلارنى قىپتۇ. قىزدىن سادا چىقماپتۇ، قازى قىزنى تارتىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا يېقىملىق سۆزلەرنى قىلغاچ قولىنى ئۇزىتىپتۇ، ھەم قىزنىڭ يۈزىگە قاراپتۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە بىر بەدبەشىرە مەخلۇق كۆرۈنۈپتۇ. قازى قورقۇپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ:

— ئەي قىز، ئورنىڭدىن تۇر، —
دەپتۇ. قىز ئورنىدىن تۇرۇش تۈگۈل
مىدىرىيالماپتۇ. ئۇنى كۆرگەن قازى «ئاھ
خۇدا، تۆگەشتىم» دەپ پېشانىسىگە بىرنى
ئۇرۇپتۇ. ئاندىن خىزمەتكارى زېرەكنى
چاقىرىپ:

مەن سېنى بۈگۈندىن باشلاپ ئازاد
قىلدىم. سەن ھازىرلا ئەلاۋىددىن ياغچىنىڭ
كىگە بېرىپ ئېيتقىن، تېز كېلىپ قىزنى
ئېلىپ كەتسۇن، ماڭا ئۇنىڭ كېرىكى يوق،
تويلۇق بەرگەن مال - دۇنيانىڭ ھەممىسى-
نى ئۇلارغا بەقشەندە قىلىۋەتتىم، — دەپتۇ.

زېرەك بېرىپ ياغچىنى چاقىرىپ كەپ-
تۇ. قازى ئۇنىڭغا يەنە يۇقىرىقى گەپلەرنى
تەكرارلاپتۇ. ئەلاۋىددىن ياغچى:

— مەن سىزگە «قىزىمنىڭ تۆت تۈرلۈك
ئەيىبى بار» دېسەممۇ ئۇنىماي تۇرۇ-
ۋالغانىدىڭىز. مەن يالغان ئېيتمىغاندىمەن؟ —
دەپتىكەن، قازى:

— ئۇستام، نېمە دېسىڭىز ئورۇنداي،
ئەمما قىزىڭىزنى دەرھال ئېلىپ كېتىڭ، —
دەپ زارلىنىپتۇ.

ياغچى ئويلاپ باقسا، قازىنىڭ نۇر-
غۇن پۇلغا قەرزدار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باش-
قا تويلۇق ئۈچۈنمۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئال-
تۇن - كۈمۈش ۋە باشقا نەرسىلەرنى قو-
بۇل قىلغانىكەن. ئاخىرى قازى ئىككىسى
پۈتۈشۈپ، قازى «ھېچقانداق ئېلىم - بې-
رىم يوق، قىزغا ئۆز ئاتىسى ئىگە» دېگەن
مەزمۇندا تىلخەت بېرىپتۇ ۋە قىزنىڭ تا-
لاق خېتىنىمۇ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن ياغچى قىزنى ئۆيىگە ياندۇرۇپ
ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پەررۇخ بەختتىن
ئاڭلايلى: پەررۇخ بەخت شەھەردىن چى-
قىپ مېڭىپ - مېڭىپ بىر يەرگە يەتكەندە،
شىكاردىن ياندىغان شاھ - ماھيار بىلەن ئۇچ-
رىشىپ قاپتۇ. خوجە پەررۇخ كېتىۋاتقان
بىر ئادەمدىن سوراپتۇ:

— بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟

— مۇشۇ ۋىلايەتنىڭ پادىشاھى.

پەررۇخ بەخت پادىشاھقا يېقىن
بېرىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ.

— ئەي يىگىت، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟
قەيەردىن كەلدىڭ، — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

پەررۇخ بەخت بېشىدىن ئۆتكەن
ئىشلارنى باشتىن ئاخىرىغىچە بىرىنى قوي-
ماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپ-
لەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە
ئۇنى ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋاپتۇ. ئاندىن ئۇ-
لار بىللە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بارغاندىن
كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭغا شاھانە تون -
سەرۇپايىلارنى كىيدۈرۈپتۇ. توپچاق ئاتقا
مىندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بىللە
باغدادقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. شەھەرگە
يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قازى، ۋەزىرلەر
بولۇپ شەھەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەممىسى
ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. شاھ ماھيار قا-
زىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. پەررۇخ بەخت
بولسا ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ
ئايالى ئۆزىنىڭ قازىنى قانداق باپلىغانلىقى-
نى ئېرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. پەررۇخ بەخت
خوتۇنىنىڭ بۇ قىلغانلىرىدىن تولىمۇ مەم-
نۇن بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئۆيىدىكىلەر پادى-
شاھنىڭ پەررۇخ بەختنى «پەرزەنتىم»
دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغانلىقىغا
ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ. شاھ ماھيار غە-
زەپ بىلەن قازىغا:

— ئەي ئەقىلسىز، سەن پەررۇخ
بەخت ھەققىدە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەمسەن؟ سەن ئۇنى باشتا مېنىڭ ئوغلۇم دەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈپ كەيىندىن ئۇنى يەرگە ئۇردۇڭ، بۇنى سەن پەررۇخ بەختكە ئەمەس ماڭا قىلدىڭ...، — دەپ ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ. بۇ چاغدا پەررۇخ بەخت پادىشاھقا ئۆز خوتۇنىنىڭ ئەلاۋىددىن ياغچىنىڭ قىزى بولۋېلىپ قازىنى باپلىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە قازىنى ئۆلتۈرمەي باشقىچە جازالاش مەسلىھىتىنى بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قازىدىن سوراپتۇ.

— ئەي قازى، سەن نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنۇڭدىن نومۇس قىلدىڭمۇ؟

پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ياغچىنىڭ قىزىنى ئەپكەلدۈرۈپ، قايتىدىن قازىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ.

— مېنى ئۆلتۈرسەڭلەرمۇ رازىمەن، ئەمما ئۇنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، — دەپ پەرياد قىپتۇ قازى.

— ئەي قازى، سەن ئىككى ئىشنىڭ بىرىگە تۇر. يا بۇنى خوتۇن قىلىپ ساقلايسەن، بۇنىڭ ئۈستىگە باشقىنى ئېلىشىڭغا رۇخسەت يوق. ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ يەنە بىرى دارغا تەييارلان!

— ياق، نېمە بولسام بولاي، ئەمما ياغچىنىڭ قىزىنى ئالمايمەن، — دەپ زارلىنىپتۇ قازى.

— جاللات، — دەپتۇ پادىشاھ، — تېزدىن ماۋۇ نائەھلىنىڭ كاللىسىنى ئالغايسەن!

قازىغا يەنىلا جان تاتلىق كەپتۇ. ئامالسىزلىقتىن ياغچىنىڭ قىزى بىلەن ئۆي تۇتۇشقا رازى بوپتۇ ھەمدە پادىشاھنىڭ بارلىق شەرتلىرىگە كۆنۈپتۇ. شاھ ماھيار بۇ شەھەرنىڭ ھاكىملىق ۋە قازىلىق مەنسىپىگە خوجە پەررۇخنى تەيىنلەپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىزىنى قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ پەررۇخ بەختكە قايتىدىن نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

«مەجمەئۇل ھېكايات» ناملىق قول يازمىدىن ئېلىندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن

**تۈزىتىش:**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990 - يىل 3 - سان 5 - بەت يۇقىرىدىن 6 - قۇردىكى «VIII — IX ئەسىرلەردە» دېگەن رەقەملەرنى «XVIII — XIX ئەسىرلەردە» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.




(چۆچەك)

بۇنىڭدىن ناھايىتى يىراق بىر زامانلاردا، مەلۇم ماكاندا ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بىر دۆلەت ئۆتكەنىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى تولىمۇ ساخاۋەتلىك، رەھىمدىل كىشى بولۇپ، يۇرت ئەھلى بەخت-سائادەت قوينىدا تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئەل-ئەللەردىن تۈركۈم-تۈركۈم سودىگەرلەر، سەيياھلار كېلىپ يۇرتنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولىدىكەن. يۇرت ئەھلى ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈل شاھىدىن بەكمۇ رازى ئىكەن، ئەمما بۇ شاھ تولىمۇ ساددا كىشى بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا ھىيلىگەرلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا كىرىپ قالىدىكەن. پادىشاھنىڭ ھۆسنى-لاتاپەتتە تەڭداشسىز بىر ئايالى بار ئىكەن. ئۇ ئايال شۇ قەدەر دانىشمەن ئىكەنكى، پادىشاھنىڭ ئىشلىرىغا ھەردائىم ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىپ يول كۆرسىتەر ئىكەن، شۇڭىمۇ بۇ يۇرت يۇقىرىقىدەك بەختىيار تۇرمۇشقا سازاۋەر بولغانىكەن. پادىشاھ ئۆزىنىڭ گۈزەل خانىشىنىڭ قۇياشتەك ئىسسىق رۇخسارى، كۆڭۈلنى يايرىتقۇچى ئوماق خۇلقى، كامىل ئەقىل پاراسىتىدىن چەكسىز پەخىرلىنەر ئىكەن. بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە شەيدايى بىقارار بولىسمۇ، ئەمما بىر-بىرىدىن قاتتىق ھايا قىلىشار ئىكەن.

بۇ پادىشاھنىڭ تولىمۇ مەككار، قۇۋ، ھىيلىگەر بىر ۋەزىرى بارىكەن. بۇۋەزىر تۇرلۇك تۈمەن تۈلكىلىكلەرنى ئىشقا سېلىپ پادىشاھنىڭ دىققەت نەزەرىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانىكەن. بۇ ۋەزىر بەزى چاغلاردا پادىشاھنىڭ ئالدىدا كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرگۈدەك خۇشامەتلەرنى قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەر دائىم پادىشاھنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىكەن ۋە كۆزىنى يۇمسىلا ئۆزىنىڭ شاھ بولغانلىقىنى چۈشەيدىكەن. بۇ مەككار ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئايالىنى ئۆزىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ بىلگەچكە ئۇنى قانداق قىلىپ ئۆچۈقتۇرۇۋېتىشىنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. بۇ ۋەزىرنىڭ يامان غەرىزى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ گۈزەل خانىشىدىن پىنھان ئىكەندۇق. ئەمدى گەپنى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشىدىن ئاڭلايلى.

پادىشاھ ئايالىغا شۇ قەدەر ئامراق ئىكەنكى، ئۇز ئايالىدىن باشقا ھېچقانداق بىر گۈزەلگە قىيا باقماس ئىكەن ۋە شۇ مېھرىبان ئايالىدىن باشقا ھەرقانداق كاتتا ئاشپەزنىڭ تامىقىغا رايى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ مۇبارەك قوللىرىدا تەييارلانغان غىزا پادىشاھقا شۇ قەدەر لەززەتلىك تۇيۇلار ئىكەنكى، ئۇ ھەر قېتىم غىزالىنىپ ئولتۇرۇپ: «ناۋادا، مەھشەرگاھتا تەڭرىم مەندىن نېمە ئىلتىماسىڭ بار؟ دېسە، ئىلاھىم، سۆيۈملۈك ئايالىمدىن مېنى جۇدا ئايرىمىغايسەن، چۈنكى، ئۇنىڭقوللىرىدىن چىققان تائامسىز

ماڭـا ھـۇزۇر ـ ھـالاۋەت يوق، تىلىكىمنى
ئىجابەت قىلغايسەن پەرۋەردىگارىم! دەرمەن»
دەيدىكەن. گۈزەل خانىشىمۇ ھەر ۋاق تا-
ماقتا شاھنىڭ دەپ تۈگەتكۈسىز شادلىنىدى-
غانلىقىنى بىلگەچكە، ھەرقېتىم ئېرىنى مەززىلىك
غىزالىرى بىلەن تېخىمۇ سۆيـۈندۈرۈشـكە
تىرىشار ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھـنىڭ ئايا-
لى چۈشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلىپتۇ. پادى-
شاھ ئۆز ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھە-
شەمەتلىك گۆھەر تەختىدىن چۈشۈپ، ئايا-
لىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقان ئى-
كەن. پادىشاھنىڭ ئايالى گۈزەل خـانىش
تاماق ئېتىپ ئولتۇرۇپ نېمە خىيـالـلارغا
غەرق بولۇپ كېتىپتىكىن تاڭ، ئېھتىياتسىز-
لىقتىن «غىڭ» ئىدە بىرنى قويۇپ بېرىپ-
تۇ. بۇنى تۇيغان پادىشاھ ئۆزىنى تۇتۇۋا-
لالماي ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. ئۆزىنىڭ
بىتۇيۇق قېلىپ سالغان سەت ئىشىدىن پا-
دىشاھنىڭ خەۋەر تېپىپ قالغانلىقىنى سەز-
گەن خانىش شۇنچىلىك ئىزا تارتىپتۇكـى،
نومۇستىن يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قاپـتـۇ.
ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق بولغاچقا ئامال-
سىز ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، يۈ-
گۈرگەن پېتى ئىچكىرىكى ئۆيـگە كـىرىـپ
كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ بىر تەرەپ-
تىن، ئۆزىنىڭ چاندۇرۇپ قويغانـلـىقـىدىن
ئۆكۈنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتـىـن، «بۇ
نېمىدېـگەن شەرمى ـ ھايالـىق ئايال ـ ھە!
ئۇ مېنىڭ ئۆز ئايالىم تۇرۇپ، ئېھتىياتسىز-
لىقتىن قىلىپ سالغان كىچىككىنە ئىشـىـغـا
شۇنچىلىك خىجالەت بولدى ئەمەسـمۇ؟ بۇ
دۇنيادا مۇنداق نومۇسچان ئايالـلار يـوق
دېيـەرلـىك بولـسا كېرەك» دەپ ئويـلاپ،
ئايالىغا يەنىمۇ بەك ئامراقلىقى تۇتۇپ ھۆر-
مىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. ئايالىنىڭ ئالىي
پەزىلىتىدىن مەمنۇن بولغان شاھ خۇشاللىق
ھاياجانلىرىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ۋەزىرىنى
ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىـڭغـا بولۇپ ئـۆتـكـەن
ۋەقەنى سۆزلەپ، سۆيۈملۈك ئايالىنى قانغۇ-
چە ماختاپ بېرىپتۇ. پۇرسەتنى غەنىـمـەت
بىلگەن ۋەزىر پادىشاھنىڭ خىيالىدىن ئۆز-
گىچە پىكىر قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئـۆزلـىرى
تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ساددا ئادەم. شۇڭـىمۇ
ھەر دائىم ۋە ھەر جايدا ھەممە كىشـىنى
خۇددى ئۆزلىرىدەك ئاق كۆڭۈل، ئالىي خۇ-
لۇقلۇق پەرەز قىلىلا. ئەمما مەن بۇگۈنكى
ئىشتا ئالىيلىرىدىن باشقىچىرەك تۇيغۇغا كې-
لىۋاتىمەن. ئۆز پەرىزىمگە قاتتىق ئىشىنى-
مەنكى، بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش بولماستىن،
ئەكسىچە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغـان بىر
ئىشتەك قىلىدۇ.

پادىشاھ ھەيران بولغان ھالدا مۇنداق
دەپتۇ:

— خوش، قېنى مەرھەمەت ۋەزىرىم،
كۆڭلىڭىزدىكىنى ئايىماي ئېيتىپ كۆرۈڭ.

— ھەي، — ۋەزىـر بىر پەس ئويلان-
غان قىياپەتتە ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، بىر ئۇلۇغ-
كىچىك تىنىپ قويۇپ مۇنداق دەپتۇ، — سۆز-
لەشكە تىلىم بارمايۋاتىدۇ، چۈنكى ئەرزى-
مەس جېنىم ئۈچۈن قايغۇرىمەن!

پادىشاھ تېخىمۇ ھەيران بولۇپتۇ ۋە:

— قېنى سۆزلەۋەرمەمسىز، ھەرقانداق
ئىش بولسا ئۆتتۈم، نېمىدىن قورۇنۇپ
ئولتۇرىسىز، سۆزلەۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە، —
دەپتۇ. قارا نىيەتلىك ۋەزىر سۆزلەشكە باش-
لاپتۇ:

— بۇ ئايالىڭ ئۇزاقتىـن بۇيانقـى
ھەرىكەتلىرىدىن قارىغاندا مەندە ئالىيلىرىنىڭ

قىممەتلىك ھاياتىدىن ئەنسىرەش تەشـ
ۋىشى يوق ئەمەس. بۇ ئايالنىڭ ياخشى
غەرەزلىك ئايال ئەمەسلىكىنى ئاللىقاچان
تولۇق ھېس قىلغان بولساممۇ، ئۇ تۇرلۇك
نازۇ كەرەشمىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى پۈتۈنـ
لەي ئەسىر قىلىۋالغاچقا بىر نەرسە دېيەلـ
مىدىم. چۈنكى ياخشى نىيىتىم بېشىمغا
چىقىشىدىن قورقتۇم. «خوتۇن كىشىنىڭ
ھىيلىسى مىڭ تۆشەككە يۈك» دېگەن گەپ
بار. مەن ئايالالارنىڭ شەيتانغا دەرس بېـ
رەلەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، لامـ
جىم دېمىدىم. سەۋەب، بىكاردىن-بىكار
زەھەرلىك يىلاننىڭ بېشىنى سىلاپ ئويغىـ
تىپ ئۆزۈم ھالاك بولسامغۇ مەيلى، بۇ ھېچ
گەپ ئەمەس. مەن بۇ پانىي دۇنيادىن بىـ
ئەجەل باقىيغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن
ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىن، تاج-تەختىدىن ۋە
بۇنىڭ بىلەن ئەل-يۇرتقا كېلىدىغان ئېغىر
خانىۋەيرانچىلىقتىن ئەنسىرەپ دېمىمىنى
ئىچىمگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم، شاھىم.

— بۇ سۆزلىرىڭىز مېنى تولىمۇ تەـ
ئەججۈپ ئىچىگە سېلىپ قويدى، ۋەزىرىم، —
پادىشاھ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ۋەزىردىن ئۈزمەي
ئولتۇرۇپ سۆزلەپتۇ، — راستىنى ئېيتقانـ
دا مېنىڭ زىنھار ۋە زىنھار ئىشەنگۈم
كەلمەيۋاتىدۇ. ھەر ھالدا شۇنى ئۇنتۇپ
قالماسلىقىمىز كېرەككى، پەرۋەردىگارى ئالەم
ھەر بىرىمىزنىڭ ئەھلى ئەھۋالىغا شاھىت
قىلىپ ئىككىدىن پەرىشتىنى بىزگە مۇئەكـ
كەل قىلغاندۇر. ئۇلۇغ قۇرئانى كەرىمنى
گۇۋاھ قىلىپ سۆزلەشكى، ئەسلا يالغان
سۆزلەپ تاشلىماڭ. چۈنكى بىز ھەرنە قىلـ
غان ۋە ھەرنە ئالىي مەرتىۋىگە ئىگە بولـ
غان تەقدىرىمىزدىمۇ ئۇلۇغ رەھمان ئالدىدا
يەنىلا ئاجىز ئاسىي قۇلمىز. گەرچە بىر

بىرىمىزنى ئالدىيالىغىنىمىز بىلەن ئىككى
ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان تەڭرىنى ئەسلا ۋە
ئەسلا ئالدىيالماسمىز، — پادىشاھ شۇنداق
دەپتۇ-دە، بىر پەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن
كېيىن قوشۇپ قويۇپتۇ، — قېنى ئىسپاـ
تىڭىزنى كۆرسىتىپ بېقىڭ.

مەككار ۋەزىر پادىشاھنىڭ بازغان
ئۇرغاندەك ۋەزمىنلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
يۈرىكىدە بىرئاز تەشۋىش قىلىپتۇ ۋە
ئۆزىنىڭ ئىپلاس ھاياتىنىڭ ئۆزى يوق
يەردىن پەيدا قىلغان ئىغۋالىرى ۋەجىھى
بىلەن يوقلۇق ئالىمىگە مەھكۇم بولۇشىدىن
قورقۇپ، ئەسلىدىكى ئىغۋاسىنى ھەقىقەتكە
ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئىسپاتلاشقا
تىرىشىپتۇ:

— كەرەملىك پادىشاھى ئالەم، بىزنى
يوق يەردىن بار قىلغان ئۇلۇغ تەڭرى ۋە
قۇرئان گۇۋاھكى، مەن ئەزەلدىن ئۆزلىرىـ
نىڭ سادىق قۇلىمەن. بارلىق ئىخلاسىم ۋە
بارلىقىمنى ئەۋۋەلى-ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ قۇلـ
چىلىقىغا بېغىشلىغانمەن. ھەزرەتلىرى بولـ
غانلىقى ئۈچۈنلا ھەم بىزمۇ بارمىز. خۇسۇـ
سەن مەن ئاسىي پەقەت ۋە پەقەت جانابىي
ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ سەلتەنىتى ۋە شەۋكىتى
بىلەن ھەر قاچان ۋە ھەر زامان شادىمانمەن.
شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ئالىيلىرىنىڭ
ئالدىدا يالغان سۆزلەشكە تىلىم بارغاي؟!...

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ خۇددى قارىينىڭ
قىرائىتىدەك ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقانلىقىدىن
زېرىكىپ:

— خوپ، ۋەزىرىم، بۇياقلىرى ھەر
ھالدا ماڭىمۇ چۈشىنىشلىك، ئۇنداق
ئىكەن، باشقا گەپلەرنى قويۇپ ئاساسىي
گەپكە قايتايلىڭ، — پادىشاھنىڭ بۇيرۇق
ئاھاڭىدىكى بۇ سۆزدىن چۆچۈگەن ۋەزىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۆزنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمىسىمۇ، ئەمما پادىشاھنىڭ مەنە ئىزدەپ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەيمەنگەن ھالدا سۆز باشلاپتۇ:

— جانابىي پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرى خىزىردەك مەرد ۋە ساخاۋەتلىك ھەمدە ئالەمدە تەڭدىشى يوق بۈيۈك دانىشمەن ئادەم، ئويلاپ كۆرسىلە ئۆزلىرى ئەقىل-پاراسەتتە شۇ قەدەر كامالەت تاپقان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدەپ نۇرغۇن ئىشلاردا بۇ ئاياللىرىنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چىقالمايلا ۋە نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل نۇرلىرىدىن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر يۈكسەكلىكىنى ئەلا بىلىلا؟ بۇ ئاشۇ بىر ئايالنىڭ ئالىيلىرىدىنمۇ ئۇلۇغۋارراق ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىنمۇ؟ ئۆزلىرى ھەر دائىم بىزگە: «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دەيلىيۇ، ئەمما ئەنە شۇ ئەقلى قىسقا ئاياللارنىڭ بىرسى بولغان خوتۇنلىرى ئالدىدا بىقۇۋۇل بولۇپ قالىلا؟ بۇ نېمە ئۈچۈن؟! كەچۈرگەيلا شاھىم، سىر دەل مانا مۇشۇ يەردە! مېنىڭچە بۇ ئايال ھېچقانداق ئايالغا ئوخشىمايدىغان ئەقىللىق ياكى بىزنىڭ بەخت كۆكىمىزدە پارلىغان خۇرشىدىمىزدىن يەنى ئۆزلىرىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك ئەقىللىق بولمىسا كېرەك. بەلكى ئۇنىڭ كەينىدە چوقۇم ئەقىل كۆرسىتىدىغان بىر گۇرۇھ بار. خىيالىمچە ئۇلار دائىم بۇ ئايالغا كۆرسەتمە بېرىشى مۇمكىن. ئۇ تۈرلۈك خۇشامەتلەر بىلەن ئالىيلىرىنى رام قىلىۋېلىپ ئاخىرى ئەزىز باشلىرىغا چىقماقچىمۇ، دەيمەن. ئەگەر مەن زىنھار يالغان سۆزلىگەن بولسام قۇرئانى كەرىم ئۇرسۇن!

پادىشاھ ۋەزىردىن سوراپتۇ:

— ۋەزىر، سەنچە بۇندىن كېيىن قانداق قىلغۇلۇق؟

— مېنىڭچە، — ۋەزىر ئازراق ئويلىنىۋېلىپ سۆزلەپتۇ، — ئۇنى دەرھال ئۆيدىن قوغلاپ چىقارماق لازىمدۇر. بىز پەقەت ئۇنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ۋە بىز پەرەز قىلىۋاتقان ئۇنىڭ كەينىدىكى شۇم غەرەزلىك بىر توپ گۇرۇھنىڭ پالاكەتلىرىدىن ساقلىنىپ قالالايمىز. شۇنى ئۇنۇتۇپ قېلىشقا بولمايدۇكى، ئۇ پالانغاندىن كېيىن نېمە سۇيىقەستلەردە بولىدۇ، تېخى، ئەمما بىز جانابلىرىنىڭ سادىق قۇللىرى مىڭ قېتىم جان بەدەل قىلىپ بولسىمۇ شەۋكەتلىك شاھىمىزنىڭ ئۇلۇغ ھاياتىنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ساقلاشقا ھەرقاچان تەييارمىز، ئۇلۇغ شاھىم.

ساددا پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ مۇنۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ: «بۇ ۋەزىرىم سەلتەنىتىمنىڭ سادىق ھىمايىچىسى، كۆپ يىللاردىن بېرى ئۇ ماڭا پۈتكۈل جان-ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلدى. بىرەر قېتىممۇ ئالدىمدىن توغرا ئۆتكىنى يوق. ئۇ ئەلۋەتتە ھېچ ۋاقىت يالغان سۆزلىمەيدۇ، بۇ ھەقتە ئىشىنىم كامىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھەر بىر سۆزىگە خۇدانى گۇۋاھ قىلىپ قۇرئانى كەرىمنى شېپى كەلتۈرۈپ سۆزلەۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گۇمان قىلماقلىق كۇپۇرلۇقتۇر. دۇنيادا خوتۇن دېگەن ئازمىدى؟ ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ياخشىسى ئۇنى ئازدۇر-كۆپتۇر مال-دۇنيا بىلەن ئاتىسىنىڭ مەھەللىسىگە يولغا سالاي، ھەي، بىراق قانداقمۇ ئېغىز ئاچارمەن!»

پادىشاھ ئەنە شۇنداق ئويلار بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. خانىش پادىشاھنىڭ

ئۆڭگەن چىرايىغا قاراپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئۇلۇغ شاھىم، تاۋىلىرى يوقتەك قىلىدىغۇ؟

— شۇنى دېمەمسەن ئاپئېقىم.

— نېمە ھال كەچتى، شاھىم؟

ئولتۇر، قېشىمغا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇر. خۇداۋەندىكېرىم دىلىمغا سېلىۋاتىدۇكى پات-يېقىن مەزگىل ئىچىدە بىرەر پالاكەتچىلىك يۈز بېرىدىغاندەك قىلىدۇ. سەن مېنىڭ كۆپ جاپايىمنى چەكتىڭ، مەن سېنىڭ يەنە مۇندىن ئارتۇق رىيازەت چېكىشىڭگە قاراپ تۇرالمايدىكەنمەن. ئويلاپ باقسام، ئەڭ ياخشىسى سەن بۇ يەردىن كەتكىنىڭ تۈزۈكرەك قىلىدۇ، خوتۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇ زادى نېمە دېگەنلىرى شاھىم، — خانىش سۆزىنى ئاران قىلىپتۇ-دە، ئاھۇ كۆزلىرىدىن مارجاندەك تارام-تارام ياش تۆكۈپ پادىشاھقا تەلمۈرۈپتۇ.

— بەس، ۋاقىتنى سوزما، خەزىنىدىن كۆڭلۈڭ خالىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ قايت، — شۇنداق دەپتۇ پادىشاھ كەسكىن ھالدا.

— ئۇلۇغ شاھىم، — خانىش ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ سۆزلەپتۇ، — ماڭا رەھىم قىلسىلا، ئالدىلىرىدا قىلىپ سالغان گۇناھىمدىن ئۆتسىلە! ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقا نېمەم بار، مەن بىر بىچارە ئاجىزمەن، ھەرنە بالا-قازا كەلسە ئۆزلىرى بىلەن بىرگە بولاي، جېنىم شاھىم.

پادىشاھنىڭ يۈرىكى باشتا سۆيۈملۈك ئايالىغا ئېچىشقان بولسىمۇ، كېيىن ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ يەنە قېتىپتۇ.

— ھاجەتسىز، كۆپ گەپكە رايىم يوق. تېزرەك يولغا راۋان بول.

پادىشاھنىڭ قوپاللىقىنى كۆرگەن خانىش قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ مۇنداق دەپتۇ.

— خەيرىيەت شاھىم، مەن كېتەي، ئەمما مېنىڭ بويۇمدا ئۆزلىرىنىڭ بىر پۇشتى تۇرۇپتۇ. ئۇنى قانداق قىلسىلا؟ بالىغا ئالتە ئايلىق بولدى. مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىسىلىمۇ مۇشۇ نارەسىدە گۇناھسىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ماڭا يەنە ئۈچ-تۆت ئاي مۆھلەت بەرگەيلا، خۇدايىممۇ خۇش بولۇپ قالار، — خانىش شۇنداق دەپ ئېسەدەپ يىغلاپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئېچىشىپ، پەيلىدىن يېنىپتۇ ۋە خانىشقا تەسەللى بېرىپ خاتىرجەم قىلىپتۇ. شاھ كەچقۇرۇن ۋەزىرنى چاقىرىپ بولغان ئەھۋالنى دەپ بەرگەن ئىكەن، مەككار ۋەزىر خاپا بولغان قىياپەتتە مۇنداق دەپ بىلجىرلاپتۇ:

— مەن دېمىدىممۇ، مەن دېمىدىممۇ، ئۇلۇغ شاھىم، بۇ ئايالنىڭ قەلبىدە ئالىيلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىغا قەست قىلىپ ياتقان زەھەرلىك چايان بار. «بويۇمدا بار» دېگىنى دەل شۇ ئەمەسمۇ؟ بىز بەربىر يولۋاسنى ئويغىتىپ قويدۇق. ئەمدى بىرلا چارە ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش، ناۋادا بىز ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز ئۇ بىزنى جەھەننەمگە يوللايدۇ. ئۇنىڭ بىرقانچە ئاي مۆھلەت سورىشى تاسادىپىي ئەمەس. ئۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نېمە قىلماقچى؟ ئۇنى پەقەت ئاللا بىلىدۇ. ئەمدى يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلىپ بولماس! يەنە شۇنىمۇ سەمىلىرىگە سېلىپ قويايكى، بۇ ئايال ئۆزلىرى بىلەن بىر ئۆيدە بولغىلى قانچە يىللار بولدى، ئەجەبا شۇنچە

يىلىلاردىن بېرى جانابىلىرى ئۈنىڭدىن بىرەر
پەرزەنت كۆرمىدىلىغۇ؟ ئەمدى بۇگۈنكى
كۈندە بويىدا قاپتىمۇ؟ بۇ زادى ئالىيلىرى-
نىڭ پۇشتىمۇ ياكى...؟!

شاھ ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىنىپ
كۆرۈپتۇ. قانچە ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ سۆز-
لىرى شۇنچە توغرا، شۇنچە ئورۇنلۇقتەك
بىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئىچىدە: «دې-
مىسىمۇ بۇ ئايال شۇنچە يىللاردىن بېرى
تۇغمىدى. قىلمىغان پەرۋىشىم ۋە سەۋەبلى-
رىم قالمىدى. ئاخىرى تەڭرىنىڭ تەقدىرى
بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ تۇغماس ئوخ-
شايدۇ، دېدىم. ئەجەبا بۇ يېشىم بىر يەرگە
بېرىپ قالغاندا قورساق كۆتۈرۈپ قاپتۇ-يا؟!»
شاھ شۇ خىياللار بىلەن يېرىلغۇدەك غە-
زەپ ئىچىدە قايتىپ كەپتۇ-دە، ئوردىغا
كىرىپلا ۋارقىراپتۇ:

— جاللات!

— لەببەي شاھىم.

بىرقانچە جاللات يالىڭاچلانغان قى-
لىچلىرىنى بېشىدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈشۈپ
شاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ
ۋارقىرىشىپتۇ:

— بۇيرۇقلىرىغا بىز تەييار!

شاھ ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ
پەرمان قىلىپتۇ:

— ماۋۇ قېرى دەللىنى دەرھال شە-
ھەردىن قوغلاپ چىقار!

— خوپ، شاھىم!

جاللاتلار شاھنىڭ پەرمانى بويىچە
خانىشنى سۆر-توقاي قىلىپ، پەريادلىرىغا
باقماي شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.
شەھەر ئەھلى بولۇپ ئۆتكەن بۇ كارامەتكە
ھەيران بولۇشۇپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپ
قاراپ قېلىپتۇ.

خانىش شەھەردىن قوغلانغاندىن
كېيىن مەككار ۋەزىر خۇشاللىقىنى سىغدۇ-
رالماي ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شاھنىڭ
تۆشىكىدە پەيت كۈتۈپ ياتقان «پەرى
سۈپەت ئالۋاستى» دىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن
شاھ ۋە يۇرت ئەھلىنى كاتتا زىياپەت
چاقىرىپ قۇتلۇقلاپتۇ. ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى
پادىشاھقا تەقدىم قىلىپتۇ. بۇ ئىش شاھنى
سۆيۈندۈرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى خانىشتىن ئاڭلايلى:

تۆھمەت بىلەن قارىلانغان خانىش
مىڭ بىر مۇشەققەت چېكىپ، قورسىقىدىكى
بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇزاق مەنزىللەرنى
بېسىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ
كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئاتا-ئانىسىنىڭ
ئۆي-جايلىرى ۋەيرانە ھالەتتە تۇرغۇدەك.
خانىش داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ
ئەسنادا قولۇم-قوشنا، قەۋم-قېرىنداش-
لىرى ئاھ ئۇرۇشۇپ يېتىپ كەپتۇ ۋە
خانىشنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ يېرىم يىلنىڭ
ئالدىدا ئارقا-ئارقىدىن تويۇقسىز قازا
تاپقانلىقى، بۇ ئەھۋالنى خانىشقا يەتكۈزەيلى
دەپ بارسا ۋەزىرنىڭ ئادەملىرى دەرۋا-
زىدىن شەھەرگە كىرگۈزمىگەنلىكى، شۇ-
نىڭ بىلەن ئامالسىز قالغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ.
خانىش چەكسىز مۇسىبەتكە چۆكۈپتۇ.
بۇ پەلەكنىڭ رەھىمسىزلىكىگە قارىماس-
سىز، ئاشۇنچىلىك ۋاپاسىزكى، ھەر دائىم
«ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك
قىلىق قىلىدۇ. ئۇ بۇ قېتىممۇ شۇنداق
قىلدى ئەمەسمۇ؟ خانىش قولىدىكى نەر-
سىلەر بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ نەزىر-چىراق-
لىرىنى بېرىپ، ئۆيلىرىنى بىر قۇر رەتكە
سېلىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ خا-
نىش شۇنداق نۇرانە، خۇش خۇي بىر

ئوغۇل تەۋەللۇت قىلىپتۇكى، خالايىق تېخى ئۆمۈردە بۇنچىلىك ئۈز بوۋاقنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىشىپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەھلى يۇرت قەۋم-قېرىنداشلارنىڭ تەكلىپى بويىچە بوۋاققا «يېگانە جاھان» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

ھاياتنىڭ شامىلى توختىماي يەلپۈنۈۋېرىپتۇ. يىللار ئۆزلىرىنىڭ پەسىل ئەلچىلىرى ئارقىلىق قانچە قېتىم يېشىل تون، رەڭمۇرەڭ گۈل-چېچەك تاقاپتۇ ۋە قانچە قېتىم بىپايان يېشىللىقنى قېلىن قار بىلەن كۆمۈپتۇ. ھاياتنىڭ دەرياسىغا يېڭى-يېڭى ئېقىنلار قوشۇلۇپتۇ. قىسقىسى ئايلار ئايلارنى، يىللار يىللارنى قوغلاپ ئۆتۈپ يېگانە جاھان 15 ياشقا كىرىپتۇ. يېگانە جاھاننىڭ ھۆسن-[illegible]ەت ۋە ئەقىل-پاراسەتتىكى تەڭداشسىزلىقىنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن. دېمەك بۇ ئوغۇل ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق گۈزەل پەزىلەتلەردە ھەقىقىي يېگانە جاھان بولۇپ يېتىلىپتۇ. ئۇ چوڭ بولۇپ شۇ ياشلارغا كەلگەندە پۈتۈن يۇرت بالىلىرى ئۇنىڭدىن بىرەر مىنۇتمۇ ئايرىلالماس بولۇپ قاپتۇ. ھەرقانداق بىر ئويۇن، ھەرقانداق بىر تاماشا ۋە سورۇن يېگانە جاھانسىز كۆڭۈلسىز ئۆتۈيدىكەن. ئۇ پۈتكۈل بالىلارنىڭ سەردارى ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىر ۋە بىرقانچە يېقىنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، يۇرت-يۇرتلارنى ئارىلاپ ئاخىرى يېگانە جاھاننىڭ يۇرتىغا كېلىپ قاپتۇ. پادىشاھ سەلتەنەتلىك ئېگىزلەنگەن ئارغىماقتا كېلىۋاتسا ئالدىدىن 40 — 50 دەك بالىلار بىر تالدىن تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنگەن ھالدا چىقىپ كەپتۇ. بالىلار قاتار-قاتار سەپ تارتىپ، جامالىدىن نۇر تېمىپ تۇرىدىغان بىر بالىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقۇدەك. پادىشاھ ھەيران بولۇپ، دەرھال ئاتنىڭ تىزگىنىنى سېرىپ توختاپتۇ.

— توختاڭلار بالىلار، — دەپتۇ پادىشاھ بالىلارغا ئىللىق چىراي بىلەن تەكشى قاراپ.

يېگانە جاھان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ بەلگە بەرگەنىكەن، بالىلار شىپپىدە توختىشىپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ بالىلارغا زوقى كېلىپ سوراپتۇ:

— سىلەر نېمە قىلىدىغان بالىلار؟

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ بىز بىلەن نېمە ئىشىڭىز بار، — دەپتۇ يېگانە جاھان سوئالغا سوئال ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ. پادىشاھ يېگانە جاھاننىڭ سوئالىغا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن مۇشۇ ئەلنىڭ شاھى، ئۆزۈڭ كىم؟

يېگانە جاھان جاۋاب بېرىپ بولغۇچە بالىلار قوشقاچنىڭ بالىلىرىدەك جاۋۇلدىشىپ كېتىپتۇ:

— ئۇ بىزنىڭ سەردارىمىز!

— ئۇبىزنىڭ كەلگۈسىدىكى شاھىمىز!

— ئۇنىڭ ئىسمى يېگانە جاھان، جاھاندا پەقەت بىرلا!

— ......

شاھ بالىلارنىڭ چۇقانلىرى بېسىلغاندىن كېيىن يېگانە جاھاندىن سوراپتۇ:

— چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسەن؟

— دوستلىرىم ۋە چوڭلار مېنى چوڭ بولغاندا پادىشاھ بول، دەيدۇ.

— پادىشاھ بولۇشنى خالامسەن؟

— ئەلۋەتتە.

— شاھلىق ساڭا نېسىپ بولمىسچۇ؟

— بۇ ئەلنىڭ رايىغا باغلىق، ھېچكىمنىڭ خاھىشى ئەمەس.

— بوپتۇ، شاھمۇ بولغىن، شاھ بولۇشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟

— يۇرتنى گۈللەندۈرىمەن، خەلقنى روناق تاپقۇزىمەن، پارىخور ئەمەلدارلارنى دارغا ئاسىمەن، ساپلىقنى قوغداپ، بارلىق ئىپلاسلىقلارنى ئەجەل گۆرىگە دەپنە قىلىمەن، — يىگانە جاھان بۇ سۆزلەرنى شۇنچىلىك ۋەزمىنلىك بىلەن ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ بالىغا ھۆرمىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— خۇدا مۇراد — مەقسىتىڭگە يەتكۈزگەي، ئامىن! — دۇئا قىلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. يىگانە جاھان شاھ بىلەن خوشلىشىپ ئۆزىنىڭ «لەشكەرلىرى» نى باشلاپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەپسۇسكى، مەككار ۋەزىر پادىشاھ بىلەن يىگانە جاھاننىڭ چىرايىغا قاراپ، يىگانە جاھاننى تونۇپ قاپتۇ. ئۇ ئويلاپتۇكى: «ھەي بۇ شۇم ئاخىرى بېشىمغا بىر بالا ئەكەلمىگىيدى ـ ھە، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۆز ئاتىسىنىڭ قولى بىلەن بالدۇرراق ئۇجۇقتۇرماق كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا شاھنىڭ ئورنى ماڭا تەگمەي قېلىشى مۇمكىن....»

شاھ ۋەزىرنىڭ قاقداقتۇر بىر نېمىلەرنى ئويلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ ـ دە، ئۇنى چاقىرىپ:

— خوش، ۋەزىرىم، — دەپ چاقىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاۋازىدىن خىيالى ئۈزۈلگەن ۋەزىر بۇرۇلۇپ شاھقا قاراپ:

— خوپ، شاھىم!

— نېمە خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتتىڭىز؟

— ھەي، ھېلىقى ھارىمىنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئالدىلىرىنىڭ كەلگۈسىدىن كۆڭلۈم تەشۋىش چېكىۋاتىدۇ، شاھىم.

— نېمىشقا؟

— قارىماملا شاھىم، بۇ بالا كىچىككىنە تۇرۇپ ئۆزلىرىدىن ھېچ بىر ئەيمەنمەي شۇنداق سۆزلەرنى قىلىۋاتىدۇ. ناۋادا شۇ 30 ياشلارغا يېقىنلاشسا نېمىلەرنى قىلمايدۇ، دەيلا. مېنىڭچە ئۇ ھارامزادىنى بۆشۈكىدە بوغۇپ قويۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇزاققا بارماي ھەزرەتلىرىنىڭ شەۋكەتلىك تاجىغا ئوت قويىدۇ، — ۋەزىر ھاياجانلىق بىر قىياپەتتە شۇنداق دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— مېنىڭچە بۇنىڭدىن زىنھار گۇمانلىنىپ ئولتۇرۇش روھىي جەھەتتىكى خابى ـ غەپلەتتۇر، شاھىم!

شاھ ۋەزىردىن سوراپتۇ:

— ئۇنداقتا قانداق قىلغۇلۇق — شاھ ۋەزىرگە قاراپتۇ، ۋەزىر كەسكىن ھالدا:

— ئۆلۈم، ئۆلۈمدىن باشقىسى بىكار! — دەپ ۋەزىر قولىنى قاتتىق سىلكىپتۇ.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇنداقتا بەكمۇ ئۇۋال قىلغان بولىمىز، باشقىچىرەك يول تاپايلى!

— شاھىنىم جانابىلىرى دائىم ئاق كۆڭۈللۈك قىلىلا، بۇ قاراپ تۇرۇپ زەھەرلىنىك چايانىنى قوينىمىزدا باققانلىق ئەمەسمۇ؟ مېنىڭچە يەنىلا ئۆلۈمدىن باشقىسى بىكار.

— ئەي ۋەزىرىم، بۇ بىر نارەسىدە

بالا تۇرسا، ھېچ بىر گۇناھسىز، قىلغان ئىككى ئېغىز سۆزىگە قاراپلا ئاللانىڭ دەرگاھىغا يوللىساق، خۇدايىتائالا بىزنى روزى مەھشەردە نېمە دەر؟ — پادىشاھ بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزلەپتۇ، — مۇنداق بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەي يىراق بىر يەرگە پالىۋېتەيلى.

شاھ ۋەزىر بىلەن بىردەم مەسلىھەتلىشىپتۇ ۋە بىر ئاتلىق نەۋكەرنى يىگانە جاھاننى چاقىرىشقا ئەۋەتىپتۇ. ھايال ئۆتمەي نەۋكەر يىگانە جاھاننى ئېلىپ كېلىپتۇ. يىگانە جاھان قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، چىن ئەدەب بىلەن پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئۇلۇغ شاھىم، مەن بىلەن نېمە ئىشلىرى بار ئىدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھ سۆز باشلاپ بولغۇچە مەككار ۋەزىر مۇنداق دەپتۇ:

— قارىساق خېلى ئەقىللىق بالىدەك قىلىسەن، بىزنىڭ ئۇلۇغ شاھىمىز ساڭا ھاجەتمەن بولۇپ قالدى، شاھنىڭ ھاجىتىنى بەجا كەلتۈرەمسەن؟

— خوش تەقسىر، قېنى شاھنىڭ ھاجەتلىرىنى ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ يىگانە جاھان.

— ھازىر شاھىمىزنىڭ خەزىنىسىدە ئالتۇن تۈگەپ قېلىۋاتىدۇ، شۇڭا سەن، بىرىنچىدىن، شاھىمىزغا ئالتۇننىڭ ئۇرۇقىنى تېپىپ كېلىسەن. ئىككىنچىدىن، شاھىمىز ئاسماندا ئۆي سېلىپ ئولتۇرماقچى، شۇڭا ئاسماندا ئۆي سالىدىغان ياغاچچى تېپىپ كېلىسەن. ناۋادا بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەلىسەڭ ساڭا نۇرغۇن ئىنئاملار تەييار. ئەكسىچە قىلساڭ بارار جايىڭ زىندان بىلەن دار، — دەپتۇ ۋەزىر.

يىگانە جاھان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

بۇنى كۆرگەن شاھ:

— ئوغلۇم، مېنىڭ ھاجەتلىرىمنى ۋەزىر ساڭا ئېيتتى. مېنىڭ پەرمانىم شۇكى، سەن ھازىردىن باشلاپ سەپەرگە چىقىپ، 18 مىڭ ئالەمنى كېزىپ ئالتۇننىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئاسماندا ئۆي سالىدىغان خارەت (ياغاچچى) نى تېپىپ كېلىسەن، — دەپتۇ.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ — دەپتۇ يىگانە جاھان ئامالسىز ھالدا.

— بەس، قۇرۇق گەپنى قوي، شاھىمىزنىڭ ئەمرى ئۇلۇغدۇر. ناۋادا باش تارتىدىكەنسەن، ھە، قالدىسىنى ئۆزۈڭ بىل! — دەپتۇ ۋەزىر بىر شاھقا، بىر يىگانە جاھانغا قاراپ.

شاھ ۋە ۋەزىر ئارغىماق ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ كېتىپ قاپتۇ. يىگانە جاھان كەچتە ئۆيىگە قايغۇلۇق ھالدا كىرىپ كەپتۇ. ئانا ئوغلىنىڭ پەرىشانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگانە جاھان ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ ۋەقەنى بايان قىلىپتۇ. ئانا ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق قىسمەتلىك ھايات قىسسىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگانە جاھان ھېلىقى شاھنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكى، ئانىسىنىڭ ۋەزىرنىڭ سۇيىقەستى بىلەن قارىلانغانلىقى، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭمۇ ۋەزىرنىڭ يامان نىيىتى بىلەن خورلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ چەكسىز غەزەپلىنىپ، ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئانا ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، جىگەر پارەم، خۇدانىڭ بىر تەقدىرى باردۇر. خەيرىيەت، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بۇ قېتىم ئاللا دەپ يولغا چىق. خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس. بۇ مۇناپىق مەلئۇنلاردىن

Uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىزنىڭمۇ بىر ئىنتىقام ئالىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالار!

يىگانە جاھان بىرقانچە كۈن تەييارلىق كۆرۈپ، ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، بىر خورجۇننى بويىنىغا ئارتىپ سەپەرگە راۋان بولۇپتۇ. ئانا ئوغلىغا تەلمۈرۈپ ياش تۆكۈپ قاپتۇ. يىگانە جاھان بىر ئايدەك يول يۈرگەندىن كېيىن بىرمۇنچە مەنزىللەرنى كەينىدە قالدۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. ئۇ يۈزمىلىك خىياللار بىلەن بىرەردەم ئارام ئالماي يۈرۈپتۇ. ئۇ شۇنداق يۈرۈپ قانچىلىغان تاغۇ-دەريالارنى، دەشت-باياۋانلارنى بېسىپ بىر مەنزىلگە كەلگەندە بىر بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. يىگانە جاھان بىرقانچە كۈن بوۋاي بىلەن بىرگە يول يۈرۈپتۇ. ئەمما بوۋاي بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ماڭغۇدەك. يىگانە جاھان بۇ ھالدىن زېرىكىپ كېتىپ بوۋايغا مۇنداق دەپتۇ:

— بوۋا، مۇنداق جىمجىت ماڭغۇچە يولنى قاتلاپ-قاتلاپ ماڭساق بولماسمۇ؟

بوۋاي يىگانە جاھانغا ھەيرانلىق نەزەرىدە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ دېگەن يول، قانداق قاتلاپ ماڭاتتىڭ؟ بۇ ئارغامچا ياكى قوينىڭ ئۈچىيى ئەمەستە!

يىگانە جاھان قىلچە خاپا بولماستىن بەلكى «ماقۇل ئەمىسە بوۋا» دەپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار يەنە بىرقانچە كۈن گەپ سۆز قىلماي يۈرۈپتۇ ۋە بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا دەريادا سۇ خېلى ئۇلۇغ ئىكەن. ئۇلار ئىشتانلىرىنىڭ پۇچقاقلىرىنى تۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا يىگانە جاھان بوۋايغا قاراپ:

— بوۋا، دەريادىن بىرىمىز ھۆل، بىرىمىز قۇرۇق ئۆتسەك قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي يىگانە جاھانغا ئالىيىپ بىر قاراپ، ئىچىدە «تازىمۇ بىر مەمەدان نېمىكەن بۇ» دەپ ئويلاپ:

— قانداق نېمىسەن؟ ھېلى يولنى قاتلاپ ماڭايلى دەيسەن، ھېلى دەريادىن بىرىمىز ھۆل، بىرىمىز قۇرۇق ئۆتەيلى دەيسەن، ئالجىپ قالغان نېمىمۇ سەن — قانداق؟ ناۋادا قانىتىڭ بولسا ئۇچۇپ ئۆتتۈرەمسەن — دەپ دوق قىلىپتۇ-دە، سۇغا كىرىپتۇ. يىگانە جاھان «ھەي» دېگىنىچە بوۋاينىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئۇلار ئاخىرى دەريانىڭ نېرىقى ساھىلىغا ئۆتۈپتۇ. بوۋاي بىلەن يىگانە جاھان بىردەم گەپ-سۆز قىلماي ئولتۇرۇپ دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندىن كېيىن بوۋاي يىگانە جاھانغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، قارا، ئاۋۇ كۆرۈنگەن مېنىڭ ئۆيۈم، خالىساڭ بېرىپ چاي-پاي ئىچىپ كەت، خالىمىساڭ ئۆز خاھىشىڭ. ئاۋۇ كۆرۈنگەن مۇشۇ شەھەردىكى بىر سارايۋەننىڭ سارىيى، شۇ يەرگە بېرىپ چۈشسەڭ بولىدۇ، ھە، قانداق؟ مېنىڭ ئۆيۈمگە بارامسەن؟

— رەھمەت بوۋا، ئۆزلىرىمۇ چارچاپ قالدىلا، بالا-چاقىلىرى بىلەن ئوبدان ئارام ئېلىۋالسىلا. مەن ئۆزلىرىنى كېيىنچە يوقلاي، — دەپتۇ يىگانە جاھان. ئۇلار شۇنداق قىلىپ خوشلىشىپتۇ. بوۋاي بەش-ئالتە ئارغامچا بويى ئۇزاقلىغاندا يىگانە جاھان ئۇنى چاقىرىپ:

— ھەي بوۋا!

بوۋاي كەينىگە بۇرۇلۇپ سوراپتۇ:

— نېمە گەپ؟

— ئۆيلىرىگە بارغاندا دەرۋازىنى «دوك-دوك» قىلىپ بىرقانچە قېقىۋېتىپ كىرسىلە جۇمۇ!

بوۋاي بۇنى ئاڭلاپ يىگانە جاھاننىڭ «مەمەدان» لىقىغا ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ:

— ۋاي، خۇدايىمەي، تازىمۇ بىر ئېغىز غېرىچلايدىغان نەرسە ئىكەنسەن، يا مۇشتلاپ كىرەرمەن، يا مۇشتلىماي كىرەرمەن، ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەرگىنە،— دەپ كېتىپ قاپتۇ. يېگانە جاھانمۇ «ماقۇل بوۋا» دەپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. يېگانە جاھان بوۋاي كۆرسىتىپ بەرگەن سارايغا چۈشۈپتۇ.

بوۋاي يېگانە جاھان بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن دەرۋازىنى ئازراق ئىتتىرىپ بولۇپ: «توختاپ تۇرە، دەرۋازىڭىزنى ئۇرۇۋېتىپ ئاندىن ھويلىڭىزغا كىرىڭ دەيدۇيا؟ قېنى بىر شۇنداق قىلىپ باقمايمۇ؟» ئۇ شۇ خىيال بىلەن دەرۋازىنى بىرقانچىنى ئۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن ئىككى خىزمەتچى قىز يۈگۈرۈپ چىقىپ بوۋاينىڭ يۈك-تاقلىرىنى قولىدىن ئاپتۇ. بوۋاي ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ ماڭغانىكەن خىزمەتچى قىزلار: «غوجام، سەل تەخىر قىلغايلا» دەپ يول بەرمەي تۇرۇۋاپتۇ. بوۋاي گاڭگىراپلا قاپتۇ. ھايال ئۆتمەي بوۋاينىڭ ساھىبجامال قىزى چىقىپ دادىسىغا سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ھۆرمەتلىك ئاتا، ئۆزلىرى ھەر قېتىم سەپەردىن قايتقاندا ئۆيگە شەپە قىلماي كىرىپ كېلەتتىلە، ئەجەبا، بۈگۈن دەرۋازىنى ئۇرۇپ كىردىلىغۇ؟

— نېمىسىنى سورايسەن قىزىم،— دەپتۇ بوۋاي،— يولدا بىر كاداك شۇمتەككە ئۇچراپ قالغانىكەنمەن، بىردەم يولنى قاتلاپ ماڭساق، دەيدۇ. بىردەم دەريادىن بىرىمىز ھۆل، بىرىمىز قۇرۇق ئۆتسەك قانداق، دەيدۇ. ئاچچىقىمدا يول دېگەن قاتلاپ ماڭغىلى ئۇچەي ئەمەس، دەريادىن قانىتىڭ بولسا ئۇچۇپ ئۆت، دېدىم. ئاچچىقىمنى ئەڭ كەلتۈرگىنى شۇ بولدىكى، مەھەللىگە كەلگەندە ئۆيگە كىرىپ چاي-پاي ئىچىپ ماڭمامسەن دېسەم، خوش بوۋا، مەن قايتاي، ئۆيلىرىگە كىرىشتىن ئاۋۋال دەرۋازىنى بىر قانچىنى مۇشتلىۋېتىپ ئاندىن ھويلىغا كىرگەيلا دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەرۋايىم ئۇچتى دېگىنە. دەككىسىنى بېرىپ يولغا سالدىم-دە، ئويلاپ قالدىم: توختاپ تۇرە، بۇ ھارامزادىنىڭ دېگىنىدەك بىر قىلىپ باقاي دەپ شۇنداق قىلدىم، قىزىم ھەقىقەتەن ئاجايىپ بىر نەرسە ئىكەن، كاساپەت.

قىز دادىسىدىن دەرھال سوراپتۇ:

— ئۇ بالا قېنى؟

— نېمە قىلاتتىڭ!

— ئۇ ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل، پەم-پاراسەتلىك بالا ئىكەن ئەمەسمۇ، دادا!

— قويغىنا قىزىم، ئۇنىڭ نېمىسىنى شۇنداق دەيسەن؟

— ئۇ بالىنىڭ سىزگە «يولنى قاتلاپ-قاتلاپ ماڭايلى» دېگىنى، جىم-جىم ماڭماي، مۇڭدىشىپ سىردىشىپ ھېكايە-چۆچەك ئېيتىشىپ ماڭايلى، شۇنداق قىلساق يولنىڭ جاپاسىنى تۇيماي ئۆتۈپ كېتىمىز دېگىنى. دەريانىڭ بويىغا كەلگەندە «بىرىمىز ھۆل، بىرىمىز قۇرۇق ئۆتسەك قانداق» دېگىنى بولسا بىرىمىزنى بىرىمىز يۆدۈپ ئۆتكۈزەيلى دېگىنى ئەمەسمۇ؟ ئەسلىدە ئۇنىڭ سىزنى دەريادىن ھاپاچ قىلىپ ئۆتكۈزگىسى بارىكەن. جېنىم دادا، ئۇنىڭ «دەرۋازىنى مۇشتلىۋېتىپ كىرىڭ» دېگەن سۆزىگە قارىمامسىز، نېمە دېگەن ئەدەب ئەخلاقلىق بالا-ھە!

بوۋاي سوراپتۇ:

— قانداق دەيسەن قىزىم؟

— قانداق دەيسىزغۇ،— قىز چۈشەندۈرۈپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ،— ھەر قېتىم سەپەردىن قايتقاندا ھېچ بىر شەپە قىلماي كىرىپ كېلەتتىڭىز، ناۋادا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولغان بولسا ناھايىتى سەتچىلىك بولغان بولاتتى. قانداق دېمەمسىز، مەن سىز

www.uyghurkitap.com

دەرۋازىنى ئۇرغاندابويۇمنى سۇغاسىلىۋاتاتتىم.
سىزنىڭ كېلىشىڭىزدىن ھېچقانداق خەۋىرىم
يوق ئىدى. ئەگەر سىز شەپەسىز كىرـ
گەن بولسىڭىز مېنى يالىڭاچ كۆرگەن بولاتـ
تىڭىز ـ دە، ئاتا ـ بالىلىق ھاياغا داغ چۈشـ
كەن بولاتتى. خۇسۇسەن مەن سىزگە قايسى
يۈزۈم بىلەن قارىيالايتتىم؟ سىزچۇ؟ شۇنـ
داق ئەمەسمۇ دادا؟

قىز سۆزىنى شۇنداق تۈگىتىپتۇ. بوـ
ۋاي ئويلاپ قارىسا راست، ئۇ يىگىتنىڭ
ئەقىل ـ پاراستىدە گەپ يوق. شۇڭىمۇ بوـ
ۋاي ئۆزىنىڭ دۆتلەرچە قىلغان ئىشىدىن
قاتتىق خىجالەت بولۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— قىزىم يىگانە دەۋران، سېنىڭ
سۆزلىرىڭ دۇرۇس، شۇڭا ئۇ يىگىتنى ئەتە
مېھمانغا چاقىرايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر
خىزمەتچى قىزدىن ئېيتىپ قوي.

قىز ماقۇل بولۇپتۇ. يىگانە دەۋران
دېگەن بۇ ساھىبجامال قىز يىگانە جاھانـ
غا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە كۆڭـ
لىگە بىر نېمىلەرنى پۈكۈپ تازا يۇمـران
پاقلاننىڭ گۆشىدە شورپا قىلىپ، راسا ئوخـ
شىغان بىر دانە گۆش ناننى چىرايلىق داسـ
تىخانغا ئوراپ خىزمەتچى دېدەككە تۇتقۇـ
زۇپتۇ ـ دە:

— سەن ماۋۇ شورپا بىلەن گۆش نانـ
نى ئېلىپ ئاۋۇ سارايغا بېرىپ يىگانە جاـ
ھان دېگەن بىر يىگىتنى يوقلاپ كەل، سەن
يىگىتكە، مېنى خېنىم ئەۋەتتى. ئۆزلىرىنى
ئەتە مېھمانغا چاقىردى، دېگىن. قولۇڭدىكى
گۆش نان بىلەن شورپىنى ئالغاندا، خېنىم
ھاۋا ئوچۇق، ئاي پۈتۈن دەيدۇ، دېگىن
ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كەل — دەپتـۇ.
دېدەك يولدا كېتىۋېتىپ گۆش ناننىڭ يېـ
رىمىنى يەۋەپتۇ. شورپىنىڭ يۈز مېيىـىنى
ئىچىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ دېدەك قىز يىگاـ
نە جاھان قېشىغا بېرىپ سوۋغىلارنى ئۇنىڭـ
غا سۇنۇپتۇ. دېدەك قايتار چېغىدا:

— غوجام، خېنىم ھاۋا ئوچۇق، ئاي
پۈتۈن دەيدۇ، دېگىن ۋە ئۇنىڭ جاۋابىـنى
جەزمەن ئېلىپ كەل دېگەنىدى، ئۆزلىرىچە
قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگـانە جاھـان
قولىدىكى نەرسىلەرگە قاراپ تۇرۇپ قېلىپ:

— جاۋابىنى كېيىن بېرەي، — دەپ
ئۆزىنى قاچۇرغانىكەن، دېدەك قىز:

— زادى دەپ بەرمىسىلە بولمايدۇ، —
دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتـۇ. شۇنىڭ بىلەن يىـ
گانە جاھان ئىلاجىسىز:

— خېنىم يالغان سۆزلەپـتـۇ، بېرىپ
خېنىمغا دەڭ ھاۋا بۇزۇق، ئاي پۇچۇق، —
دەپتۇ. دېدەك قىز قايتىپ بېرىپ يىگانـە
دەۋرانغا:

— ئۇ يىگىت غەلىتە ئادەم ئىكەن،
قانداق دېسىلە، ئۇ ئۆزلىرىنى يالغانـچـى
قىلىپ «خېنىم يالغان سۆزلەپتۇ، بېرىپ خېـ
نىمغا دەڭ، ھاۋا بۇزۇق، ئاي پۇچـۇق»
دەيدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگانە دەۋـ
ران دېدەككە چەكسىز غەزەپلىنىپ:

— ۋۇ جۇۋەينىمەك، سەن نېمە ئۈـ
چۈن شورپىنىڭ يۈز مېيىنى ئىچىۋالدىڭ،
نېمىشقا ناننىڭ يېرىمىنى يەۋالدىـڭ؟ —
دەپ ئۇنى لاخشىگىر بىلەن راسا دۇمبالاپتۇ.

ئەتىسى بوۋاي يىگانە دەۋران بىلەن
سارايغا بېرىپ، يىگانە جاھـانـنى باشلاپ
كېلىپتۇ. ئۇلار ئۇزاق مۇڭدىشىپتۇ. تائام ـ
دىن كېيىن ساھىبجامال قىز يىگانە دەۋـ
ران يىگانە جاھاننىڭ نېمە سەۋەبـتىن بۇ
يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت
ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ سـۆزلەپ
بېرىپتۇ. يىگانە جاھـان سەرگۈزەشتلىرىنى
ھېكايە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆينى بىر
پەس تىمتاسلىق قاپلاپتۇ. قىز خىيالـدىن
بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇنىڭغا كۆپ قايغۇرۇپ كەتمەڭ،

شۇغىنىسى ئاسماندا ئۈچي سالىدىغان خارەت
(ياغاچچى) بىلەن ئالتۇننىڭ ئۇرۇقى تېخى
دۇنياغا كەلگىنى يوق. بۇنى ھېچكىم ئاڭ-
لاپ باققانمۇ ئەمەس. ئەمما مەن بۇنىڭغا
ئوبدان بىر چارە ئويلاپ بولدۇم.

— راستلا چارە ئويلاپ بولدىڭىزمۇ؟—
يىگىت ئالدىراپ سوراپتۇ،—قېنى،دەپ بېقىڭ-
چۇ؟ — مەن ھەر بىرىڭلارنىڭ ياردىمىگە
موھتاج!

قىز يىگىتكە مۇلايىم بىر نەزەر تاش-
لاپ مۇنداق دەپتۇ:

— قالغان گەپنى ئەتە دېيىشەيلى،
سىز ھازىرچە ئوبدان ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ،
خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ!

— رەھمەت سىزگە،— دەپتۇ يىگا-
نە جاھان چىقىپ كېتىۋاتقان قىزدىن كۆ-
زىنى ئۈزەلمەي.

ئۇلار بۇ كۈنى ئەنە شۇنداق خوش-
لىشىپتۇ. يىگانە جاھان بىلەن يىگانە دەۋ-
ران ئەتىسى يەنە ھەمسۆھبەت بولۇپتۇ.
يىگانە دەۋران يىگانە جاھاننىڭ يۇرتىدا
يوق ئىككى نەرسىنى تەييارلاپ قويغانىكەن.
ئۇنىڭ بىرى تورغاي بىرى بىر بولاق زىغىر
ئىكەن. قىز بۇ ئىككى نەرسىنى يىگىتكە بېرىپ
ئۇرغۇن ئەقىل ئۆگىتىپتۇ ۋە: «كېيىنكى
ئىشلارنى مەن دېگەندەك قىلغايسىز» دەپ
ئۇنى يولغا سېلىپتۇ. يىگىت قىز بىلەن يۈز-
مىڭ پۇرقەت ۋە دەپ تۈگەتكۈسىز ھىج-
ران ئازابى ئىچىدە خوشلىشىپتۇ.

يىگىت كۆپ مۇشەققەت چېكىپ، كۆپ
يوللارنى بېسىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپ-
تۇ. ئانىسى بىلەن زارزار يىغلاپ دىدار-
لىشىپتۇ. يىگىت بولغان ئىشلارنى ئانىسىغا
يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.
ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ
خوداي-تائالاغا شۈكرانە ناماز ئوقۇپ بولۇپ
پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىقىپ-
تۇ... پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن ھەشەمەتلىك
ئوردىسىدا يىگانە جاھاننى كۈتۈۋاپتۇ. پا-
دىشاھ:

— قېنى ئاسماندا ئۈچي سالىدىغان
خارەت ئۇستام بىلەن ئالتۇننىڭ ئۇرۇقىنى
ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ —دېگەنىكەن يىگانە جاھان:

— ئەلۋەتتە! — دەپتۇ.

— خوش، — دەپتۇ شاھ ھەيران بو-
لۇپ، — قېنى چىقارمامسەن؟

— بۇنىڭدا گەپ يوق، — دەپتۇ يى-
گانە جاھان مەردانە قىياپەتتە، — ئەمما
ھازىر بەرمەيمەن، سەن ئاۋۋال يەتتە ياش-
تىن يەتمىش ياشقىچە بولغان بارلىق يۇرت
ئەھلىنى بىر يەرگە جەم قىل، مەن ئاندىن
خەلقى ئالەم ئالدىدا بۇ نەرسىلەرنى ساڭا
تاپشۇرىمەن.

شاھ بىلەن ۋەزىر بۇ شەرتكە ماقۇل
بولۇپتۇ. ئەتىسى شاھ بىر پەرمان چۈشۈ-
رۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق كىشى-
لەرنى يىغىپ كاتتا بىر سورۇن تەييار-
لاپتۇ ۋە مۇنداق جاكارلاپتۇ:

— بىزنىڭ بۇكچىك ئەزىمەت ئاسمان-
دا ئۈچي سالىدىغان خارەت بىلەن ئالتۇننىڭ
ئۇرۇقىنى تېپىپ كەلدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى
خەلقى ئالەم ئالدىدا ماڭا تەقدىم قىلماقچى!

كىشىلەر ھەيران - ھەس بولۇشۇپ،
قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشۇپ، كۆزلىرىنى
يىگانە جاھانغا تىكىشىپتۇ.

يىگانە جاھان قىز بەرگەن تورغاينى
قولىغا ئېلىپ خالايىققا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— خالايىق، مەن بۇ ياغاچچى ئۇس-
تامنى ناھايىتى ئۇزاق يوللارنى بېسىپ
باشلاپ ئەكەلدىم. بۇ ئۇستام ھۈنەردە شۇن-
داق كامالەت تاپقانكى، ئاسماندا، مۇئەللەق-
تە ئاجايىپ كارامەت ئۆيلەرنى ھېچ بىر
تۈۋرۈك ئىشلەتمەي سالالايدۇ.

كىشىلەر تېخىمۇ ھەيران بولۇشۇپ

www.uyghurkitap.com

چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ كېتىپتۇ. يىگانە جاھان «بەس، خالايىق بەس» دەپ ۋارقىرىغان ئىكەن، ھەممە جىم بولۇپتۇ. يىگانە جاھان قۇشنىڭ قانىتىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ:

— قېنى ئۇستام، كارامەتلىرىنى بىر كۆرسەتسىلە!

ئۇشۇنداق دەپ تورغاينى قويۇپ بەرگەنىكەن تورغاي ئۈن گەزچە ئۇچۇپ «چۇۋ، چۇۋ» دەپ سايراپتۇ. يىگانە جا-



ھان پادىشاھ بىلەن ۋەزىرگە قاراپ:

— تېز بولايلى، خارەت ئۇستام تېز ياغاچ ئەپچىقىلار، دەيدۇ، — دەپتۇ بۇنى ئاڭلاپ ۋەزىر:

— ئۇ يەرگە قانداق ياغاچ ئەپچىققىلى بولسۇن؟ — دەپ ئالىيىپتۇ يىگانە جاھانغا:

شۇ ئارىلىقتا تورغاي بەش ئارغامچا بويى ئۆرلەپ «چۇۋ، چۇۋ» قىلغانىكەن، يىگانە جاھان پادىشاھقا دەپتۇ:

— تېز بولايلى شاھىم، پەرمان بەرگەيلا، ئۇستام ئالدىراۋاتىدۇ، ياغاچ ئەپچىقىپ بېرەيلى، تېز!

— ئۇ يەرگە قانداق ياغاچ ئەپچىقالارمىز، — دەپ بېشىنى قاشلاپتۇ پادىشاھ.

— ياغاچ بولمىسا ئاسمانغا ئەمەس، يەرگىمۇ ئۆي سالغىلى بولمايدۇ، شاھىم، — دەپتۇ يىگانە جاھان. تورغاي يەنە بىر ئايلىنىپ «چۇۋ، چۇۋ، چۇۋ، چۇۋ، چۇۋ» قىلىپ سايراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ بىلەن ۋەزىر تەڭلا:

— كېتىپ قالدىغۇ؟ — دېگەنىكەن، يىگانە جاھان:

— ئۇستام «ئىشىم بەك ئالدىراش، سىلەرگە ئۆي لازىم ئەمەس ئىكەن» دەپ كېتىپ قالدى، — دەپتۇ يىگانە جاھان ئەپسۇسلانغان بىر قىياپەتنى يۈزلىرىدە نامايان قىلىپ. شۇنىڭ بىلەن شاھ، ۋەزىر ۋە بارلىق جامائەت لاسىدە بولۇشۇپتۇ. يىگانە جاھان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ:

— ئەمدى كەرەملىك ئۇلۇغ شاھىمغا ئالتۇننىڭ ئۇرۇقىنى تەقدىم قىلىمەن. ماڭا بۇ ئۇرۇقنى خىزىر ئەلەيھىسسالام بەرگەن، بۇ ئۇرۇق ناھايىتى خىل، تېرىسا پاتمان-پاتمانلاپ ھوسۇل بېرىدۇ. ئەمما شەرتى شۇكى، بۇنى ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ئوسۇرۇپ سالمىغان ۋە مەڭگۈ ئۇنداق قىلمايدىغان ئادەم تېرىشى لازىم. قېنى كىم تېرىيدۇ؟ — دېگەنىكەن، ھېچكىم لام - جىم دېمەپتۇ. شۇ چاغدا يىگانە جاھان شاھقا دەپتۇ:

— ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭچە بۇ ئۇرۇقنى

ھۇرمەتلىك ۋەزىرلىرى مۇبارەك قوللىرى بىلەن تېرىدىسۇنمىكىن؟ پەرىزىمچە جانابىي ۋەزىر ئۇسسۇرمىغان ۋە مەڭگۈ ئۇسسۇرمايدىغۇ دەيمەن؟!

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئۆزىگە سوئال نەزەرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ:

— ياق - ياق! مەن، مەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن، مەن ھەر كۈنى ئەللىك - ئاتمىش قېتىم يەل قويۇۋەتمىسەم تۇرالمايمەن!

يىگانە جاھان ۋەزىرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، قەھرى بىلەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ، ئىككى كاچىتىغا ئىككىدىن تۆتنى سېلىپتۇ - دە:

— ۋۇ مۇناپىق، — يىگانە جاھان يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ، — ۋۇ ئىپلاس قارا نىيەت، ئادەم سىياقلىق يىرتقۇچ، سەن كۈنىگە شۇنچىنى ئۇسسۇساڭ گەپ يوق، بىچارە ئانام ئۆزىنىڭ ھالال ئېرى بولغان دادامنىڭ ئالدىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر قېتىم شۇنداق قىلىپ سالغانلىقى ئۈچۈن سەن نېمىلەرنى قىلمىدىڭ؟ بىزنى نېمە ۋەيرانچىلىقلارغا سالمىدىڭ...؟

ۋەزىر قىش كۈنى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتتەك جالاقشىپ تىترەشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ شۇ چاغدىلا بۇ دانىشمەن بالىنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى، مېھرىبان ئايالىنى قارا نىيەت ۋەزىرنىڭ سۇيىقەستى بىلەن خورلىغانلىقىدىن ئىبارەت ۋىجدان كەچۈرگۈسىز جىنايىتىنى بىلىپ، غەزەپتىن تىترەپ جەھلى بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— جاللات!

— لەببەي شاھىم، بىز تەييار، — جاللاتلار قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپتۇ.

شاھ:

— بۇ بەدبەخ مەككارنى دارغا ئاس!

جاللاتلار:

— خوپ شاھىم! — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەككار ۋەزىرنى دارغا ئېسىپ، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشىپتۇ. ئاتا - بالا، ئەر - خوتۇن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ......

پادىشاھ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، جامائەتكە شۇنداق جاكارلاپتۇ:

— خالايىق! بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن بىر ئاچچىق ساۋاق بولۇپ قالسۇن، «ئورنىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن ھېكمەتنى بۇگۈن ھەممىمىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. بۇ ساۋاقنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايلى، نىيىتى يامانلارنىڭ گېپىگە ئالدىنىپ ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى ئازابلىمايلى! «ئىككى قوچقار ئۇسۇشسە بۆرىنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەي ئاقار» دېگەن گەپ بار. بۇ مەڭگۈ ئېسىمىزدە بولسۇن.

پۈتۈن يۇرت ئەھلى قاتتىق ھاياجانلىنىپتۇ. خالايىق مەككار ۋەزىرنىڭ جەسىتىگە تۈكۈرۈپ نەپرەت بىلدۈرۈپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شاھ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى قىرىق كېچەكۈندۈز تويغا چاقىرىپ ساھىبجامال قىز يىگانە دەۋرانىنى ئوغلى يىگانە جاھانغا نىكاھلاپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئالتۇن تاجىسىنى ئوغلىغا كىيگۈزۈپتۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن زىلال

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىسمىن روزى

# ئەپسانىلار

## شەپەرەڭ نېمە ئۈچۈن سىرتقا كېچىسى چىقىپ ئوزۇقلىنىدىغان بولۇپ قالغان

بۇرۇنقى زاماندا قۇشلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان قاتتىق ئۇرۇش يۈز بەرگەن ئىكەن. لېكىن ھېچكىم ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشقانلىقىنى بىلمەيدىكەن.

شەپەرەڭ ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپنى قوللىشى لازىملىقىنىمۇ بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى كىم غالىب كەلسە شۇنىڭغا قوشۇلۇش قارارىغا كەپتۇ. شۇڭا ئۇ يىراقتا تۇرۇپ پەيت كۈتۈپتۇ. بىرھازادىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىگە قۇشلار غەلىبە قىلىدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل ئۇچۇپ بېرىپ، قۇشلار توپىغا قوشۇلۇۋاپتۇ.

— سەن بۇيەردە نېمە قىلىسەن؟— دەپ ۋارقىراپتۇ بىر قۇش.

— سەن مېنىڭ قۇش ئىكەنلىكىمنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ قارا، مېنىڭمۇ سېنىڭكىگە ئوخشاش قانىتىم تۇرمامدۇ؟ — دەپتۇ شەپەرەڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا، بۇياققا كەل. باشقىلارنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالماي ئۇرۇشقا قاتناش، — دەپتۇ قۇش. لېكىن تۇيۇقسىز ئەھۋال ئۆزگىرىپتۇ. قارىغاندا قۇشلار يېڭىلىپ، ھايۋانلار غەلىبە قىلىدىغاندەك قىپتۇ. شەپەرەڭ پەيتنى قولدىن بەرمەي دەرھال قۇشلار توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ھايۋانلار تەرەپكە ئۇچۇپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇۋاپتۇ.

— سەن بىز تەرەپكە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ ئەھۋال ئېگىلەش ئۈچۈن پايلاقچىلىق قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ — دەپ ھۆركىرەپتۇ ھايۋانلاردىن بىرى.

— سەن مېنىڭ ئۆز ئادىمىڭلار ئىكەنلىكىمنى بىلمىدىڭمۇ؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ھايۋانغۇ؟ ئىشەنمىسەڭ ئاغزىمدىكى ماۋۇ چىشلىرىمغا قاراپ باققىنا، قۇش دېگەننىڭ مېنىڭكىدەك چىشى بولامدۇ؟— دەپتۇ شەپەرەڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ.

— سەن كىمنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىسەن؟— دەپتۇ ھېلىقى ھايۋان ۋە غەزەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلاپتۇ، — كاززاپلىق قىلما! بايا بىز سېنىڭ قۇشلار تەرەپتە تۇرۇپ بىزگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقانلىقىڭنى كۆردۇققۇ، قېنى، يالغان دەپ باقە، بىزنى ھەرگىزمۇ ئالدىيالمايسەن!



شۇنداق قىلىپ ھايۋانلار ئۇنى ئۆز ئارىسىدىن قوغلاپتۇ. ئۇ قېچىپ قۇشلار ئارىسىغا كەلگەن ئىكەن، ئۇلارمۇ ئارىسىغا

ئالماي قوغلاپتۇ.

هايۋانلار بىلەن قۇشلار ئۇزاق ئۇرۇش قىلىپ، بىر-بىرىنى يېڭەلمىگەندىن كېيىن ئاخىرى كېلىشىم قىلىشىپ، ئۇرۇشنى توختىتىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ شەپەرەڭنى ئىككى يۈزلىمە دېيىشىپ، ئۆز توپلىرىغا قوشماپتۇ. شۇڭا شەپەرەڭ ئۆز ئۇۋىسىدىن ئايرىلىشتىن قورقىدىغان، كۈندۈزى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ پەقەت كېچىسىلا سىرتلارغا چىقىپ ئوزۇق ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن.

## توشقان نېمە ئۈچۈن يېرىق كالپۇك بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا توشقاننىڭ ئاغزى ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ چىرايلىق ئاغزى بىلەن ماختىنىپ، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىكەن.

ئۇ بىر ئات بىلەن دوست بوپتۇ. ئىككىسى بىر يەردە تۇرىدىكەن، كېچە-كۈندۈز بىللە ئوينايدىكەن ۋە بىللە يېتىپ قوپىدىكەن. قىش كىرىپ ھاۋا سوغۇق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە ئوت قالاپتۇ-دە، ئىسسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. توشقان كەپسىز بولغاچقا ئاتنى بوزەك قىلماقچى بولۇپ، ئوتنى قەستەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپتۇ. ئات ئىسسىق تەپتىگە چىدىماي كەينىگە سۈرۈلۈپتۇ. توشقان ئوتنى يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپتۇ، ئات يەنە كەينىگە سۈرۈلۈپتۇ. توشقان ئوتنى يەنە سۈرۈپتۇ، ئات كەينىگە سۈرۈلۈۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئات تاغدىن پەسكە غۇلاپتۇ-دە، ئۆلۈپتۇ. توشقان شۇ ھامان يىراقتا مال بېقىۋاتقان پادىچىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ: ھەي پادىچى، ئامىتىڭ كەلدى! ئىتتىك بول، ئاۋۇ جىلغىدا بىر ئات ئۆلۈپ قاپتۇ، بېرىپ تېرىسىنى سويۇۋال، — دەپتۇ.

— ياق، بارالمايمەن، ماۋۇ ئۇلاغلىرىمنىڭ دۈمبىسىدىكى يېغىر ساقايمىدى، مەن كېتىپ قالسام قاغا كېلىپ چوقۇلاپ، ئۇلارنىڭ يېغىرىنى ئېچىۋېتىدۇ، — دەپتۇ پادىچى.

— قورقما، ئۇلىغىڭغا مەن قاراپ تۇرىمەن. بىردەمدىلا بېرىپ كېلىسەن، — دەپتۇ توشقان مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

پادىچى كېتىپتۇ. توشقان شۇ ھامان قاغىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي قاغا، ئامىتىڭ كەلدى! ئاۋۇ ئوتلاقتىكى مالنىڭ يېنىدا دۈمبىسى يېغىر بولۇپ كەتكەن بىرنەچچە ئۇلاغ تۇرىدۇ، پادىچىمۇ يوق. ماڭ، ئىتتىك بېرىپ ئۇلارنىڭ يېغىرىنى چوقۇلاپ يە! — دەپتۇ.

— ياق بارالمايمەن، — دەپتۇ قاغا بېشىنى چايقاپ، — ئۇۋامدا بىرمۇنچە تۇخۇم بار. مەن ئۇ يەرگە كەتسەم، بالىلار كېلىپ تۇخۇملىرىمنى ئېلىپ قاچىدۇ.

— شۇنىڭدىنمۇ غەم يەمسەن؟ مانا مەن قاراپ تۇرىمەن، بالىلار ھەرگىزمۇ كېلەلمەيدۇ، — دەپتۇ توشقان.

قاغا كەتكەندىن كېيىن توشقان دەرھال بىر بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي، شا كىچىك، ئامىتىڭ كەلدى! قاغا ئۇۋىسىدا يوق، ئىتتىك بېرىپ، ئۇنىڭ تۇخۇملىرىنى ئېلىپ ئوينا! — دەپتۇ.

— ياق، بارمايمەن، — دەپتۇ بالا ئۇنماي، — ئاپام ئۆيگە ئوبدان قارا دېگەن، ئۆيدە ئادەم يوق. مەن كېتىپ قالسام ئۆيگە ئوغرى كىرىدۇ.

— ۋاي ئەخمەق، بولدى، ئۆيۈڭگە مەن قاراپ تۇراي، سەن بېرىۋەرگىن، — دەپتۇ توشقان.

بالا يۈگۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ. توشقان ئالمان — تالمان ئوغرىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي ئوغرى، ئامىتىڭ كەلدى! كىچىك بالا ئۆينى يالغۇز تاشلاپ قاغىنىڭ تۇخۇمىنى ئالغىلى كەتتى، بول، ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى مال-مۈلۈكنى يىغىشتۇرۇپ كەل، — دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا ھازىرلا باراي، — دەپتۇ ئوغرى ۋە ئۇچقاندەك كېتىپ قاپتۇ.

بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن پادىچى ئاتىنىڭ تىزگىنىنى سويۇۋېلىپ، ئۇلاغلىرىنىڭ قېشىغا كەلسە توشقان يوق، قاغا ھەدەپ ئۇلاغلىرىنىڭ دۈمبىسىدىكى يېغىرلارنى چوقۇلىغىلى تۇرۇپتۇ. پادىچى بىر تاشنى ئېلىپ قاغىغا ئېتىپتۇ. قاغا ئۇچۇپ ئۇۋۇسىغا كېلىپ قارىسا، توشقان يوق. بىر بالا ھەدەپ ئۇۋىدىكى تۇخۇملارنى ئېلىپ، يانچۇقىغا سېلىۋاتقۇدەك. قاغىنىڭ جان-پېنى چىقىپ كېتىپتۇ-دە، ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ بالىنى چوقۇۋاپتۇ. بالا قېچىپ ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، بىر ئوغرى ھەدەپ ساندۇقلارنى دۈم كۆمتۈرۈپ، بىساتلارنى ئوغرىلىغىلى تۇرۇپتۇ. بالا جېنىنىڭ بارىچە: «ۋاي ئوغرى! ئوغرىنى تۇتۇڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. قورقۇپ كەتكەن ئوغرى ئالدى-كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ.

پادىچى قاغىنى، قاغا بالىنى، بالا ئوغرىنى قاغاپتۇ. توشقان تاغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەممىسىنى ئەخمەق قىلغانلىقىدىن ئۆزىچە مەسلىكى كېلىپ تازا كۈلۈپتۇ. كۈلگەندىمۇ توختىماي قاقاھلاپ كۈلۈپ، ئاغزىنى يۇمالماي قاپتۇ. ئۇ بەك قاتتىق كۈلۈپ كەتكەنلىكىدىن ئۇشتۇمتۇت كالپۇكى يىرتىلىپ كېتىپتۇ. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ توشقاننىڭ كالپۇكى يېرىق بولۇپ قالغانىكەن.

## ئىت بىلەن مۈشۈك نېمە ئۈچۈن بىر-بىرىگە ئۆچ بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا ئىت بىلەن مۈشۈك دوست ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۈشۈك دوستى ئىتقا:

— مەن ئەسلى ئۇستا موزدۇز، قىش كېلىۋاتىدۇ، ناۋادا ئۆتۈك لازىم بولسا مەن تىكىپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ۋۇي، مۇنداق ھۈنىرىم بار دېگىنە-تېخى! — دەپتۇ ئىت ھەيران بولۇپ، — ئۇنداق بولسا سوغۇق چۈشكىچە ماڭا بىر جۈپ ئۆتۈك تىكىپ بەرگىن، باشقا يەردىن موزدۇز ئىزدەپ يۈرمەي.

— بولىدۇ، بۇرادەر، يارىغۇدەك قىلىپ تىكىپ بېرىمەن، بىراق بىر ئايدىن كېيىن ئالىسەن، — دەپتۇ مۈشۈك.

— ۋاقتى نېمانچە ئۇزۇن؟ تېزرەك بولسا ياخشى بولاتتى، سوغۇق چۈشۈپ كەتمىگىيدى، — دەپتۇ ئىت ئەنسىرەپ.

— قورقما، بىر ئاي دېگەن كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھۈنەرگە ئۇستا بولغىنىم ئۈچۈن قولۇم بېسىق،

ئىشنى پۇختا، سۇ پەتلىك قىلىمەن، شۇڭاۋاقىت
كۆپرەك كېتىدۇ، — دەپ ماختىنىپتۇ مۇشۇك.
ئۇلار بىر هازا ئالىشىپ ئىككى ھەپ-
تىگە پۈتۈشۈپتۇ. ئىككى ھەپتىمۇ ئۆتۈپ
كېتىپتۇ. لېكىن مۇشۇك ھۇرۇنلۇق قىلىپ
قەيەر ئىسسىق بولسا شۇ يەردە ئۇخلاپ
ئۆتۈكنى تىكىپ بەرمەپتۇ. ئىت ئۆتۈكنى
سۈرۈشتۈرۈپ مۇشۇكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئىشىم بېسىق بولۇپ كېتىپ
تېخىچە قولۇمغا ئالالمىدىم، بولمىسا ئال-
لىقاچان پىچىپ تەييارلاپ قويغان ئىدىم. خاپا
بولماي يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلگىن،
دوستۇم، — دەپتۇ مۇشۇك.

ئىت ئىلاجىسىز قايتىپ كېتىپتۇ.
كۈندىن-كۈنگە سوغۇق چۈشكىلى تۇرۇپ-
تۇ. بىر ھەپتىنى ئاران ئۆتكۈزۈپ ئىت
يەنە كەپتۇ.



— ھەي دوستۇم...، ئۆتكەن ھەپتە
ئاغرىپ قېلىپ زادىلا ئىش قىلالمىدىم. خاپا
بولماي يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسەڭ، —
دەپتۇ مۇشۇك خىجىل بولۇپ كۆزىنى
يۇمۇۋېلىپ.

ئىت يەنە قايتىپ كېپتۇ. بارغانسېرى
سوغۇق چۈشۈپتۇ. ئىت نەچچە قېتىم
بېرىپ مۇشۇكتىن ئۆتۈكنى ئالالماپتۇ.
ھەر قېتىم كەلسە:

— پۇت... پۇت!...، مانا ھازىر
قېلىپقا تارتىپ قويدۇم، ئەتىلا پۈتكۈزۈپ
بېرىمەن، پۇت... پۇت!...، — دەيدىكەن
مۇشۇك رەختكە ھەدەپ سۇ پۈركۈپ تۇرۇپ.

ئىت تولا كېلىپ ئۆتۈكنى ئالالماي
سوغۇقتا پۇتى توڭۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ
جىلى بولۇپ زادىلا ئۆزىنى بېسىۋالالماپ-
تۇ-دە، غەزەپ بىلەن مۇشۇككە ئېتىلىپتۇ.
مۇشۇك چاققانلىق بىلەن يېنىدىكى ئېگىز
دەرەخكە يامىشىپ چىقىۋاپتۇ.

مۇشۇ ئىش توپەيلىدىن ئىت مۇشۇككە
ئۆچ بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئىت
مۇشۇكنى نەدە كۆرسە، ئېتىلىپ بېرىپ
ئۇنى قوغلايدىكەن. مۇشۇكمۇ «پارتتىدە»
قېچىپ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىدىكەن-
دە، «پۇت... پۇت...، ئۆتۈكنى قېلىپقا
تارتىپ قويدۇم، ئەتىلا پۈتكۈزۈپ بېرى-
مەن!» دەپ كونا گېپىنى تەكرارلايدىكەن.

«يالغانچىنىڭ ئەتىسى توگىمەس»
دېگەن ماقالمۇ شۇ چاغدىن قالغان ئىكەن.

## مۇشۇك نېمە ئۈچۈن پوقىنى كۆمىدۇ؟

مۇشۇك دائىم چاشقانلارغا: مەن
ھەرقانداق ئېگىز يەرگە يامىشىپ قېچىپ
كېتەلەيمەن، سەكرەشتىمۇ مېنىڭ ئالدىمغا
ئۆتىدىغىنى يوق، دەپ ماختىنىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاشقانلار مۈشۈكنىڭ مۇنداق ماھارىتىگە ھەۋەس قىلىشىدىكەن. بىر كۈنى چاشقانلار: بىزمۇ مۈشۈكنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن سەكرىشنى، ئېگىزگە يامىشىپ چىقىشنى ئۆگەنسەك بولمامدۇ؟ ئۇنداق بولغاندا ئېگىز ئاسقىدىكى گۆشلەرنىمۇ قىينالمايلا يېيەلەيمىز، دېيىشىپتۇ. ئاخىرى چاشقانلار بۇ تەلىپىنى مۈشۈككە ئېيتىپتۇ.

مۈشۈك «تەلىيىم كەپتۇ» دەپ ئويلاپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە چاشقانلارغا قاراپ ناھايىتى سەممىي، مۇلايىم قىياپەتتە:

— بولىدۇ، بولىدۇ! مەن ئۆزۈمدىكى بۇ ماھارەتنى سىلەرگە ئۆگىتىپ قويۇشنى بەكمۇ خالايمەن. بىراق بىر شەرت بار، مەن ھەر كۈنى بىر قېتىمدىن ئۆگىتىمەن. ھەممىڭلار ئۆز ۋاقتىدا كەلسەڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ. چاشقانلار چوقۇم ۋاقتىدا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇستازىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىردەك ۋەدە بېرىشىپتۇ.

— خوش، ئۇنداق بولسا بۈگۈن سىلەرگە تەرتىپلىك يۈگۈرۈشنى ئۆگىتىپ قوياي. ھەممىڭلار رەتلىك تىزىلىپ، مېنىڭ كەينىمدىن يۈگۈرۈڭلار. مەن ئاستا يۈگۈرسەم سىلەرمۇ ئاستا يۈگۈرەيسىلەر، تېز يۈگۈرسەم سىلەرمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالماي تېز يۈگۈرەيسىلەر، بىر ئورۇندا تۇرۇپ پىرقىرىسام، پىرقىرايسىلەر. ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق! — دېيىشىپتۇ چاشقانلار.

شۇنىڭ بىلەن يۈگۈرۈش باشلىنىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن مۈشۈك ئۇلارنى توختىتىپ:

— ئەمدى پىرقىراپ يۈگۈرۈشنى ئۆگىنىۋالدىڭلار. مەن يۈگۈرمەي ئوتتۇرىدا تۇرىمەن، سىلەر ئەتراپىمنى چۆرىدەپ يۈگۈرۈڭلار، قۇيرۇقىمنى ئاستا شىپاڭشىتسام ئاستا يۈگۈرۈڭلار، تېز شىپاڭشىتسام تېز يۈگۈرۈڭلار، — دەپتۇ. چاشقانلار پىرقىراپ يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. مۈشۈك قۇيرۇقىنى توختىماي تېز شىپاڭشىتىپتۇ، چاشقانلار پىرقىراۋېرىپ چارچاپ كېتىپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى يۈگۈرۈۋاتىسىلەر، توختىماي يۈگۈرۈڭلار! — مۈشۈك شۇنداق دەپ تۇرۇپ ئارقىدا قالغان ئىككى چاشقاننى كاپپىدە تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يەنە چاشقاندىن ئۈچىنى يەۋېتىپ:

— بولدى توختاڭلار، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك ئۆگىنىڭلار. ئەتە سىلەرگە يۇقىرىغا يامىشىشنى ئۆگىتىمەن! — دەپتۇ. چاشقانلار قايتىپ كېتىپ ئارام ئاپتۇ. ئەتىسى يەنە كەپتۇ. ئۆگۈنىمۇ كەپتۇ. مۈشۈك ھەر كۈنى چاشقاندىن بەش — ئالتىنى يەپ تۇرۇپتۇ. بىر ھەپتىلەردىن كېيىن چاشقانلارنىڭ يېرىمى قاپتۇ.

— بۇرادەرلەر، — دەپتۇ بىر قېرى چاشقان ھەمراھلىرىغا قاراپ، — ئۆگىنىشنى باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە بىز ناھايىتى كۆپ ئىدۇق. بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىمىز، بۇ يەردە بىر چاتاق بار جۇمۇ! بايا ئۇستازىمىز تەرەت قىلغان يەرگە بېرىپ قاراپ باقسام ئەھۋال باشقىچە، ئۇنىڭ پوقى ئارىسىدا چاشقانلارنىڭ تۈكلىرى تۇرىدۇ. ئۆگىنىشنى ئاستا يىغىشتۇرۇپ قويساقمىكىن.

بۇ گەپنى مۈشۈك ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ تەرەت قىلىپ بولۇپلا پوقىنى كۆمۈۋېتىدىغان بوپتۇ. چاشقانلارمۇ ئۆگىنىشكە كەلمەيدىغان بوپتۇ.

## خوراز نېمە ئۈچۈن چاياننى كۆرسىلا يەۋېتىدۇ

بۇرۇنقى زاماندا خورازنىڭ بېشىدا ناھايىتى چىرايلىق بىر جۈپ مۈڭگۈزى بار ئىكەنمىش. بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن ئىنسانلار يىل مۆچەللىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ھەر خىل ھايۋانلارنى يىغىپ سايلام ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ-دە، پۈتۈن ھايۋانلارغا سايلامغا قاتنىشىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىپتۇ.

سۇ ئىچىدە ياشايدىغان ناھايىتى ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىر ئەجدىھا بار ئىكەن. بىراق ئۇنىڭ بېشىدا مۈڭگۈزى بولمىغاچقا، ئۆزىنى ھەقىقي گۈزەل دەپ قارىمايدىكەن. ئۇ يىل مۆچەللىرىگە ۋەكىل بولۇپ سايلىنىش تەمەسى بىلەن سايلام مەركىزىگە بارماقچى بوپتۇ-دە، بىرسىدىن مۈڭگۈ ئارىيەت ئالماقچى بولۇپ سۇدىن چىقىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ يېقىنلا بىر يەردە چىللاۋاتقان يوغان بىر خورازنى كۆرۈپتۇ. خورازنىڭ مۈڭگۈزى بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھا ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى ئارىيەت ئالماقچى بولۇپ خورازنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزغىن سالام بېرىپتۇ ۋە:

— خوراز ئاكا، ئەتە مەن يىل مۆچەل سايلىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن باراتتىم خاپا بولماي مۈڭگۈزىڭىزنى ماڭا قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، ئەتە سايلامغا مەنمۇ بارىمەن، — دەپتۇ خوراز.

دەل شۇ چاغدا ھەممە ئىشلارغا چېپىلىپ يۈرىدىغان چايان ئۆمىلەپ كېلىپ خورازغا:

— ئەجدىھا ئاكىغا مۈڭگۈزىڭىزنى ئارىيەت بېرىپ تۇرۇڭ، ئۇ چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا مەن گۇۋاھچى بولاي، — دەپتۇ. خوراز ئاخىرى چاياننىڭ سالا قىلىشى بىلەن مۈڭگۈزىنى ئەجدىھاغا قەرزگە بېرىپتۇ.


سايلامدا خوراز بىلەن ئەجدىھا يىل مۆچەللىكىگە سايلىنىپتۇ. سايلام ئاياغلاشقاندىن كېيىن خوراز سۇ بويىغا كېلىپ ئەجدىھا بىلەن كۆرۈشۈپتۇ-دە، تەكەللۇپ بىلەن:

— بۇرادەر، سايلاممۇ تۈگىدى. ئەمدى مۈڭگۈزۈمنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. ئەجدىھا تەمكىن ھالدا:

— سىزنىڭ مۈڭگۈزىڭىزگە مەن تولىمۇ موھتاج. باشقىلاردىن قەرز ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمما مۈڭگۈزىڭىز ماڭا خېلى يارىشىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر مەن بەك چارچاپ كەتتىم، بۇ توغرىدا كېيىن پاراڭلىشايلى، — دەپتۇ ۋە بىرلا شۇڭغۇپ سۇ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. خورازنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ. ئەجدىھانى بىر ھازا غىچە چاقىرىپتۇ. ئەجدىھا زادىلا چىقماپتۇ.

خوراز نائىلاج قايتىپ كېلىپ چاياننى ئىزدەپ تېپىپتۇ-دە، ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. چايان ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

— دەرۋەقە، بۇ ئىشتا مەن گۇۋاھچى بولغانتىم. بىراق ئەجدىھا بولسا سۇدا ياشايدۇ. مەن ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟ بۇنىڭغا ئىلاج يوق، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەنلىكىدىن خورازنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە:



— گۈۋاھچى دېگەن مۇشۇنداقمۇ مەسئۇلىيەتسىز بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

چايان ئىزا تارتماي خورازغا:

— كىم سېنى باشقىلارغا مۆڭگۈزىنى قەرز بەرسۇن دەپتۇ! «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دەپتىكەن، بولدى، ئەمدى بۇ گەپنى قويۇپ قوي، — دەپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن خوراز ئېتىلىپ كېلىپ ھىيلىگەر چاياننىڭ گېلىنى بوغۇپتۇ-دە، ھايت-ھۇيت دېگۈچە يەۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خوراز چاياننى كۆرگەن ھامان دەرھال يەۋېتىدىغان بوپتۇ ۋە ھەركۈنى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ مۆڭگۈزى ئېسىگە كېلىدىكەن-دە:

— ئەجدىھا...! مۆڭگۈزۈمنى قايتۇرۇپ بەر! — دەپ ۋارقىرايدىكەن.

## خوراز قانداق بولۇپ ئۆي قۇشىغا ئايلىنىپ قالدىغان؟

بۇرۇنقى زاماندا قۇشلار ھازىرقىدەك ئورمانلىقتا، ئېتىز-ئېرىقلاردا ۋە ئادەملەر ئارىسىدا ياشىماستىن، بەلكى مەلۇم بىر تاغدىكى ئۆزىگە خاس ماكاندا توپلىشىپ ياشايدىكەن.

بىركۈنى قۇشلار داقا-دۇمباق، نەغمە-ناۋا قىلىشىپ، كېچىچە ئۇسسۇل ئويناپتۇ. بىراق ئۇلار ئۇخلاش ئالدىدا ئوت دۆۋىسىنى يىغىپ، چوغنى كۆمۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئەتىسى ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا ئوت ئاللىقاچان ئۆچۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا قۇشلار ئىسسىنىدىغان ۋە دائىم كېرەك قىلىدىغان ئوتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن قايغۇرۇپ، يىغا-زارە قىلىشىپتۇ.

خوراز باشقا يەردىن ئوت تېپىپ كېلىش ئۈچۈن قانىتىنى قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

خوراز توپتوغرا ئىككى كېچە-كۈندۈز ئۇچۇپ، دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىگە بارغاندىن كېيىن بىر ئۆينى ئۇچرىتىپتۇ. قارىسا ئۆي ئىچىدىكى ئوت دۆۋىسىنىڭ ئالدىدا چىرايلىق بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. خوراز قىزنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كىرىپتۇ.

قىز خورازنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇشنى، ئۆزى بىلەن دوست بولۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن خوراز گەپ قىلماي، ئوت دۆۋىسىدىن بىرنەچچە تال چوغنى ئېلىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ.

— چىرايلىق خوراز، ھېچ بولمىسا نەدە تۇرىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەرگىن، مەن سېنى ئىزدەپ بارىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ قىز.

— دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا بېرىپ، داقا-دۇمباق، نەغمە-ناۋا بولۇۋاتقان يەردىن ئىزدىسەڭ مېنى تاپالايسەن! — دەپتۇ خوراز ۋە ئۇچۇپ كېتىپ كۆزدىن غايىپ

بوپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىز «خوراز دوستۇمنى تېپىپ بېرىڭلار» دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

ئاتا ـ ئانىسى ئىلاجىسىز قىزنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر سېۋەتكە ئالمىلارنى ئېلىپ، خورازنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ، ھەممە يەرنى ئىزدەپتۇ. ئاخىرى بىر قولۋاقنى ھەيدەپ دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. دېگەندەك يېرىم كېچىدە دېڭىز ياقىسىغا كەلسە داپ ـ دۇمباق، نەغمە ـ ناۋا ئاڭلىنىپتۇ.

ـــ قۇلاق سېلىڭلار، ـــ دەپتۇ قىز خۇشال بولۇپ، ـــ بۇ چوقۇم چىرايلىق خورازنىڭ ماكانى!

ئۇلار سىنچىلاپ قاراپ، يۇلتۇزلارنىڭ غۇۋا يورۇقىدا قۇشلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈپتۇ. ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن قۇشلارمۇ ئۇيقىدىن ئويغىنىپ، ئۇۋىلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ چىقىشقىلى تۇرۇپتۇ. بىرىنچى بولۇپ تۆمۈر تۇمشۇق چىقىپتۇ.

ـــ قىزىم، خوراز دېگىنىڭ ئاشۇمۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ دادىسى.

ـــ ياق دادا، خوراز ئۇنىڭدىن چىرايلىق، ـــ دەپتۇ قىز. ئىككىنچى قېتىم شاتۇتى چىقىپتۇ.

ـــ قىزىم خوراز دېگىنىڭ ئاشۇمۇ؟ ـــ دەپتۇ دادىسى.

ـــ ياق دادا، خوراز ئۇنىڭدىنمۇ كېلىشكەن، ـــ دەپتۇ قىز.

ئۈچىنچى قېتىم كاككۇك چىقىپتۇ.

ـــ مۇشۇمۇيە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ دادىسى.

ـــ ياقەي دادا، خوراز دېگەن بەكمۇ چىرايلىق، ـــ دەپتۇ قىز.

شۇنداق قىلىپ يەنە نۇرغۇن قۇش چىقىپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا مەغرۇر قەدەم تاشلاپ خوراز چىقىپتۇ. قىز ئۇنى كۆرۈپلا خۇشال بولۇپ سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنى چاقىرىپتۇ:

ـــ خوراز دوستۇم بۇياققا كەل، مانا بىز كەلدۇق!

ـــ ياق قىزچاق، ـــ دەپتۇ خوراز يېقىن كىلمەي، ـــ مەن بۇ يەردىكى قۇشلارنىڭ سەردارى، مەن ئۇلاردىن، ئۇلارمۇ مەندىن ئايرىلالمايدۇ. رەنجىمىگىن، سەن بىلەن دوست بولىمەن، دەپ ئۇلارنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن.

ـــ ھېچبولمىغاندا ماۋۇ مېۋە ـ چېۋىلەرگە ئېغىز تەگكىن، ـــ دەپتۇ قىز ئۇنى تەكلىپ قىلىپ.

خوراز بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قولۋاقنىڭ يېنىغا كەپتۇ. قىز چاققانلىق بىلەن ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. ئاندىن ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن خوراز ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى كىشىلەر ئارىسىدا ياشايدىغان بوپتۇ. سەرداردىن ئايرىلىپ قالغان قۇشلار ئۇزاق ئۆتمەي تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپ كېتىپتۇ.

## پاختەكنىڭ بوينىدىكى ئاق بەلدەم قانداق پەيدا بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا پاختەك خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىنى ئىكەن. پاختەكنىڭ ئەسلى ئىسمى پەختىخان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىزىر ھەممە بالىلىرىنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ، ھەمداستىخان بوپتۇ ۋە ئۆزئارا ھال ـ مۇڭ بولۇشۇپتۇ. تاماق تەييار بوپتۇ. پەختىخان

www.uyghurkitap.com

قولغا سۇ قۇيماق بولۇپ، ئۇۋرىقنى قولغا ئاپتۇ ـ دە، لۈڭگىنى مۇرىسىگە ئارتىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن خىزىرنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپتۇ. سۇ قايناق بولغاچقا، خىزىرنىڭ قولى كۆيۈپ قاپتۇ. خىزىر ۋارقىراپ تاشلاپتۇ ۋە دەرغەزەپ بولۇپ:

ــ ئىلاھىم پەخىتخان بولماي، پاختەك بولۇپ كەتكەيسەن! ــ دەپ قارغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەخىتخان پاختەككە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. مۇرىسىدىكى لۈڭگىمۇ شۇ پېتى قالغان ئىكەن. ھازىرقى پاختەكلەرنىڭ بويندىكى ئاق بەلـ ـدەم ئەنە شۇ چاغدا قالغان لۈڭگە ئىكەن.

## بۆرىنىڭ دۇمبىسى نېمە ئۈچۈن ئالىتاغىل بولۇپ قالغان؟

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆرە بىلەن توشقان بىللە بېلىق تۇتۇپتۇ. بېلىقنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن بۆرە توشقانغا:


ــ ئەمدى ئىككىمىز بۇ بېلىقلارنى سۇرلەيلى، بىراق ھەرقايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا سۇرلەيلى. سەن مۇشۇ يەردە قالغىن، مەن دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كېتەي، ــ دەپتۇ.

بۆرە ئۆزىگە تېگىشلىكىنى ئېلىپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن بۆرە دەريانىڭ ئۇ قېتىدا تۇرۇپ:

ــ ھەي توشقان، كېچىسى ئۇخلاپ قالماي سەگەكرەك يات جۇمۇ! ئەگەر ئۇخلاپ قالساڭ بېلىقلىرىڭنى ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ، ــ دەپ ۋارقىراپ قويۇپتۇ.

توشقان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىققا ساپتۇ ۋە كېرەك بولۇپ قالار دەپ ئالغاچ كەلگەن تۆمۈر ئارىنى قوقاسقا تىقىپ قويۇپ، بەخىرامان ئۇخلىماقچى بولۇپ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ.

يېرىم كېچىدە بۆرە يەنە توشقاننى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. بىر قېتىم ۋارقىراپتۇ، ئىككى قېتىم ۋارقىراپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم يەنە ۋارقىراپتۇ. توشقان تېخى ئۇخلىمىغان بولسىمۇ ئۈندىمەي جىم يېتىپتۇ. بۆرە «توشقان تازا تاتلىق ئۇيـ قىغا كېتىپتۇ» دەپ ئويلاپ، دەريادىن ئاستا ئۆتۈپتۇ ـ دە، توشقاننىڭ بېلىقلىرى دۆۋە لەنگەن يەرگە كەپتۇ ۋە بېلىقلارنى مەززە قىلىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. توشقان سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قوقاسنىڭ ئىچىدە قىپـ قىزىل بولۇپ كەتكەن تۆمۈر ئارىنى ئاپتۇ ـ دە، ئوغرىنىڭ دۇمبىسىگە بىرنەچچىنى ئۇرۇپتۇ. بۆرە غىڭ قىلالماي غىپپىدە دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر-



دەمدىن كېيىن توشقانغا يەنە ۋارقىراپتۇ:

ــ ھەي توشقان سەن تەرەپكە ئوغرى كەلدىمۇ؟

ــ كەلدى، ــ دەپتۇ توشقان، ــ بىراق مەن ئۇنىڭ تازا ئەدىبىنى بەردىم.

ــ ناھايىتى ئوبدان قىپسەن، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ بۆرە، ــ دەريانىڭ بۇ قېتىدا تۇرۇپ ئوغرىنى دۇمبالاۋاتقانلىقىڭنى مەنمۇ

ئاڭلىدىم. ئېيتقىنا، سەن ئۇنى نېمە بىلەن ئۇرغانىدىڭ؟

— قوقاستا قىزىتىلغان تۆمۈر ئارىنىڭ بېشى بىلەن ئۇرغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ توشقان.

شۇنىڭدىن تارتىپ بۆرىنىڭ دۈمبىسى ئالتاغىل بولۇپ قالغانىكەن. بۇ ئاشۇ قوقاستا قىزىتىلغان تۆمۈر ئارىنىڭ ئىزى ئىكەن.

## پاشا بىلەن دۆلەت قوڭغۇزى ھەققىدە رىۋايەت

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۆلەت قوڭغۇزى ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بوپتۇ - دە، تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ، كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن ئىزدەشكە باشلاپتۇ. پاشىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. دۆلەت قوڭغۇزى مۇشۇ قىزنى كېلىن قىلىۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ، بولغۇسى قۇدىسى پاشىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم پاشا دوستۇم، ئوغلۇق بولسا ئۆيلىيدىغان، قىزىڭ بولسا تالالىق قىلىدىغان گەپكەن، قىزىڭنى سوراپ كەلدىم، كېلىن قىلىۋالاي دەيمەن، سېنىڭچە تويلۇققا نېمە بەرسەم رازى بولىسەن؟ — دەپتۇ.

— مىڭ - مىڭ، — دەپتۇ پاشا.

— ھېچگەپتىن - ھېچگەپ يوقلا «مىڭ - مىڭ - مىڭ ...» دېگىلى تۇردۇڭغۇ؟ — دەپتۇ دۆلەت قوڭغۇزى نارازى بولۇپ ۋە سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — سەن تازىمۇ پىقسىق نېمە ئوخشايسەن - ھە! بولدى، بۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلىپ كەتمەي يولىدىراق گەپ قىلمامسەن! قېنى، ئاقىدىغان گەپنى قىلغىنا، تويلۇققا زادى نېمە ئالىسەن؟

— مىڭ - مىڭ - مىڭ، — دەپتۇ پاشا يەنە.

— ۋاي - ۋوي... مىڭدىن باشقا گەپكە تىلىڭ كەلمەمدۇ سېنىڭ؟ — دەپتۇ دۆلەت قوڭغۇزى خاپا بولۇپ، — گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلساڭچۇ، گەپ مال، پۇلدا ئەمەس، بالىلىرىمىز بىر - بىرى بىلەن ئىناق، ئېجىل ئۆتسە ھەر ئىككىمىزنىڭ بەختى - تەلىيى ئەمەسمۇ، مىڭ - مىڭ دەپلا تۇرۇۋالماي، يۈزىنىڭ، ئەللىكىنىڭ گېپىنىمۇ قىلىپ باققىنا، زادى قانچە ئالىسەن؟

— مىڭ - مىڭ - مىڭ...

— ئو... ھوي... — دەپتۇ دۆلەت قوڭغۇزى تېرىكىپ ۋە كەلگەن تەرىپىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ تاھازىرغىچە پاشا يەنىلا «مىڭ - مىڭ - مىڭ...» دەپ، دۆلەت قوڭغۇزىمۇ «ئو... ھوي...» دەپ يۈرەرمىش.

## ئاق قۇشقاچ نېمە ئۈچۈن سەكرەپ ماڭمىدۇ؟

بۇرۇنقى زاماندا ئاق قۇشقاچمۇ باشقا قۇشلارغا ئوخشاش سەكرىمەي، چامداپ ماڭىدىكەن. بىراق ئۇ بەك ھىيلىگەر، ھۇرۇن ئىكەن. ئۆزىنى زادىلا ئۇپراتمايدىكەن. ئۇزۇق ئىزدەشتىنمۇ ئېرىنىپ، باشقا قۇشلار توپلاپ قويغان تەييار ئۇزۇقلارنى ئوغرىلاپ يەيدىكەن. ھەتتا ئۇ بارا - بارا قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىنىمۇ ئوغرىلاپ يەيدىغان بوپتۇ. بۇنىڭ دەستىدىن باشقا قۇشلار كۈن ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىر بىركۈنى قۇشلار

ئۇنى ئوغرىلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ، قازىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ بېرىپتۇ ۋە قازىدىن ئۇنى قاتتىق جازالاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىپتۇ.

قازى بارلىق قۇشلارنى يىغىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنى سوراققا تارتىپتۇ. ئاق قۇشقاچ ئىلاجىسىز ئۆزىنىڭ كەسپى ئوغرى ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ جان بېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بويىنىغا ئاپتۇ.

— ئوغرىغا رەھىم - شەپقەت قىلىشقا بولمايدۇ، پۇتىغا كىشەن سېلىنسۇن، ئۆمۈر-ۋايەت قاماقتا ياتسۇن! — دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ قازى. شۇ سورۇندىلا ئۇنىڭ ئىككى پۇتىغا كىشەن سېلىنىپ، قاماققا تاشلىنىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئاق قۇشقاچ ھارامزادە بىر پەيتنى تېپىپ، قاماقتىن قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ، بىراق ھەر قانداق قىلىپمۇ پۇتىدىكى كىشەننى ئاجرىتالماپتۇ. باشقا قۇشلارمۇ ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى خالىماپتۇ، ھازىرمۇ ئۇنىڭ پۇتىدا كىشەن بار ئىكەن. شۇڭا ئۇ چامداپ ماڭالماي «دىك - دىك - دىك»سەكرەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

## شەپەرەڭنىڭ نېمە ئۈچۈن تۈك - پەيلىرى يوق؟

بۇرۇنقى زاماندا شەپەرەڭنىڭ بەدىنىدە بىر تالمۇ تۈك - پەيلەر يوق ئىكەن. شۇڭا قىش پەسلى يېتىپ كېلىپ ھاۋا سوغۇق بولغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ كۈنى تەس بولۇپ قالىدىكەن، سوغۇققا چىدىماي تىترەپ، كېچىچە يىغلاپ چىقىدىكەن. تۈك - پەيلىرى بار باشقا قۇشلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ھەممىسى ئۆز پەيلىرىدىن بىر تالدىن بېرىپتۇ. شەپەرەڭ خىلمۇخىل قۇشلارنىڭ رەڭگارەڭ تۈك - پەيلىرىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن بەك گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا - بارا باشقا قۇشلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. «مەن ھەممىڭدىن چىرايلىق!» دەپ توختىماي پو ئاتىدىغان بوپتۇ.

ئۇنىڭ ھالىنىڭ چوڭلۇقىدىن، يۈزسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن بارلىق قۇشلار تۇشمۇ تۇشتىن شەپەرەڭگە ئېتىلىپ كېلىپ، بۇرۇن ئۇنىڭغا بەرگەن تۈك-پەيلىرىنى تارتىۋاپتۇ. شەپەرەڭ يەنە بۇرۇنقىدەك تۈك - پەيسىز، ياغاق ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. قۇشلار ئىچىدە ئىزا - ئاھانەتكە قالغان شەپەرەڭ شۇندىن ئېتىبارەن باشقا قۇشلارغا كۆرۈنۈشكە پېتىنالماي، پەقەت قاراڭغۇ كېچىدىلا تالا-تۈزگە چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

## ياۋا ئۆدەكنىڭ مەيدىسى نېمىشقا سېرىق بولۇپ قالغان؟

بۇرۇن گۈل - گىياھلار يەلپۈنۈپ تۇرغان بىر تاغدا توشقان بىلەن پاقا سەيلە قىلىپ ئوينىۋېتىپ، بىر ئالتۇن كۆپنى تېپىۋاپتۇ. ئۇلار بۇ كۆپنى

تالىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ئاخىرى مەسلىھەتلىشىپ، مۇسابىقىگە چۈشمەكچى بولۇشۇپتۇ. كىم تېز يۈگۈرۈپ كۆپىنىڭ ئىچىگە كىرۋالسا، ئالتۇن كۆپ شۇنىڭ بولىدىغان بوپتۇ.

مۇسابىقىدە پاقا ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇتۇۋاپتۇ. توشقان بۇ مۇسابىقىدە پاقىنىڭ ساختىپەزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەپتۇ، شۇڭا ئالتۇن كۆپ پاقىغا تەئەللۇق بوپتۇ. پاقا ئالتۇن كۆپقا ئىگە بولغان بىلەن ئۇنى تاغدىن ئېلىپ چۈشۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماي بېشى قېتىپتۇ، دەل شۇ چاغدا، بىر ياۋا ئۆردەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سوراپتۇ. پاقا ئەھۋالنى ياۋا ئۆردەككە سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ياۋا ئۆردەك كۆپنى پەسكە چۈشۈرۈپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. بىراق يېرىمىنى مەن ئالىمەن دەپ شەرت قويۇپتۇ. پاقا ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋا ئۆردەك ئالتۇن كۆپنى تاغدىن پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ، ئىككى پارچە قىپتۇ ۋە يېرىم پارچىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ياۋا ئۆردەك ئالتۇننىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى تالىقان قىلىپ ئېزىپتۇ-دە، مەيدىسىگە سۈركىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋا ئۆردەكنىڭ مەيدىسى سېرىق بولۇپ قالغان ئىكەن.

## تاشپاقا نېمە ئۈچۈن قاتتىق قېپىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا تاشپاقا يول يۈرگەندە ناھايىتى ئىتتىك ماڭىدىكەن. يۈرۈش-تۇرۇشىمۇ چاققان ئىكەن. ئۇ ياتىدىغان ئۆيىمۇ ناھايىتى پۇختا ياسالغان بولۇپ، ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغان تادان ئىكەن. شۇڭا غەمسىز ياشايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت قاتتىق قارا يامغۇر يېغىپ ياغقاندىمۇ بىرنەچچە كۈنگىچە توختىماپتۇ. نۇرغۇن ئۇچار-قانات، ھاشاراتلارنىڭ ئۇۋىسى بۇزۇلۇپ، ۋەيران بولۇپ كېتىپ تالادا قاپتۇ. بەزىلىرى جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. لېكىن تاشپاقىنىڭ ئۆيى پۇختا، ئىسسىق بولغاچقا ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماپتۇ. قاتتىق يامغۇرغا پىسەنت قىلماي ئىسسىق ئۆيىدە راھەتلىنىپ يېتىپتۇ.


شۇ ئەسنادا ئېغىر ئەھۋالدا قالغان پاشا، قۇرت-قوڭغۇز، يىڭناغۇچلار مېڭ تەستە تاشپاقىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلەپتۇ:

— تاشپاقا بۇرادەر، يامغۇردا ئۆي ماكانسىز قالدۇق، بىزگە ياردەم قىلغىن، يامغۇر توختىغىچە ئۆيۈڭگە كىرىۋالايلى.

— بولمايدۇ، ئۆيۈمگە پاتمايسىلەر، كېتىڭلار، مېنى ئاۋارە قىلماڭلار! — دەپتۇ تاشپاقا ئۆيىدىن بېشىنى چىقىرىپ

ۋە ئۇلارغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ قويۇپ.
بۇلار دۇنيادىكى ھەممە ياخشى كەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭغا يېلىنىغان بولسىمۇ، ئۇ زادىلا ئۇنىماپتۇ.

ئەتىسى يامغۇر توختاپ كۈن ئېچىلىپتۇ. قورسىقى ئاچقان تاشپاقا ئوزۇق ئىزدەپ سىرتقا مېڭىپتۇ، بىراق ئىككى قەدەم ماڭمايلا كەينىگە قاراپ: «ئوزۇق ئىزدەيمەن دەپ شۇنچە چىرايلىق، پۇختا ئۆيۈمنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن. تونۇغۇنكىدەك ئۆي - ماكانسىز قالغان بىرنېمىلەر كېلىپ ئۆيۈمنى ئىگىلىۋالمىسۇن ــ يەنە! توختا، ئەخمەقلىق قىلماي ئۆيۈمنى كۆتۈرۈۋالاي» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ - دە، شۇ كۈندىن باشلاپ تاشپاقا نەگە بارسا ئۆيىنى يۈدۈپ يۈرىدىغان بوپتۇ.



ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بارا - بارا بۇ ئېغىر ئۆي ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىڭ چاپلىشىپ كېتىپ زادىلا ئاجراتقىلى بولمايدىغان قاتتىق قاپقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇڭا تاشپاقا يول يۈرگەندە قىينىلىپ ئاراندا ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

## كەپتەر نېمىشقا توختىماي بۇغۇلدايدۇ؟

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەپتەر ئۆز ئۇۋىسىدا يېڭى چىقارغان ئون دانە تۇخۇمنى بېسىپ ياتقان ئىكەن. بىر مېكيان كېلىپ:
ــ تۇخۇمدىن نەچچىنى بېسىپ ياتىتىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.
ــ ئون تۇخۇم چىقارغانىدىم، شۇنى بېسىپ يېتىۋاتىمەن، ــ دەپتۇ كەپتەر.
ــ مېنىڭ يوغان ئىككى تۇخۇمۇمغا ئوششاق ئون تۇخۇمىڭنى تېگىشەمسەن؟ ــ دەپتۇ مېكيان.
كەپتەر دەسلەپتە ئۇنىماپتۇ. كېيىن ماقۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىككىسى ئۆز تۇخۇملىرىنى تېگىشىپتۇ. كېيىن كەپتەر ئۆزىنىڭ مېكياننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ. چۈنكى مېكياننىڭ ئىككى تۇخۇمى چوڭ بولغان بىلەن ئۇنى باسسا ئىككىلا چۈجە چىقىپتۇ. بىراق مېكيان ئون كەپتەرگە ئىگە بولۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەپتەر يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ تاكى مۇشۇ كۈنگىچە توختىماي بۇغۇلدايدىكەن. ئۇنىڭ «بۇغ - بۇغ - بۇغ» قىلغىنى «قايتۇرۇپ بەر تۇخۇمۇمنى، مەن ياۋاشنى ئالداپ كېتىپسەن، قايتۇرۇپ بەر، قايتۇرۇپ بەر!» دېگىنىمىش.

## پاتمىچۇقنىڭ قولتۇقى نېمە ئۈچۈن قىزىل بولۇپ قالغان؟

پاتمىچۇق ئەسلىدە گۈزەل قىز ئىكەنمىش. ئۇنىڭ ئىسمى پاتمىخان بولۇپ، غۇنچە بوي، مەڭزى قىزىل ئالمىدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك چىرايلىق ئىكەن. بىراق قىلىقى ناھايىتى سەت ئىكەن. نەپسى يامان بولۇپ، كۆرۈنگەننى يەيدىكەن. ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئوغرىلايدىكەن. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا گەپ يېدۈرەلمەي بەكمۇ ئازابلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن قولۇم-قوشنىلارمۇ بىزار ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، پاتمىخان ھۆسنىگە تولۇپ چوڭ بوپتۇ. مەھەللىدىكى ياشلار ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىغا ھەۋەسلىنىپ، ئۇنى ئۆزىگە جورا قىلىۋېلىشنى ئويلايدىكەنۇ، ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ تېزلا يالتىيىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆز يۇرتىدىن لايىق چىقماپتۇ. يىللار ئۆتۈپ يىراق بىر شەھەردىن كەلگەن بىر سودىگەرنىڭ ئوغلى بۇ قىز بىلەن توي قىلىپ، ئۆز شەھىرىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. قېيىن ئانىسى كېلىنىنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. پاتمىخان بىر مەزگىل چاندۇرماي يۈرگەن بولسىمۇ، بىراق «ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۇجمە پىشقىچە» دېگەندەك ئۇنىڭ سەت قىلىقلىرى ئاستا-ئاستا يەنە چىقىشقا باشلاپتۇ.

پاتمىخان قېيىن ئانىسى يوق چاغدا ئۆيدىكى كۆرۈنگەنلا نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ، ئۆيىگە توشۇيدىكەن. قېيىن ئانىسى ئۇنىڭغا ھەرقانچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ زادىلا ئاڭلىماپتۇ. ئۆيدىكىلەرنى بەكمۇ قاقشىتىپتۇ، ئاخىرى قېيىن ئانىسى چىدىماي ئۇنى قارغاپتۇ ۋە خۇدادىن ئۇنى جازالاشنى تەلەپ قىپتۇ.

بىر كۈنى پاتمىخان ئۇپا-ئەڭلىك ۋە كىيىم-كېچەكلەر ئورالغان بوغچۇمىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئوغرىلاپ ماڭغاندا خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇشتۇمتۇت قىزىل قولتۇقلۇق كىچىككىنە ھاشارات پاتمىچۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ. پاتمىچۇقنىڭ قولتۇقىدىكى قىزىل ئاشۇ چاغدا ئوغرىلىغان بوغچۇمىسى ئىكەن.

## بوز تورغاينىڭ ئۇۋىسى نېمە ئۈچۈن ئېتىزلىقتا بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا قۇشلارنىڭ مۇقىم ماكانى يوق ئىكەن. ئۇلار نەگە ئۇچۇپ بارسا شۇ يەردە ئۇۋا تۇتۇپ تارقاق ياشايدىكەن. كېيىن قۇشلارنىڭ پادىشاھى: «بارلىق قۇشلار يىغىلسۇن، ئۇلارغا ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق يەردىن ئۇۋا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بەلگىلەنگەن كۈنى ھەممە قۇشلار تەرەپ-تەرەپتىن يىغىلىش ئورنىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

uyghurkitap.com

بوز تورغاي بىرمۇنچە قۇش بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىپ بېرىپ، يولدا بىر دېھقاننىڭ كالا هارۋىسى بىلەن ئېتىزغا ئوغۇت توشۇۋاتقانلىقىنى، كالىنىڭ بىر دۆڭدە هارۋىنى تارتالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، دوستلىرىغا قاراپ:

— ئاغىنىلەر يۈرۈڭلار، ھەممەيلەن بېرىپ، ئاۋۇ دېھقاننىڭ هارۋىسىنى ئىتتىرىشىپ بېرەيلى، — دەپتۇ.

— بۈگۈن بىزگە ئۇۋا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان تۇرسا، دېھقانغا ياردەملىشىمىز دەپ يۈرسەك كېچىكىپ قالىمىز ئەمەسمۇ؟ — دەپ باشقا قۇشلار ئۇنىماپتۇ. بوز تورغاي:

— ئۇنداق بولسا، سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار. مەن ياردەملىشىپ بېرەي، ئارقاڭلاردىن بارارمەن، — دەپتۇ ۋە شۇ يەردە قاپتۇ.

ئۇ كېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن هارۋىنى ئىتتىرىپتۇ ۋە «هە-هۇ» دەپ دېھقانغا ئىلھام بېرىپتۇ. هارۋا دۆڭگە چىقىپ كېتىپتۇ. بوزتورغايمۇ دېھقان بىلەن بىللە ئېتىزلىققا كەپتۇ. ئۇ: «ياردەم قىلغاندىكىن ئاخىرىغىچە قىلاي» دەپ ئويلاپ، دېھقانغا ياردەملىشىپ يەرگە ئوغۇت چېچىشىپ بېرىپتۇ. دېھقان ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولۇپ كېتىپتۇ. بوز تورغاي ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتۇ-دە، يىغىلىش ئورنىغا بارالماپتۇ. كۈنمۇ كەچ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ «ئەمدى بارايمۇ-بارمايمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇشىغا ئۇۋا تەقسىم قىلىۋالغان قۇشلارمۇ قايتىپ كېلىشىپ، ئۇۋىنى تەقسىم قىلىپ بولغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ. دېھقاننىڭ بوز تورغايغا ئىچى ئاغرىپ:

— ماڭا ياردەم قىلىمەن دەپ ئۇۋىسىز قاپسەن، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

— ھېچقىسى يوق ئاكا، «جان بولسا جاھان-ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، ئالەمنىڭ قويىنى كەڭ. خاتىرجەم بولۇڭ، ماڭىمۇ بىر يەردىن جەزمەن ئۇۋا تېپىلىدۇ، — دەپتۇ بوز تورغاي قىلچە كۆڭلىنى يېرىم قىلماي.

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ دېھقان بوز تورغايغا، — سەن كىشىنىڭ هالىغا يېتىدىغان، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان قۇش ئىكەنسەن. مېنىڭ مۇشۇ بۇغدايلىقىمدا ئۇۋا تۇتۇپ ماكانلىشىپ قالغىن. بۇ يەردە سەن يەيدىغان قۇرت-قوڭغۇز كۆپ، ئوت-چۆپ ئۇرۇقلىرى، تۆكۈلگەن بۇغداي دانلىرىمۇ بار. قانچە يېسەڭمۇ يېتىدۇ. بىر-بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇپ بىللە ياشايلى.

بوز تورغاي دېھقاننىڭ تەكلىپىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئېتىزلىقنى ماكان قىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ئېتىزلىقتا تۇخۇم چىقىرىپ، باللىرىنى چوڭ قىلىدىغان ۋە دېھقانغا مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن دائىم ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان بوپتۇ. هازىرمۇ شۇنداق قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

# رىۋايەتلەر

## ئىدىقۇت شەھرىنىڭ بىنا بولۇشى

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى يالقۇنتاغ ئېتىكىدە دەقيانۇس ئىسىملىك بىر پادىچى بالا ياشىغان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دەقيانۇس قوي بېقىپ يۈرۈپ بىر پارچە خەت پۈتۈلگەن قەغەز تېپىۋاپتۇ. ئۇ خەتنى قوينىغا سېلىپ، غاردا ياشايدىغان دانىشمەن بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ. دانىشمەن بوۋاينىڭ چاچ-ساقاللىرى، قاشلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، بەللىرى يادەك ئېگىلگەن، كۆزلىرى قېرىلىقتىن پۈرلىشىپ يۇمۇلغان ئىكەن. بوۋاي خەتنى قولىغا ئېلىپ، دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قاراپتۇ-دە، كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ دەقيانۇسقا قاراپ:

— ئوغلۇم، ساڭا بەخت ياربوپتۇ. خەتتە يېزىلىشىچە، سەن مەھەللەڭدىكى يوغان جۇجەمنىڭ (ئۇجمە دەرىخىنىڭ) غولىغا ئۇدۇل تۇرۇپ، دەسلەپ شىمالغا 364 چامدام، ئاندىن كېيىن شەرققە 12 چامدام مېڭىپ شۇ يەرنى كولىساڭ، بىر خەزىنىگە ئېرىشكۈدەكسەن، قېنى بەختىڭنى سىناپ كۆرەرسەن، ئوغلۇم! — دەپتۇ.

دەقيانۇس بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئەتىسى 3 – 4 ئاغىنىسىنى چاقىرىپ، بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە يەرنى كولاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار يەرنى 5 – 6 غۇلاچتەك كولىغاندىن كېيىن بىر ئالتۇن ئىشىككە دۈچ كەپتۇ. ئىشىككە يوغان بىر تاش يۆلەكلىك تۇرغۇدەك. ئۇلار تاشنى قومۇرۇپ تاشلىغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئاستىدىن پارقىراپ تۇرغان يوغان ئالتۇن ئاچقۇچ چىقىپتۇ. ئۇلار ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكتىكى ئاتنىڭ بېشىدەك يوغانلىقتىكى قۇلۇپقا سالغان ئىكەن، 7 قېتىم داراڭلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ ئىشىك ئېچىلىپتۇ. دەقيانۇس ئاغىنىلىرى بىلەن نۇر چېچىپ تۇرغان گۆھەرلەرنىڭ يورۇقىدا ھېچبىر قىيىنالماستىنلا سارايغا كىرىپتۇ. ئۇلار ئۇ يەردە ئالتۇن-كۈمۈش، ياقۇتلار بىلەن تولغان 41 ھۇجرىنى كۆرۈپتۇ. ئاندىن ئۇلار قايتىپ چىقىپ بۇ ئەھۋالنى بوۋايغا مەلۇم قىلىشىپتۇ. بوۋاي ئۇلارغا پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى كۆرسىتىپتۇ. دەقيانۇس بوۋاينىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئالتۇن-كۈمۈش تېپىلغان جايغا ھەشەمەتلىك ئوردا ياسىتىپتۇ ۋە شەھەر قۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. ئۆزى شۇ شەھەرگە شاھ بوپتۇ، دانىشمەن بوۋايىنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى قول ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئاندىن ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاقلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەشھۇر ئىدىقۇت شاھلىقىنى قۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاينىڭ نامى تەرەپ-تەرەپلەرگە تارقىلىشقا باشلاپتۇ.

## «يالغۇز ئوغۇل ئېرىقى»①

ئۆتكەن زاماندا، يالقۇنتاغ باغرىدا
بىر تۇل خوتۇن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىر
ئوغلى بارىكەن. بۇ بالا قامەتلىك يىگىت
بولۇپ يېتىلىپتۇ. ئۇ تەگرى تېغىنىڭ جەنۇ-
بىي ئېتىكىدىكى جىلغا سۈيىنى ئۆز يۇرتىغا
باشلىماق بولۇپتۇ. بۇ يىگىت شۇ ئارزۇدا
مېتىن ۋە كەتمەن تەييارلاپتۇ ھەم يولغا
چىقىش ۋاقتىدا ئاپىسىغا:
— ئاپا، سىز ماڭا تاماق ئاپارغان چې-
غىڭىزدا تۆگىنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىپ
بېرىڭ. مەن قوڭغىراق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا
ئالدىڭىزغا كېلىمەن. سىز ھەرگىز مېنى
كۆرمەن دەپ دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقماڭ،—
دەپتۇ-دە، يولغا راۋان بوپتۇ.
يىگىت ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ
بارغاندىن كېيىن غەيرەت بىلەن ئىشلەپتۇ.
ئاخىرى يىگىت ئاچقان ئېرىقتىن زۇمرەتتەك
سۈزۈك سۇلار ئېرىق بويلاپ پەسكە قاراپ
ئېقىشقا باشلاپتۇ.
ھەر كۈنى ئوغلىغا تاماق توشۇيدىغان
ئانىنىڭ ئىچى پۇشۇپ، ئوغلىنىڭ قانداق
ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگۈسى كەپتۇ. بىر كۈنى
ئانا قوڭغۇراق ئاسقان تۆگىسىنى خېلى يى-
راق بىر جايغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى دۆڭ-
نىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئوغ-
لى ئانىدىن تۇغما ھالدا كۈچەپ ئىشلەۋاتقان
ئىكەن، بۇنى كۆرگەن ئانا ناھايىتى ئەپ-
سۇسلىنىپ، خىجىل بوپتۇ-دە، دەرھال كەي-
نىگە يانماقچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا يىگىت-
مۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانىسىنى كۆرۈپ
قاپتۇ. نومۇستىن ئۆزىنى يوشۇرۇشقا جاي
تاپالماي قالغان يىگىت ھەسرەت بىلەن:
— ھەي ئانا! ۋەدىگە ۋاپا قىلماي،
قارا يۈز بولدىڭىز. ماڭىمۇ قىلدىڭىز، ئۆزى-
ڭىزگىمۇ قىلدىڭىز! — دەپ خىتاپ قىپتۇ.
شۇ ئەسنادا ئۈستەڭدىكى سۇ دەھشەت بىلەن
دولقۇنلىنىپتۇ-دە، تېرەك بويى ئېگىزلىككە
كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە بىردىن پەسىيىپ يىگىتنى
يۇتۇپ كېتىپتۇ. ئانىسى بۇنى كۆرۈپ ئۆز
قىلمىشىغا مىڭبىر پۇشايمان قىپتۇ. ئامالسىز-
لىقتىن ئوغلى سۇ باشلىغان جىلغا ئىچىدە
يىغلاپ-قاقشاپ يۈرۈپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپ-
تۇ. شۇندىن باشلاپ ئاشۇ جىلغىنىڭ نامى
«قارا يۈزى»② دەپ ئاتالغان ئىكەن. شۇ
ۋەجىدىن ئۈستەڭمۇ پۈتمەي چالا قالغان
ئىكەن.

## «قۇدۇق قازغان پادىچى يىگىت» ھەققىدە

تۇرپان ئويمانلىقىدا كارىزنىڭ قانداق
پەيدا بولغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق بىر
رىۋايەت بار:
قەدىمكى زاماندا بۇغدا تېغىدا بىر

① بۇ ئېرىقنىڭ ئىزى ھېلىمۇ بار. بۇ ئېرىق يالقۇنتاغ سىستېمىسىنىڭ شىمالىي باغرىدا
بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 40 كىلومېتىر ئەت-
راپىدا. ئېرىقنىڭ بېشى تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى «قارا يۈزى» جىلغىسىدىن باشلىنىدۇ.
② تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە شەھەردىن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېدىرلىق جايدا
«قارا يۈزى» دەپ ئاتىلىدىغان جىلغا ئىچىگە جايلاشقان بىر كەنت بار.

پادىچى يىگىت بولغانىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە پادىچى يىگىتنىڭ بىر توپ قويى يوقىلىپ كېتىپتۇ. يىگىت قويلىرىنى ئىزدەپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ جاينىڭ ئىسسىقىدا كۆپ ئازاب چېكىپتۇ. ئۇ ئاخىرى قويلىرىنى بىر قۇمۇشلۇقتىن تېپىپتۇ. بۇ چاغدا يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ، قويلىرىمۇ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئىكەن. يىگىت ئەتراپىنى شۇنچە ئاختۇرسىمۇ بىرەر تامچە سۇ تاپالماپتۇ. ئاخىرى بىر چىملىقتا قۇدۇق كولاشقا باشلاپتۇ. كۆن پېتىپ ئاي چىقىپتۇ. ئاي ئولتۇرۇپ كۆنمۇ چىقىپتۇ. پادىچى كولىغان قۇدۇقتىن ئاخىرى سۈپسۈزۈك سۇ چىقىپتۇ. بۇ سۇنى پادىچى ھەم ئۇنىڭ قويلىرى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. كېيىنچە ئادەملەر پادىچى يىگىتنى دوراپ قۇدۇق كولاپتۇ ۋە قۇدۇقلارنى يەر ئاستىدىن بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، سۇنى يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كارىز پەيدا بولۇپتۇ.

## ئىدىقۇت تېغى توغرىسىدا (1) *

قەدىمكى زاماندا تۇرپان ناھايىتى باياشات، ئاۋات بىر يۇرت ئىكەن. كۆنلەردىن بىر كۆنى بۇغدا تېغىدا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەجدىھا ھەر يىلى ئەتىيازدا بۇغدا تېغىدىن تۇرپانغا چۈشۈپ مال-چارۋا، زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، بەلكى پۇقرالارنىمۇ يەپ يۇرتتا مىسلىسىز چوڭ ئاپەت بولۇپ قاپتۇ. يۇرتنىڭ خاقانى ئەجدىھانى يوقىتىشقا نۇرغۇنلىغان پالۋانلارنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئەجدىھاغا تەڭ كېلەلمەي ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىپتۇ. دەل شۇ كۆنلەردە، بۇ يۇرتتىن ئاجايىپ پالۋان چىقىپتۇ. ئۇ خاقاندىن ئەجدىھانى يوقىتىشقا ئاتلىنىشقا ئىجازەت بېرىشنى سوراپتۇ. خاقان ئەگەر پالۋان يىگىت ئەجدىھانى يوقىتىپ قايتىپ كەلسە، قىزىنى بېرىپ ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالماقچى بوپتۇ. ئەمما يىگىت پەقەت ئۆز ئەل-يۇرتىنى بۇ بالا-قازادىن خالاس قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىكەن. قىش ئۆتۈپ ئەتىياز كېلىپ ئەجدىھانىڭ بۇغدا تېغىدىن چۈشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. يىگىت مىسران



* سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، بەزى رىۋايەتلەرنىڭ بىرقانچە ۋارىيانتىنى بىرگە بېرىلدى، توۋەندىمۇ شۇنداق.

www.uyghurkitap.com

قىلىچىنى ئېلىپ، دۇلدۇل ئېتىغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئېتىنى ئۇتلاقا قويۇۋېتىپ، ئەجدىھانىڭ يولىنى توسۇپ، بىر قىيا تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا يىگىت قارىسا ئەجدىھا كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ مىسران قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ ئەجدىھانىڭ يولىنى توسۇپتۇ. ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ، پالۋان يىگىتكە ھۇجۇم قىلىپتۇ. پالۋان يىگىت مىسران قىلىچىنى كۆتۈرۈپ قەھر-غەزەپ بىلەن ئەجدىھاغا ئېتىلىپتۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېلىشىشىدىن يەر-زېمىن تىترەپ لەرزىگە كېلىپتۇ، ئۇلار ئۈچ كېچە-كۈندۈز قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئەجدىھا پالۋان يىگىتنى دەم تارتىپ سۈمۈرۈشكە باشلاپتۇ. پالۋان يىگىت قىلىچنى توغرا تۇتۇپ ئەجدىھاغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا پالۋان يىگىتنىڭ مىسران قىلىچى ئەجدىھانى ئوتتۇرىدىن تىلىپ تاشلاپتۇ. ئەجدىھا ئۆلگىنىگە تەن بەرمەي تولغانغان ئىكەن، يىگىت ئۇنىڭ قويرۇقىدىن چىقىپ يەرگە چۈشۈپتۇ-دە، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەجدىھانى چېپىشقا باشلاپتۇ. پالۋان يىگىت توققۇز قېتىم قىلىچ ئۇرغاندا ئەجدىھا ئون پارچە بولۇپ، جېنى چىقىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئەجدىھا ئاخىرى تاغقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئىدىقۇت تېغى ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانمىش. ئىدىقۇت تېغىدىكى توققۇز ئېغىز جىلغا — ئەجدىھانى چاپقاندا پارچىلانغان ئاراشلاردىن ھاسىل بولغان ئىكەن.

## قىزىل تاغ ھەققىدە (2)

بۇرۇنقى زاماندا قىزىلتاغنىڭ ئورنى ئاجايىپ گۈزەل چوڭ بىر باغ ئىكەن. بۇ باغدا دۇنيادىكى بارچە گىياھلارنىڭ ھەممە خىلى تېپىلىدىكەن. بۇباغ يىلىنىڭ تۆت پەسلىدە گۈللەپ ياشناپ تۇرىدىكەن. ئەسلىدە بۇ باغنى ئالىپ ئاتلىق باتۇر سەركەردە شاھنىڭ قىزى مەلىكىگە ئاتاپ ياساتقان ئىكەن. باتۇر يىگىت بىلەن گۈزەل مەلىكە ئاشىق-مەشۇق بولۇپ، دائىم باغدا ئويناپ تاماشا قىلىدىكەن.

بۇ يۇرتنىڭ شاھى ئادىل، خەلقى ئەمگەكچان، قابىل ئىكەن، پادىشاھ ناھايىتى ئادىل بولغاچقا، خەلقلەر بەختىيار ياشايدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ يېقىنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئارزۇلۇق قىزى بىلەن باتۇر ئالىپنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويماقچى بولۇپ توي باشلاپتۇ. توي باشلىنىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە بۇ يۇرتقا ياۋ كەلگەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي-تاماشا توختاپ، بارلىق پالۋانلار دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. مەلىكە سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان يارى ئالىپقا بىر قىلىچنى تەقدىم قىپتۇ، يىگىت مەلىكىگە، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ئەڭ ئاخىرقى ۋەدىنى ئىجرا قىلىشنى تاپىلاپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئارىدىن 5–6 ئاي ئۆتكەندە يىگىتنىڭ مەردلەرچە قۇربان بولغانلىق خەۋىرى كەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي دۈشمەن شەھەرگە باستۇرۇپ كېلىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەلىكە بويىندىكى ئۈنچە-مەرۋايىتلىرىنى يېقىن كېنىزىكىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشقا باردىغانلىقىنى، دۈشمەن يوقالغان ھامان بۇ ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى چېچىشنى ئېيتىپتۇ-دە، ئۆزى تەنھا يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ ئالىپ بىلەن قىلىشقان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، گۈزەل باغقا

يېتىپ كەپتۇ، ئۇ ئانا يەرنى قۇچاقلاپ يىغلاپ
تۇرۇپ ئۆز تىلىكىنى ئىزھار قىلغان ئىكەن،
شۇ زامان بۇ پايانسىز باغنىڭ ئورنى يال-
قۇنلىنىپ كۆيۈپ تۇرغان تاغقا ئايلىنىپتۇ.
تاغدىن ئېتىلىپ چىققان يالقۇنلۇق ئوتلار
دۈشمەنلەرنى كۆيدۈرۈپ يەر بىلەن يەك-
سان قىلىپتۇ، شۇندىن كېيىن مەلىكىنىڭ
ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ ئۈنچە-مەرۋايىت،
مارجانلىرىنى كېنىزەكلىرى بۇ دىيارغا چاچ-
قان ئىكەن، ئۇنىڭدىن تۇرپان ۋادىسىدىكى
ئۈزۈمزارلىق باغلار بارلىققا كېلىپتۇ، شۇ
سەۋەبتىن ئۈزۈملەر ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە
قىزىل ياقۇتقا ئوخشاش ئىمىش. تاغنىڭ
چوغدەك قىزىل رەڭدە بولۇشى، مەلىكىدىن
ئاققان قىزىل قاننىڭ تۇپراققا سىڭىشى،
بۇيلۇقتا تاغدىن تامچىلاپ چۈشۈپ تۇرغان
بۇلاق سۈيى، ۋاپادار مەلىكىنىڭ زېمىننى
قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۆز تىلىكىنى ئىزھار قىل-
غان چېغىدا تۆككەن كۆز يېشىنىڭ يەر
ئاستىغا سىڭىپ ئاندىن تاغ باغرىدىن تام-
چىلىشى ئىمىش...

## يالقۇنتاغ ھەققىدە (3)

ناھايىتى ئۇزاق زامان ئىلگىرى يال-
قۇنتاغ ئەتراپىدا ياشايدىغان خەلقلەر تو-
لىمۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەنىكەن.
چۈنكى ئۇ چاغلاردا يالقۇنتاغ سېرىق قۇمدىن
ھاسىل بولغان تاغ بولماستىن، بەلكى بۇغداي
ئۇنىدىن ھاسىل بولغان تاغ ئىكەن. شۇڭا بۇ
تاغنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەر يېمەك-ئىچ-
مەكتىن قىلچە غەم-ئەندىشىسىز ياشايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر تۇل ئايال
ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇن-
تاغقا ئۇن ئالغىلى بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇنتاغقا
ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىغا ئۇ ئايالنىڭ بالىسى
ھاجەتتە ئولتۇرۇپ، ئۇنتاغنىڭ باغرىنى
مەينەت قىلىپتۇ. ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىدىن
پەرىشان بولغان ئايال بالىسىنىڭ ھاجىتىنى
ئېرىغدىغۇدەك بىرەر پارچە لاتىمۇ تاپالماپ-
تۇ. ئۇ ئايال ئامالسىزلىقتىن يولدا قورساق
ئاچقاندا يەرمىز، دەپ ئېلىۋالغان قويماق-
تىن ئىككىنى سېۋەتتىن ئېلىپ، ئوغلىنىڭ
تەرىتىنى شۇنىڭغا سۈرتۈپ، ئېرىغداپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن ئانا ئالدىراپ-تېنەپلا
خالتىسىغا ئۇننى ئېلىپ ئوغلىنى ئەگەشتۈ-
رۈپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. يول بويى خالتىدىكى
ئۇن بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ئايالنى خېلى
ھالسىرىتىپتۇ، ئۇلار ئۆيىگە يېتىپ كەلگەن-
دىن كېيىن خالتىنىڭ ئاغزىنى يېشىپ
قارىغۇدەك بولسا، خالتىدىكى ئۇن ئەمەس
بەلكى ساپ-سېرىق قۇم بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ
ئىشتىن ھەيران بولغان ئانا دەرھال كەينىگە
يېنىپ ئۇنتاغقا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئانا
ئۇنتاغقا يېتىپ بېرىپ قارىسا، ھېلىقى
ئۇنتاغ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا
ئوخشاش، ئالتۇندەك سېرىق قۇم تاغ
بولۇپ يالقۇنلىنىپ تۇرغان ئىكەن،
ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ئانا «ئۇنتاغ»
دىن بىر ئوچۇم ئېلىپ كۆزىگە يېقىن ئېلىپ
بېرىپ سىنچىلاپ قاراپتۇ، تىلى بىلەن يالاپ
كۆرۈپتۇ، ئالقانلىرى ئارىسىدا ئۇۋۇلاپ كۆ-
رۈپتۇ. ھەقىقەتەن ئۇنتاغ قۇمتاغقا ئاي-
لىنىپ قالغان ئىكەن. بىچارە ئانا ئۆز

قىلمىشىغا پۇشايمان يەپتۇ ۋە بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىپتۇ. شۇندىن بۇيان «ئۇنتاغ» ھازىرقى يالقۇنتاغ ھالىتىگە كىرىپ قالغان ئىكەن.

## «سەيدىخان غوجام» دېگەن نامنىڭ قويۇلۇشى ھەققىدە

قەدىمكى زامانلاردا تۇرپاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېدىرلىق ئىچىدە نۇرغۇنلىغان كىچىك بۇلاقلار بار بولۇپ، بۇ يەرگە ئۇزاق زامانلارغىچىلا ئادەم ئاياغ باسمىغان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شۇ ئېدىرلىققا ئانچە يىراق بولمىغان بىر مەھەللىدە ياشايدىغان سەيىد ئىسىملىك دېھقان بۇ ئېدىرلىققا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى پەملەپتۇ-دە، ئۆيىگە قايتىپ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى، ئوزۇق-تۈلۈكىنى يېتەرلىك ئېلىپ كېلىپ، ئېدىرلىقتىن بوز يەر ئېچىپ، يەر تېرىشقا كىرىشىپتۇ. بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئېرىقلارنى چېپىپ، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپتۇ. كۈزدە ئەجرىگە يارىشا مول-ھوسۇلغا ئىگە بولۇپتۇ. كېيىنچە مەھەللىدىن يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر سەيىد دېھقاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ جايغا كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا كىرىشىپتۇ. بارا-بارا بۇ جايدا ئادەملەر كۆپىيىپ مەھەللىلەر پەيدا بوپتۇ. بىر جۈمە كۈنى سەيىد دېھقان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى شۇ جايدىكى ئېگىزرەك بىر تۆپىلىككە دەپنە قىلىپ، چىرايلىق گۈمبەز ياساپ قويۇپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۈمبەز ئەتراپى كېڭىيىپ، خېلى چوڭ مازارلىققا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇ يەردە سەيىد دېھقاننى خاتىرلەپ، نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈشىدىغان بوپتۇ. ئۇ يەرنىڭ نامىمۇ «سەيىد دېھقان غوجام» دەپ ئاتىلىپ، ئەتراپتىكى يۇرت مەھەللىلەردىكى كىشىلەر دائىم بۇ يەرگە زىيارەتكە كېلىدىغان بوپتۇ. «سەيىدىخان غوجام» دىكى بۇلاقلار ئادەتتىكى كۈنلەردە ناھايىتى سۈزۈك بولۇپ، ھەر جۈمە كۈنى لايقىلىنىپ قالارمىش.

## سۆزە (يالپۇز) نىڭ شىپالىق رولى ھەققىدە

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ دائىم مەيدىسى ئاغرىپ قىيىنىلىدىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ قىلمىغان ئامالى قالماپتۇ، لېكىن ئاغرىقتىن خالاس بولالماپتۇ. ئاخىرى ئۆلەر ۋاقتىدا ئوغلىغا: «مەن جان ئۈزگەندىن كېيىن، مېنىڭ مەيدەمنى يېرىپ كۆرۈڭلار. مېنى بىر ئۆمۈر ئازابقا سالغان كېسەلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئوغلى ۋەسىيتى بويىچە ئۇنىڭ مەيدىسىنى يېرىپ كۆرۈپتۇ. دەرۋەقە، بوۋاينىڭ مەيدىسىدىن چۆچەك (قاچا) شەكلىدىكى كىچىككىنە كاللەك بىر نەرسە چىقىپتۇ. بۇنى بوۋاينىڭ ئوغلى ئۆز يېنىدىن ئايرىماي ساقلاپ يۈرۈپتۇ...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوۋاينىڭ ئوغلى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېلىدىكى

پوتىسنى يېشىپ بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا قويۇق
ئۆسكەن سۈزەنىڭ ئۈستىگە تاش-
لاپ قويۇپ، ئۆزى نېنىنى سۇغا چىلاپ يې-
يىشكە باشلاپتۇ. قورسىقى تويغاندىن كېيىن
ئورنىدىن تۇرۇپ پوتىسنى قولىغا ئاپتۇ،
ئەمما ھېلىقى كاللەك نەرسە كۆرۈنمەپتۇ.
ئۇ بالا ئەتراپنى يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىز-
دەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى كاللەك
نەرسە چۈشكەن جايدىكى سۈزىلەرنىڭ ئۈس-
تى قارامتۇل مايلىنىشىپ قالغان ئىكەن. شۇ
چاغدىلا ئۇ نەرسىنىڭ ئېرىپ كەتكەنلىكىنى
بىلىپتۇ. يىگىت مەھەللىگە قايتىپ بېرىپ،
بولغان ئەھۋالنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپ-
تۇ. كىشىلەر بۇلاق بويىدىكى سۈزىدىن
ئەپكېلىپ مەيدىسى ئاغرىيدىغانلارغا قاينىتىپ
ئىچكۈزۈپتۇ. كېسەللەر سۈزىنى يازدا يېگى-
پېتى، قىشلىقى قورۇتۇۋېلىپ تاماققا قوشۇپ
يەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مەيدە ئاغرىقىغا
گىرىپتار بولغانلار سەللىمازا ساقىيىپ كې-



تىپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر
سۈزىنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى بىلگەن
ئىكەن.

## بۇددا مىڭئۆيىنىڭ بىنا قىلىنىشى ھەققىدە

مىڭئۆي توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ
بىردە ئېيتىلىشىچە:
قەدىمدە كۇچا خانىنىڭ شاھزادىسى
ئويۇن - تاماشاغا ئامراق بالا بولۇپ قالغاچقا
ئۇنى تەربىيلەپ، خانىنىڭ ئىزىنى باسالىغۇ-
دەك بىلىملىك ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش
ئىشى ناھايىتى تەسكە چۈشۈپتۇ. خان ۋە-
زىر - ئۆلىمالار بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەت-
لەشكەندىن كېيىن، شاھزادىگە بىلىم سىڭ-
دۈرۈشكە ئاسان بولىدىغان بىر ئامال تېپى-
لىپتۇ. ئۇ بولسىمۇ شۇ چاغدىكى نەزەرىيە
بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ھېكايە-چۆچەك
شەكلى بىلەن قىزىقارلىق ھەم چوڭقۇر مە-
نىلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، ھەت-
تا ئۇنى بىر كۆرسە مەڭگۈ ئەستىن چىق-
مايدىغان قىلىپ رەسىملىك «ئوقۇتۇش كى-
تابى» نى شەكىللەندۈرۈپ چىقىش ئىكەن.
شۇ سەۋەبتىن ئەنە شۇ «مىڭئۆي» بىنا قى-
لىنغان ئىمىش.

## «چىش يۇلۇش» توغرىسىدا

بىر كۈنى لوقمان ھەكىم سەپەر ئۈستىدە بىر دالادا خالى جايغا ھاجەتكە مىڭىپتۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرىنىڭ چىشى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ. شاگىرت بالا ۋايداتلاپ تۇرۇپ چىشىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى، بۇنى قانداق داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى كەينى-كەينىدىن ئۇستازى لوقماندىن سورىغىلى تۇرۇپتۇ. ئادەتتە ھاجەتتە ئولتۇرغاندا ئېغىز-بۇرۇننى چىڭ ئېتىپ، سۆز قىلماي ئولتۇرۇش كېرەك-تە. لوقمان ھەكىم ئالدىدا تۇرغان بىر تۈپ بۈيىنى يۇلۇپ شاگىرتىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، ئۇنى بىردەم جىم تۇرۇشقا ئىشارەت قىپتۇ. ئەمما شاگىرت بۇ ئىشارەتنى چىش داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى دەپ چۈشىنىپ، قايتىپ بېرىپلا بىر تال ئامبۇرنى ئېلىپ ئاغرىغان چىشنى يۇلۇپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى شاگىرت چىش ئاغرىقىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپتۇ. بۇنى كېيىنچە ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ئەمەلىيىتىدە قوللىنىپ ئۇنى كېيىنكىلەرگىمۇ ئۆگىتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاغرىغان چىشنى يۇلۇپ داۋالاش ئۇسۇلى ئومۇملاشقان ئىكەن.

## لوقمان ھەكىمنىڭ يېڭى بىر رېتسېپ تۈزۈشى

لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلى تىزگەمەنگە ئون تارتقىلى كېتىۋېتىپ يېرىم يولدا تاغىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. بالا كىچىك بولغانلىقتىن تاغارنى ئېشەككە ئارتالماي تۇرسا يولدىن بىر ئادەم ئۆتۈپتۇ. لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلى ئۇ ئادەمنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. لېكىن يولۇچى ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقىنى ئېيتىپ، مېڭىشقا تەمشەلگەن ئىكەن بالا:

— مەن لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلى بولىمەن. ناۋادا كېسەل بولۇپ قالسىڭىز ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن خىجالەت بولمامسىز؟ — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان يولۇچى:

— ھەي بالا، مەن بەكمۇ ئالدىراش. بولمىسا ساڭا ياردەم قىلغان بولاتتىم. لېكىن، شۇنى بىلىپ قويغىنكى، مەن ھەپتىدە كۆجە ①، ئايدا سۆرگە ئىچىمەن. بەلكىم ئاتاڭنىڭ ئالدىغا ئۆمۈر بويى بارماسلىقىم مۇمكىن، — دەپ كېتىپ قاپتۇ. بالا ئۆيىگە قايتىپ بارغىنىدا بۇ گەپنى ئاتىسى لوقمان ھەكىمگە ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. لوقمان ھەكىم يولۇچىنىڭ گېپىنى خېلى ئۇزاقىچە ئويلاپ، مۇھاكىمە قىلىپ، ئاخىرى شۇ ئاساستا يېڭى بىر رېتسېپ تەييارلاپ قالدۇرغان ئىكەن.

---

① كۆجە — ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇ تاماق بۇغداي، قوشۇمچە پۇرچاق، نوقۇت، تۇرۇپنىڭ قۇرۇتۇلغان كۆكى، گۆش-ماي ... قاتارلىق خۇرۇچلار بىلەن تەييارلىنىدىغان شورپا خىلىدىكى تائام. يەرلىك خەلقلەر بۇنى كۆپىنچە قىش ۋە ئەتىيازدا ئېتىپ يەيدۇ. قۇرۇق ئىسسىقنى ھەيدەيدۇ.

## «قارا مۇخچا» دېگەن نام توغرىسىدا

بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت يۈز يىل ئىلگىرى بۇ يەردە بىر بۇلاق بولغانىكەن. بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، بۇ دەرەخ ھەم ئېگىز، ھەم يوغان بولغاچقا غەربتە لەنگەر①، شەرقتە بۇلۇڭتوغراق② ھەتتا شىمالدا باغداش③ تاغلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، يىراقتىن خۇددى قارا مۇخقا ئوخشاش قاپقارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر بۇ دەرەخنى «قارا مۇخ» قا ئوخشىتىپ بۇ كەنتكە «قارا مۇخچا» دەپ نام بېرىشكەن ئىكەن④.

## «بوغاز» ⑤ دېگەن يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا


شىنجاڭدا ئىسلام دىنى يېيىلگەندىن تارقىلىۋاتقان مەزگىللەردە 20 - 30 نەپەر دىن تارقاتقۇچى قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاش تامىقىنى ئېتىش، كىر قاتلىرىنى يۇيۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئايالمۇ بىرگە ماڭغان ئىكەن، سەپەر ئۈستىدە بىرسى: «بىزنىڭ ئارىمىزدا بىرلا ئايال بار. ئايال كىشى دېگەن ئاجىز. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەرسىمىزنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويساق ئۇ ھامىلدار بولۇپ قالسا بىزنىڭ سەپىرىمىزگە پۇتلىكاشاڭ بولسا قانداقمۇ قىلارمىز» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار بىر قونالغۇغا كېلىپ قونۇپتۇ. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرسا ھېلىقى ئەر كىشىنىڭ قورسىقى يوغىناپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ھەم ھەيران بولغان، ھەم قورقۇپ كەتكەن ھېلىقى ئادەم ئۆز باشلىقىغا بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باشلىق غەزەپ بىلەن: — پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغنى ساقلىغان تەڭرىم، بۇ بىر ئاجىز بەندىسىنى بىزدىن ساقلىيالمامدىكەن؟ نىيىتىڭ يامان بولغاچقا تەڭرى سېنى جازالاپتۇ، بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر! — دەپتۇ. بۇ ئاجايىپ ۋەقە تېزلا بۇ قونالغۇغا پۇر كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر تەڭرىنىڭ كارامىتىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ قونالغۇنى «بوغاز مەھەللىسى»، «بوغاز يېزىسى» دەپ ئاتىشىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ھىدايى سەمەت، ھەبىبۇللا توختى، ئاۋۇت ئاكا، مەھەممەت شانىياز، ئەخمەت ھۇسسىيىن، قەييۇم بوۋا، مىجىت ھەبىبۇللا، مەريەمخان قايىت، سىتى ئابدۇللا، ھەمدۇللا روزى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئىسمائىل تۆمۈر

---

① ② ③ قۇمۇل رايونىدىكى جاي ناملىرى.
④ بۇ رىۋايەت «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى.
⑤ بۇ رىۋايەت «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1987 - يىل 2 - سانىدىن ئېلىندى.



ئەمگەك قوشاقلىرى

تاۋار كۆڭلەك كىيگەن خېنىم،
قوشنامغا تەگدى.
ئاز كۈن ئۆتمەي قوشنام بىلەن،
ئېتىزغا كەلدى.

ئېتىزغا ئۇ كەلگەن كۈنى،
چاقىردىم چايغا.
تەكلىپ قىلدىم قايماق چاي،
گۆش نان ھەم مايغا.

نېزىقاپ ئۇ سۆزۈلۈپلا،
ئولتۇردى شۈپشۈك.
تاتامغىمۇ قول سوزمىدى،
بولدۇم مەن خەپشۈك.

ئېرى يېسە سەسكىنەمدۇ؟
ئۆزگەردى رەڭگى.
«قانداق قىلار!» — دەيمەن ئېرى،
بولسا گەر زەڭگى.

ھەپتە ئۆتتى بۇ خېنىمنىڭ
چۈشمىدى پېتى.
ئۆزى ۋىجىك ياچۇەكتەك،
خىلى بار دىتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇغداي پىشتى،
ئورما باشلاندى.
باغ باغلىماق تەس چۈشۈپتۇ،
كۆزى ياشلاندى.

خېنىم قوشنام، جېنىم قوشنام،
تۈگىدى ھالى.
ھەربىر ئىشتا قىلار بولدۇم،
مەن ئۇنى سالى.

ئايلار ئۆتۈپ، قىچقاردىم مەن،
يەنە بىر چايغا.
ئېرىدىنمۇ بۇرۇن كەلدى،
يەتكىچ ۋاھىغا.

كاۋا توغراپ مانتا ئەتتىم،
مېھمانلىرىمغا.
توختام سۇدا چايمۇ ئەتتىم،
دېھقانلىرىمغا.

ئەجەب بولدى ئەتكەن مانتام،
قاياققا كەتتى.
ئىككى كورا قايماقسىز چاي،
ئارانلا يەتتى.

— نېمە دېگەن تاتلىق مانتا؟
جىلتىسى نېپىز.
خېنىم قوشنام ماختاپ كەتتى،
سۆزلەپ تىنىمسىز.

كۆلۆپ قويدۇم مېنيقىمدا
نېمە دېگۆلۆك؟
ئاران دېدىم: «ئوخشىغاننى
قويماي يېگۆلۆك.»

چىن سۆزلىسەم ئەتكەن مانتام،
ماختاشقا كەلمەس.
تېتىپ قالسىمۇ، جېنىم قوشنام،
سىرىنى ئەتمەس.

ئويلاپ كۆرسەم سىر يېشىلدى،
خېنىم قوشنامنىڭ.
شۇڭا تاتلىق بىلىنىدىغۇ
تەمى مانتامنىڭ.

ئەمگەك قىلسا مەگەر ئادەم،
ئېچىلار ئىشتەي.
ئەمگەك قىلىپ يېگەن ئادەم،
ھەسەل بىلەن مەي.

ئەمگەك شەرەپ، ئەمگەك تېۋىپ،
ئاسرايدۇ جاننى.
تەنگە راھەت بېغىشلايدۇ،
يۇگەرتىپ قاننى.

**ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىللاخان تۇرسۇن**

## نورۇز قوشاقلىرى

يىل بېشى نورۇز كېلىپ،
يەرنى گۈلىستان ئەيلىدى.
ئۈندۈرۈپ تەگرىم چېچەك،
چۆللەرنى بوستان ئەيلىدى.

زىمىستانلىق كۈنلەر تۈگەپ،
نورۇز كەلدى باھار كەلدى.
توققۇز دۇمباق، توققۇز نەزم،
توققۇز يەردىن يار-يار① كەلدى.

توققۇزى تەل زېمىنلاردىن،
نازۇ-نېمەت بىللە كەلدى.
توققۇز تۇغلۇق چەۋەندازلار،
ھەم مەغپىرەت بىرگە كەلدى.

توققۇز ئىچكىر، توققۇز سىرتتىن،
قىز-يىگىتلەر بىرگە كەلدى.
نەغمە-ناۋا قىزىپ بۇندا،
سۆز-بېيتلار بىرگە كەلدى.

توققۇز سائەت، توققۇز مىنۇت،
باش قوشۇشقا پۇرسەت كەلدى.
توققۇز تاغدىن، توققۇز باغدىن،
ئۇيۇل تاشتەك قۇدرەت كەلدى.

توققۇزى تەل نورۇز كەلدى،
جۈپ توققۇزنىڭ تويى كەلدى.
توققۇز سايدىن، توققۇز سۇنىڭ،
دىل شاۋقۇنى كۈيى كەلدى.

كۈچ بىرلىكى — ئەل شادلىقى،
توققۇز ئورمان شەمشاد كەلدى.
توققۇز چەشمە كەۋسىرىدەك،
ئىلىم ئېھسان، مەھشەت كەلدى.

---

① يار-يار — يارنىيا ھارۋىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باھار كەلدى، نورۇز كەلدى،
ئانا تۇپراق مېھرى كەلدى.
ئانا كۆكسىن بېزەش ئۈچۈن،
تەڭرىدىن ھەم نىدا كەلدى.

ئەي يارانلار، ئاتلىنايلى،
يىلىنىڭ بېشى نورۇز كەلدى.
ۋاقىت قىممەت ھەم غەنىمەت،
ئىشنىڭ بېشى نورۇز كەلدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تاھىر ئىسمام ئوغلى
زايىت.

## تـوي ۋە مەشرەپ قوشاقلىرى

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
ئۈچتۇم قاناتىمنى سوزۇپ.
شاد ـ خۇراملىق بەزمىگە،
پەرۋاز بىلەن موللاق سۇنۇپ.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى جانان پىيالىگە.
شۇنچە باقسام باقمىدىڭ سەن،
مەن غېرىب بىچارىگە.

كۆپكۆك كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى.
ئۈچ ئايدا بىر كەپتىمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

مەن غېرىب بىچارىنىڭ،
سەندىن ئۆزگە كىمى بار؟
ئالتۇنساندۇق ئىچىدە،
ساقلىغان گۈل چېچىي يار.

## خونوقاي مازارلىقى ھەققىدە

سېغىنىمەن ـ ئەسلەيمەن،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمنى.
بىللە ئۆسكەن تەڭدىشىم،
دوستلىرىم ھەم ئېلىمنى.

خونوقاي دېگەن مازار،
تۆت مازارنىڭ بىرىدۇر.
سەككاكى دېگەن كىشى،
ئىلىم ـ ئېھسان پىرىدۇر.

مازار بىزنىڭ يۇرتىمىز،
خونوقاينىڭ غولىدا.
شۇ مازاردا ياتىدۇ،
سەككاكى دەپ ئەۋلىيا.

شۇ مازاردا يېتىشكەن،
نەچچە ئونلىغان ئالىم.
بىزنى يۇرتتىن ئايرىغان،
مانجۇ بەگلىرى زالىم.

خونوقاي مازارىنى،
كۆپ كىشىلەر بىلىدۇ.
تاۋاپ قىلىپ مازارغا،
ھەر تەرەپتىن كېلىدۇ.

ئەزىز يۇرتۇم، ئەي مازار،
تۇغۇلۇپ سەندە ئۆستۇق بىز.
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
سېنى تاشلاپ كۆچتۇق بىز.

سەنجۇ سەندە كۆچۇردى،
ئۆتمىگەچكە سۆزىمىز.
دەرت ـ ئەلەمنىڭ دەستىدىن،
قۇرۇمىدى كۆزىمىز.

كۆچمەيمەن دېگەنلەرنى،
كۆپتۇرگەچكە تاياقتا.
قورقۇپ زالىم زۇلمىدىن،
تاراپ كەتتۇق ھەرياقتا.

* *

خونوقاينىڭ سۇيى بال،
ئىچسە يۇرەك قانىدۇ.
سۇ بويىدا قېلىن تال،
سايغا ھۆسن قاتىدۇ.

خونوقايدا ئۆتكەنلەر،
سەككاكىنى ئەسلەيدۇ.
پىرى ئەزەم قەبرىدە،
نەچچە كەچلەر كەچلەيدۇ.

زەمزەم بۇلاق سۇلىرى،
بىمارلارغا شىپادۇر.
«بوغاز تېرەك» قۇچاقلاپ،
تەنگە داۋا تاپادۇر.

«مۇز چوكا» نى يېگەنلەر،
دەردكە دەرمان تاپىدۇ.
تاۋاب قىلىپ كەلگەنلەر،
قەلبى كۆلۈپ يانىدۇ.

* *

خونوقاينىڭ غولىدا،
مۆكۈپ ياتىدۇ تۈلكە.
مەن دوستۇمنى كۆرگەندە،
بەدەن بەدىنىم كۈلكە.

خونوقاينىڭ ھاۋاسى،
جانغا ئارام بېرىدۇ.
خونوقايلىق دوستلىرىم،
دەردلىرىمگە يېتىدۇ.

خونوقاينىڭ تاغلىرى،
بەك قىيادۇر ھاڭلىرى.
بارساڭ ئىززەت قىلىدۇ،
مېھماندوستۇر باللىرى.

خونوقاينىڭ چوققىسى،
دىلمۇك تاغنىڭ بېشىدۇر.
مېنى شۇنچە كۆيدۇرگەن،
«شەيخ» ئاتام قىزىدۇر.

جاغىستايدىن مەن كەلدىم،
ئۆلەن ئېيتىپ، توي تارتىپ.
مۇرادىمغا ھەم يەتتىم،
خونوقايدا مەن ياتىپ.

خونوقاينىڭ سۇيى بال،
ئىچسەڭ يۇرەك قانىدۇ.
بىرلا كېلىپ كەتكەنلەر،
شۇڭا قوشاق قاتىدۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: بۇرھان ئىسھاق، شاكىر كېرىماخۇن)

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# مۇھەببەت قوشاقلىرى

ناخشا ئېيتسام نەچچە رەت،
ياردىن شەپە بولمىدى.
تورغايلار چۇرۇلدىدى،
يايىرىم تېخى تۇرمىدى.

يار تالاغا چىقمىدى،
كۆڭلى غەشكە تولغانمۇ؟
تۈيۈپ قېلىپ ئانىسى،
يا كۆزەتتە تۇرغانمۇ؟

دەرەخنىڭ يوپۇرماقى،
شىلدىرلايدۇ شېخىدا.
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ،
يارنىڭ مېھرى - ئىشقىدا.

يارنىڭ ئۆيى ساي بويى،
ئىشىك ئالدىدا سۆيى.
يار تالاغا چىقمىدى،
تۇتۇپ قالدىمۇ خۆيى.

يار ئۇتى يامان ئىكەن،
كوچا ئەگىپ كەتمىدىم.
يار تالاغا چىقمىغاچ،
مۇرادىمغا يەتمىدىم.

تىلى، دىلى بىر يارنىڭ،
مۇھەببىتى گۈل ئىكەن.
دىلى باشقا يايىرىڭنىڭ،
ئىشقى گويا كۈل ئىكەن.

كۆكۈل سۆيگەن يارلارنىڭ،
تۇتقان ئۆيى گۈل ئىكەن.

كۆڭلى ئالا بولغاننىڭ،
ئاقىۋىتى خار ئىكەن.

يار بولسا تۈزۈك بولسا،
قەلبىمۇ سۈزۈك بولسا.
جان راھىتى شۇ ئىكەن،
يۈرەكىمدە كۆيۈك بولسا.

مەن ئېتىزغا ماڭغاندا،
يايىرىم ئۇزىتىپ قالدى.
ھېرىپ، ئېچىپ كەلگەندە،
مېنى مېھرىگە ئالدى.

يارنىڭ مېھرى كۈچ - قۇۋۋەت،
بەردى مېنىڭ تېنىمغا.
يايىرىمنى تېگىشمەيمەن،
ئايدىن گۈزەل خېنىمغا.

يايىرىم بىلەن ئىككىمىز،
تاغ باغرىدا تېپىشقان.
ئانداق - مۇنداق دېگەنلەر،
بىز بىلەن ھەم ئېلىشقان.

يېڭىپ چىقتۇق ئاخىرى،
دۈشمەنلەرنى بىتچىت قىپ.
رىشتىمىزنى باغلىغان،
مېھرىمىزدىن ئېشىپ يىپ.

يايىرىم مېنىڭ گۈل - لالە،
قىلدىم مەن ئاڭا نالە.
ئۇسۇلۇغۇمنى قاندۇردى،
يايىرىم بەرگەن پىيالە.

* *

قوزۇقتىكى ئەلگەكتەك،
قىمىرلىماس ئاي دۈگلەك.
مەن يارغا كۆڭۈل بەرسەم،
ياركۆڭلى ئىكەن بۆلەك.

يارنىڭ قەلەم قاشلىرى،
سۇمبۇلمىدۇ چاچلىرى.
سادەك ئەگىپ كەتمەيدۇ،
ئۇنىڭ كۆپ ئاداشلىرى.

يارنى ئىزدەپ ئاخىرى،
باردىم مەنمۇ بۇلاققا،
ئاڭا ئېيتقان سۆزلىرىم،
ھېچ ياقمىدى قۇلاققا.

يارنىڭ ھالى يوغاندۇر،
ئۈمىد ئۈزدۈم بولغاندۇر.
يارنىڭ تاپقان لايىقى،
مەندىن بەكمۇ يوغاندۇر.

يارىمنىڭ تويى بولدى،
ئاز كۈن ئۆتمەي بۇزۇلدى.
ئۆز خىلىنى ياراتماي،
ياش كۆزىدىن قۇيۇلدى.

يارىم كۆيگەن مال - دۇنيا،
يىلان بولۇپ چاققاندۇر؟!
يا ۋاپاسىز قەلبىگە،
يۈگەن بولۇپ تۇرغاندۇر؟!

يايرىمنىڭ ئېتى زورا،
كۈندە يەيدىغىنى غورا.

يار ئۆزى كىچىك بالا،
دەردىگە غورا دورا.

يار تالاغا چىقالماس،
كىممۇ ھالىنى سورار.
پۇشايمان قىلسىمۇ ھەر كۈن،
باشمالتىقىنى شورار.

گۈلباغلىرى لالىدۇر،
قولىدا ئالما، ئانار.
لەۋلىرى ئانار كەبى،
كۆزلىرىدىن ئوت يانار.

باققا كىرسەم جىنەستە،
يارغا باقسام ھەۋەستە.
چىم - چىم كۆيەر يۈرىكىم،
يار تۇتقاندا گۈلدەستە.

يارنىڭ بېغىدا لەيلى،
بار ئىكەن ئۇنىڭ مەيلى.
يار مېنى قوبۇل قىلدى،
قىلدۇق باغ ئارا سەيلى.

ئەمدى مېنى كېتىدۇ دەپ،
چەكمە قېشىڭنى.
غۇرۇلاينىڭ بالىسىدەك،
تۆكمە يېشىڭنى.

بېغىمىدىكى ئالمىنىڭ،
شاخلىرى جەينەكچە بار.
مېنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ،
بەللىرى چۆمەچچە بار.

ئاسمانلار ئالاڭلاپتۇ،
يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

مەن يارىمغا نىمە قىلغان،
يار مەندىن يامانلاپتۇ.

لەپ-لەپ قىلىپ قارلار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
ئۆتكۈر كۆزلەر ئوقيا بولدى،
دۈشمەننى پايلاپ.

يۇقىر بېقىپ ئاينى كۆردۈم،
چەرخى پەلەكتە.
تۆۋەن بېقىپ يارنى كۆردۈم،
مەخمەل چۈشەكتە.

زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن،
چۆرىسى چىتلاق.
سەن يارىمنى كۆرەي دېسەم،
پۇتۇمدا تىزلاق.

كۆك كەپتەر ئولتۇرادۇر،
ئاق جوجەمنىڭ بېشىدا.
بىزنىڭ يارلار ئولتۇرادۇر،
ئېگىز تاغنىڭ بېشىدا.

قارا ياغاچ قاشتا بولۇر،
چاچ كۆيەك چاچتا بولۇر.
يارنىڭ دەردى ھەرقاچان،
يۈرەك ھەم باشتا بولۇر.

كەلسىلە خېنىم دېسەم،
قاردماي كەتكەن خېنىم.
تامادا داڭگال ئاتسام،
ئاچچىقى كەلگەن خېنىم.

قەپەستىكى كەكلىكنىڭ،
قىزىل ئىكەن تۇمشىقى.
يار قېشىدا ئولتۇرسا،
بۇ ئۆمۈرنىڭ خۇشلۇقى.

ئېتىمنى سورىساڭ توروق،
پۇتۇمدا يوغان چوروق.
مۇنداقلارنى ياراتماي،
قېپ قالدىم ياردىن قۇروق.

تام تۆپىسىدە خوراز،
ئىككى ياقنى بويلايدۇ.
تاڭ ئاتقۇچە ياتمايمەن،
يايرىم بۇنى ئۇقمايدۇ.

قولۇمدىكى يۈگەننى،
قول ئاتقا سالاي دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى شول يارنى،
نىكاھ قىلىپ ئالاي دەيمەن.

ئونبەش كۈنلۈك تولۇن ئاي،
كەك ئالەمنى يورۇتتى.
تولۇن ئايدەك شول يارىم،
يۈرىكىمگە ئوت ياقتى.

يار ئوتىدا ئۆرتىنىپ،
كۈلگە ئايلىنار بولدۇم.
يار دەردىدە مەجنۇندەك،
چۆلگە مۇبتەلا بولدۇم.

دوزاخ ئوتىنى ئوت دەيدۇ،
يار ئوتىغا يەتمەيدۇ.
يار بىلەن بولغان چاغلار،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

ئاخشام چىققان چولپانغا،
چولپان كۆزده قارايمەن.
سەھەر چىققان شامالدىن،
يارىم سېنى سورايمەن.

يارىم سېنى سېغىنىپ،
قاچانغىچە قارايمەن.
گەر كەلمىسەڭ قېشىمغا،
مەن قېشىڭغا بارايمەن.

مەندە بولسا چىن مەيلىڭ،
تىللا ئۆرەي بېشىڭدىن.
مېنىڭ مەيلىمچە بولسا گەر،
قويماي دەيمەن قېشىڭدىن.

باغدا كۆردۈم بېشىڭنى،
يەنە قەلەم قېشىڭنى.
ئايدەك گۈزەل جامالىڭ،
كۆيدۈرۈۋەتتى ئىچىمنى.

دېرىزەڭگە مەن كەلدىم،
شەرەت قىلىپ يۆتۈلۈپ.
مەيلىڭ بولسا چىق يارىم،
گۈلدەستەڭنى كۆتۈرۈپ.

مەن ئۆتەرمەن ھەر كۈنى،
يار بېغىنى ئايلىنىپ.

يارىنىڭ كۆڭلى نەلەردە؟
مەن يۈرۈيمەن سارغىيىپ.

يار ئۇرنىغا تالاغا،
ئىتى چىقتى يۈگۈرەپ.
يۈرەك كۆيدى پىراقتا،
قۇرۇق تالدەك گۆكىرەپ.

تەقەززالىق دەردىنى،
تارتىپ تاقەت قالمىدى.
جان ھەلقۇمغە كەلدىمۇ،
تەندە دەرمان قالمىدى.

ئەگىپ يۈرگەن قاغىلار،
تېرەكلەرگە قونۇپتۇ.
ۋاپاسىزنىڭ ئىشىدىن،
دىلىم راسلا سوۋۇپتۇ.

يار دەردىدە ئۆلەيمۇ،
ۋاپاسىزغا كۈلەيمۇ؟
يۈگۈرۈپ بېرىپ قېشىغا،
يۈز كۆزىگە تۈكۈرەيمۇ؟

چىرايلىقتا ۋاپا يوق،
ئەمدى كۆڭۈل بەرمەيمەن.
سەت بولسىمۇ ئاق كۆڭۈل،
ئىشچان قىزنى ئالايمەن.

(تېپىپ بەرگۈچىلەر: خوشەم غىياسىدىن قىزى، تۇرسۇن رەجەب)

## ھەرخىل تېمىلاردىكى قوشاقلار

ئالتىنچى ئاينىڭ ئالتىسى،
جۇدالىق كۈنى بولدى.

ئايرىلىش يامان ئىكەن،
يىغلاپ ئۈنلىرىم پۈتتى.

www.uyghurkitap.com



خەت ئىكەن يېرىم دىدار،
ئىچىم تىت ـ تىت بوپ كەتتى.
شۇم پەلەك جۇدالىقى،
يۈرەكنى كاۋاب ئەتتى.

قوشنىلار ئالاڭ بولغاچ،
زىمىستاندا قىشلىدىم.
ئادەم يوقتا ياش تۆكۈپ،
باردا لەۋنى چىشلىدىم.

تەڭرى تاغلىرى دەيدۇ،
تەڭرى بەرگەن ئاتاقمۇ؟!
سەندە ئۆسكەن خەلقىڭ،
پۈتى راسلا ماتاقمۇ؟!

سېخى قۇياش ئاسماندىن،
ھەممە يەرگە نۇر چاچتى.
شاھلار كەلدى ئىنساپقا،
بارچە ئەلگە يول ئاچتى.

مېھىر ـ شەپقەت ئۇلغىيىپ،
سودا ـ سېتىق باشلاندى.
ئۈزۈلگەن رىشتىمىزمۇ،
قايتىدىن چىڭ باغلاندى.

كەلدى مانا ئۆيۈمگە،
يىراقتىكى تۇغقانلار.
غەنىمەت ئىكەن دىدار،
قايتا كۆلدى ئارمانلار.

ئەي ياراتقان خۇدايىم،
ئىنساپ بەرگىن شاھلارغا.
بېرىپ ـ كېلىپ تۇغقانلار،
دىلى تولسۇن باغلارغا.

سۇ ئىچتىم بۇلاقلاردا،
ئوما ئوردۇم ئېتىزلاردا.
سەن يادىمغا كەلگەندە،
يىغلىدىم ئېگىزلاردا.

بىۋاپا دەپ ئاڭلىدىم،
بەلنى مەھكەم باغلىدىم.
سەن گۆدەك نادان يارغا،
چۆللەردە قان يىغلىدىم.

كۆرىمەنمۇ، كۆرمەيمەن،
يېشىم بىر يەرگە يەتتى.
چوڭ بولغاندا ئايرىلىش،
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

يازلار كەلسە ئېچىلار،
باغقا تېرىغان گۈللەر.
قاچانمۇ كېلەر ئىكىن،
كۆرۈشىدىغان كۈنلەر.

(ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: شىردىن بۇۋى ئىمىرقىزى، خوشەم غىياسىدىن قىزى)

رەتلىگۈچى: ئىلياس تاھىر



# چاغاتايچە لۇغەت

«د»

تۈزگۈچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

* *

دابىه [دابە] (ئە) مىنىشكە بولىدىغان ياكى يۈك توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆت ئاياقلىق ھايۋان (ئومۇمىي ئىسىم).

داپتۇر [داپۇر] مەرتەم، كەررە.

داج [داج] (ئە) قاراڭغۇ، تۇم قاراڭغۇ، قاپقاراڭغۇ؛ قاراڭغۇلۇق:

كى ئاھىستە ماڭدىم تاپالماي ئىلاج،
يولۇمنى كۆرەلمەي نېدىن ئېردى داج.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۈن داجى — تۈن قاراڭغۇلۇقى:

كى تۈن داجى كەتتى يەنە ئاتتى تاڭ،
خورۇس بىرلە تاۋۇس يەنە ئۇردى باڭ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

داج ئەيلەمەك — قاپقاراڭغۇ قىلماق.

داخىل [داخل] (ئە) 1) كىرگەن، ئىچىدىكى؛ ئىچى، ئىچكىرىسى:

قەدەم تەشرىف ئەيلەپ بولدى داخىل،
كى بىر گۈلنىڭ تۈبىگە بولدى نازىل.
— ناقىس.

2) داخىل، تېگىشلىك:

ئىچىپ گەر ئۇلدى كۆپ، قىلمىش پەناھىم،
بۇ ئىچكەنلەرنى ئۆلگەنلەرگە داخىل.
— ئەرشى.

داخىلى ئەۋباش — ئەقىلسىز، بەڭباشلار بىلەن بىرگە بولماق.

داخىلى شەھەر — شەھەر ئىچى؛ شەھەرگە كىرمەك:

بولاي بىر تەرزى بىرلەن داخىلى شەھەر،
كى ئەل ئاڭلاپ بۇ ئىشدىن ئالماسۇن بەھەر.
— ناقىس.

www.uyghurkitap.com

دەيرغە داخىل ــ 1› بۇتخانا ئىچىدە؛ 2› قاۋاقخانا ئىچىدە.

داد [داد] (پ) 1› ئەرز، پەرياد:

سەھەرلەر ئويغۇنۇپ فەرياد ئېتەرمەن،
خۇداغا زار يىغلاپ داد ئېتەرمەن.
ــ خىرقەتى.

2› ئىنساپ، ئادالەت:

قىلسام ساڭا ھەر نەچە تەزەللۇم،
فەريادۇ فىغانىكى، داد تاپمان.
ــ بابىر.

3› ياردەم:

لۇتفى دىل ئەفگار تىلەر ھەجر ئىلىدىن داد،
ئەھۋالىنى ئول بىگىمۇ خانىمە ئايتىڭ.
ــ لۇتفى.

داد ئالماق ــ ئۆچ ئالماق، مەزلۇمنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ، زالىمنى جازالىماق؛

داد ئەيلەمەك ــ ئىنساپ قىلماق، ئادالەت كۆرسەتمەك؛

داد بەرمەك ــ دادىغا يەتمەك؛

داد تاپماق ــ ئادالەت تاپماق؛

داد تىلەمەك ــ ئىنساپ، ئادالەت تىلىمەك؛

داد دېمەك ــ ياردەم تىلەپ شىكايەت قىلماق:

بۇ دىۋانە يىغلاپ ئۇرۇپ بۇتغە باش،
دېمىش «داد» كۆزدىن تۆكۈپ تۇرفە ياش.
ــ ئا. نىزارى.

داد ئىستەمەك ــ ياردەم سورىماق، ئادالەت تىلىمەك؛

دادىغا يەتمەك ــ دادىنى (ئەرزىنى) ئاڭلىماق، تىڭشىماق:

ھەرچەند ئىشىكىڭدە سەھەرلەر قىلامەن داد،
دادىمغە قانى يەتكەنىڭ، ئەي زالىمى بىداد.
ــ زەلىلى.

دادىن بەرمەك ــ بىرەر ئىشنى ئورنىغا قويماق، جايىغا يەتكۈزمەك، ناھايىتى ياخشى بەجىرمەك؛

دادىنى بەرمەك ــ «دادىن بەرمەك» كە قاراڭ:

نەفسى كافىرىن غەزات ئەيلەرگە بىر سۇلتان كېرەك،
كىم ئەسەس دادىنى بەرمەكلىككە ئارى خان كېرەك.
ــ زەلىلى.

**دادىنى ئىشتمەك** ـ ئەرزىنى ئاڭلىماق، تىڭشىماق:

ئىشتمىش ئۇلۇغ بۇت مۇنىڭ دادىنى،
بىلىپدۇركى يەنە نىكۇ زارىنى.
ـ ئا. نىزارى.

**دادەك** [داك] 1) چۆرە، دىدەك؛ ئايال خىزمەتكار، 2) جانان، گۈزەل.

**دادخاھ** [دادخواه] (پ) 1) ئادالەتپەرۋەر، ئادالەت تەلەپ قىلغۇچى، ئادالەت ئىزدىگۈچى؛ شىكايەت قىلغۇچى، دەۋاگەر:

ئىشكىڭگە كەلدىم بولۇپ دادخاھ،
كى ئورنۇمدا قويساڭ مۇنى پادىشاھ.
ئا. نىزارى.

2) ئەرز تىڭشىغۇچى:

«غەيىن» غەۋغا، غۇسسە، غەم كەلسە باشىمغە چارە يوق،
غەم غۇبارىم، جان فەراغىم، دادخاھىم سەنمۇ سەن؟
ـ موللا سالىھ.

**دادخاھلىق قىلماق** ـ ئادالەت تەلەپ قىلماق؛ شىكايەت قىلماق.

... خاجە ئىتنىڭ ياۋەرلىكى بىلە سۇدىن خەلاس بولۇپ، تۇرلۇك مۇشەققەتلەر بىلە ئۇزىنى بىر شەھەرنىگە ئىلتكەنىدە، يەنە بۇرادەرلەرى تۇتۇپ، ئول شەھەرنىڭ پادىشاھىغە: «بىزنىڭ ئىنىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ئەمۋالنى بۇ قول ئالىپ قاچىپدۇر» دەپ دادخاھلىق قىلغانى.

ـ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دادگەر** [دادگر] (پ) 1) ئادالەتپەرۋەر، ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، دادىغا يەتكۈچى، ئادىل:

پادىشاھا بۇ قۇلۇڭغە قىل نەزەر،
سەندىن ئۆزگە يوق تۇزۇر بىر دادگەر.
ـ خەراباتى.

2) ئەرز ئاڭلىغۇچى، ئەرز تىڭشىغۇچى.

**دادگەرى مۇلك پەناھ** ـ ئادىل، ئادالەتپەرۋەر پادىشاھ:

ئەرز قىلىپ بارچەنى شاھ ئاللىدە،
دادگەرى مۇلك پەناھ ئاللىدە،
ـ نەۋائى.

**دادگۇستەر** [دادگستر] (پ) «دادگەر»نگە قاراڭ.

**دار** [دار] (ئە) 1) ياغاچ:

... ھەمول ئۇچۇردە بىر كارۋان ئول چاھ باشىغە تۇشۇپ، چاھغە دار سالىپ، يۇسۇفنى ئەلەيھىسسەلامنى چاھدىن چىقاردىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نەۋائى.

2 › دار؛
قىلدۇرۇڭ سىز يانە بۇ ئەرزىمنى، ئەي ئەھبابلار،
جەۋر-زۇلمى بىرلە ئاسسۇن شۇم رەقىبنى دارغە.
— قەلەندەر.

3 › ھويلا، ئۆي-جاي، ماكان؛ ئۇچۇقچىلىق، دالا، مەھەللە؛ شەھەر، دۆلەت؛
كىرىپ سۆز ئىشتىتىم بۇ شەھ دارىغە،
خەيالىم ئىلىنسەم ئانىڭ تارىغە.
— ئا. نىزارى.

داروس - سەلتەنەت - پايتەخت، مەركەز؛
دارۇل - ئەنا - قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەت ئۆيى؛
دارۇل - خىلافەت - شاھ دەرگاھى، شاھ ئوردىسى؛
دارۇل - فەنادىن ئەزم قىلماق - ئۆلمەك، ۋاپات بولماق، پانىي دۇنيا-دىن ئۇ دۇنياغا كەتمەك؛
دارۇل - مۇلك - مەركەز، پايتەخت؛
دارى بەقا - مەڭگۈلۈك ئۆيى؛ ئەبەدىيەت، ئۇ دۇنيا؛
دارى رەسەن - دارنىڭ ئارغامچىسى؛
بەرابەر ئەيلەدىڭ قاشىڭ بىلە زۇلفۇڭنى ئەي دىلبەر،
قانى مەنسۇرى ۋەقتى كۆرگەلى دارى رەسەن پەيدا.
— زەلىلى.
دارى فەنا - پانىيلىق ئۆيى؛ بۇ دۇنيا، ئۆتكۈنچى دۇنيا؛
بىلۇر مەنسۇر ئەسرارىڭ مەيى تەۋھىد ئىچكەنلەر،
چىقىپ دارى فەناغە دەرگەھى جەببارە ياستانمىش.
— ئەرشى.
دارى فەنادىن ئىنتىقال ئولماق - «دارۇل - فەنادىن ئەزم قىلماق» قا قاراڭ.

دارا [دارا] 1 › ئىگە، ساھىب؛ 2 › شاھ، پادىشاھ؛ 3 › دارا - دارىيۇس (ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 5 - پادىشاھى)؛
قانى ئىسكەندەرۇ دارا، قانى جەمشىد، ئەفرىدۇن،
ئەسىب ئەتمەي ئۇلارغە تەختىدە ئىچمەككە جامى جەم.
— ئەرشى.

دارايى دەۋر - «دارايى زەمان» غا قاراڭ؛
دارايى زەمان - زامان پادىشاھى؛

دارايى كىشۋەر ــ مەملىكەت پادىشاھى.

**داراپەرەست** [داراپرست] شاھپەرەس، پادىشاھپەرەس؛ شاھقا سادىقلار، شاھقا سادىق كىشىلەر.

**دارافەر** [دارافر] (پ) ھاكىم، شەۋكەتلىك شاھ؛ دارا (ئىران شاھى) دەك شەۋكەتلىك:

قويۇپ شاھى دارافەر ئالىغە يۈز،
نې دارافەر ئىسكەندەر ئالىغە يۈز.
ــ نەۋائى.

**دارايى** [دارايى] يىپەكتىن يۇپقا، نازۇك قىلىپ توقۇلغان بىر خىل ماتا (رەخت)؛
دارايى ماۋىي ــ ھاۋا رەڭلىك ماتا (رەخت).

**دارەندە** [دارنده] (پ) خەۋەرچى، ئەلچى؛ خەت توشۇغۇچى، پوچتالىيون.

**دارباز** [درباز] دارۋاز

**داربازان** [داربازان] دارۋازلار

تەۋەككۇل دەپ مىسالى دارىبازان،
دەرەخت ئۈزرە قەدەم قويدۇم ئوشۇل ئان.
ــ ناقىس.

**دارچىينى** [دارچينى] دارچىن (ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى).

**دارۇ** [دارو] (پ) 1) دورا؛ ئىلاج:

ھېچ زويى زەمىندە يوق بۇ گىياھ
دارۇلار پادىشاھىدۇر كۆك چاي.
ــ ئەرشى.

جۇنۇن دەفئىگە ئىستەر ئېردى دارۇ،
بۇ دارۇ نەفئ قىلماس ئېردى بىر مۇ.
ــ ناقىس.

2) ئوق ــ دورا، مىلتىق دورىسى؛
ھۇش دارۇ ــ ھۇشنى كەلتۈرىدىغان دورا.

**دارۇت ـ تەلەف** [دارالتلف] (ئە) يوق بولۇش ئۆيى، غايىپلىق ئۆيى.

**دارۇخانە** [داروخانه] دورىخانا.

**دارۇس ـ سەلام** [دارالسلام] (ئە) 1) سالامەتلىك ئۆيى؛ تىنچلىق جاي؛ 2) ئەرەبىستاندا بىر جاينىڭ نامى؛ باغدات شەھىرى؛ 3) ئۇ دۇنيا، جەننەت:

بۇ نەسىھەت ياد ئال ئەي خاسۇ ئام،
ئاقىبەت بولغاي ساڭا دارۇس ـ سەلام.
ــ خەراباتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



داروُس ـ سەلاخ [دارالسلاح] (ئە) قوُشخانا، قوي قاتارلىق ھايۋانلار سويۇلىدىغان جاي، قاسساپخانا.

داروُس ـ سۇرۇر [دارالسرور] (ئە) شاتلىق ئۆيى، خۇرسەنلىك ماكانى؛ ئۇ دۇنيا، جەننەت:

داروُش ـ شىفا [دارالشفا] (ئە) شىپاخانا، كېسەلخانا؛ داۋالىنىدىغان ۋە تىبابەت ئىلمى ئۆگىتىلىدىغان ئورۇن.

داروُغە [داروغە] شەھەر تەرتىپىنى نازارەت قىلغۇچى مىرشەپ؛ شەھەر باشلىقى، دورغا.

داروُگىر [داروگير] (پ) ئۇرۇش، جەڭ؛ تالاش، تالاش ـ تارتىش، تـوقۇنۇش؛ ئىسيان:

داروُگىرى ئىشقىنىڭ تاراجىدىن مەنسۇرۋار،
نەغمەئى جۇشى ئەنەل ـ ھەق چەككەلى مەردانە يوق.
ــ زەلىلى.

دارۇل ـ ئەمان [دارالامان] (ئە) تىنچلىق ئۆيى، سالامەتلىك ئۆيى، ئامانلىق ئۆيى، تېنچ ۋە ئاسايىشلىق جاي:

لەيلى باشىغە بەلا ياغدۇردى بۇ لەيلۇ نەھار،
چۇن پەناھ بولماقغە، ئەي دارۇل ـ ئەمانىم، قايدەسەن؟
ــ ئا. نىزارى.

دارۇل ـ بەقا [دارالبقا] (ئە) باقىيلىق، ئەبەدىيلىك ئۆيى، ئۇ دۇنيا:

«نەھاجەت ئۆيۇ ئايۋانۇ سەرايۇ بوستان ئەتمەك،
كېرىپ قەبر ئىچرە تەنھا مەنزىلىڭ دارۇل ـ بەقا ئاخىر.»
ــ زەلىلى.

دارۇل ـ غۇرۇر [دارالغرور] (ئە) مەغرۇرلۇق ئۆيى؛ بۇ دۇنيا، بۇ ئالەم.

دارۇل ـ فەنا [دارالفنا] (ئە) پانىيلىق ئۆيى، بۇ دۇنيا، ئۆتكۈنچى دۇنيا:

كۆنىكىم بولۇپمەن ساڭا ئاشنا،
ساڭا دەۋزەخ ئولدى بۇ دارۇل ـ فەنا.
ــ ئا. نىزارى.

دارۇل ـ قەزا [دارالقضا] (ئە) قازىخانا؛ ھۆكۈم ئۆيى:

ماسىۋايى قەتئ ئەيلەيدۇر دەمى تىغى زەبان،
روبە رويى جانىبى دارۇل ـ قەزا كەلتۇرمىشەم.
ــ زەلىلى.

دارۇل ـ قۇرب [دارالقرب] (ئە) ئۆز يۇرت، دائىمىي تۇرىدىغان جاي.

دارۇل ـ ھەۋادىس [دارالحوادث] (ئە) ھادىسلەر ئۆيى؛ دۇنيا، ئالەم.

دارۇل ـ ھۇففاز [دارالحفاظ] (ئە) قارىيخانا، قۇرئاننى يادقا ئالدۇرۇدىغان جاي.

دارىماق [داريماق] 1) ھازىر بولماق، كەلمەك؛ پەيدا بولماق؛ مەيدانغا كەلمەك؛

2 › يۈلۈقماق، دۇچار بولماق.

**داس** [داس] (پ) ئورغاق (دېھقانچىلىق سايمىنى):

قىلمامىش كۆڭلۈمدە قىرقىلماي مەئاشى سەبردىن،
ھەجرىدە بولغان نىگۈن قەددىم ئاڭادۇر ھۆكمى داس.
— ئەرشى.

ئەمەل داسىنى تۇتماق — ياخشى نام-ئەمەل بىلەن بېزەنمەك؛
مېھنەت داسى — مۇشەققەت، مېھنەت ئازابى؛ قىيناق، ئازاب-ئوقۇبەت.

**داستان** [داستان] (پ) تارىخ؛ ھېكايە، قىسسە، داستان:

كۆلەر ئېردىم بۇرۇن فەرھادى مىسكىن داستانىغە،
بۇ شىرىندۇركى ئانىڭ بىرلە-ئوق ھەم داستان بولدۇم.
— بابىر.

خەتمى داستان — ھېكايە ئاخىرى، خاتىمىسى؛ داستانىنىڭ تۈگەللىنىشى؛
داستان ئاغازى — داستان، قىسسىنىڭ باشلىنىشى.

**داستانسەرا** [داستانسرا] (پ) داستان ئېيتقۇچى، ھېكايىچى.

**داستانسەراي** [داستانسراى] (پ) «داستانسەرا» غا قاراڭ.

**داستانگۇستەر** [داستان‌گستر] داستان ئېيتقۇچى، ھېكايىچى.

**داستدارى** [داستدارى] دەللال؛ ياردەمچى:

نى دەۋرىدە خەيلى داستدارى،
نى ئالىدە سەرۋى گۈل ئۇزارى.
— نەۋائى.

**داش I** [داش] (پ) خۇمدان؛ ھاك، ساپال ئىدىشلار پىشۇرۇلىدىغان جاي.

**داش II** [داش] تاش.

**داشخانە** [داشخانە] (پ) «داش I» گە قاراڭ.

**داغ** [داغ] 1 › بەلگە، نىشانە، ئىز، ئەسەر:

جانىمدە ئەلىق يەگىلىغ ئول سەرۋى مەكان ئەتمىش،
جىم نۇقتەسىدە داغىن جانىمدە نىھان ئەتمىش.
— ۋەفائى.

2 › كۆيۈك، كۆيگەن جاي، داغ:

داغدىن جىسمىم ئارا ھەر سارى ئاچىلغان سۆگەك،
كۆرسە، رەھم ئەتكەي كۆلۈمسۈپ، شاد ئولۇر ئول باغرى تاش.
— ئەرشى.

3 › قايغۇ، ھەسرەت، ئەلەم، كۆلپەت؛ ھىجران؛ مۇھەببەت جاپالىرى:

تاۋۇس ئوخشە بار ئىدى ھەر داغىم ئۆزرە نەچچە داغ،
داغلىغ كۆڭلۈمگە شوخى لالەزارىم ئۇچرادى.
— قەلەندەر.

4) ئەپسۇس:

ئەزمىدە ئۇل قەۋمغە داغ ئۈزرە داغ،
قەتئىدە بۇ خەيلغە باغ ئۈزرە باغ.
— نەۋائى.

5) تاغ:

ئەي نەۋائي، تەلبە كۆڭلۇم ئايىتتى، ئەمدى ئىستەمەن،
نەچچە داغۇ دەشتدىن ئىستەب كېتۈرگەيمەن ئانى.
— نەۋائى.

داغ قويماق — كۆيدۈرمەك؛ قايغۇغا سالماق، ئۆرتىمەك؛
داغ كۆيدۈرمەك — قىزىتىلغان نەرسە بىلەن يۈزىگە خال قويماق؛
داغى ئەلىف — زىننەت ئۈچۈن كىشىنىڭ يۈزىگە چېكىلگەن ئۇسىمارەڭ داغ، خال؛
داغى فۇرقەت — ئايرىلىق غېمى، ھىجرانلىقتىن يەتكەن كۆلپەت:

مېنىڭ جانىمغە قويدۇڭ داغى فۇرقەت،
كىشى گەر كۆرمەگەن دەردۇ بەلانى.
— خىرقەتى.

داغى نىھانىي — يوشۇرۇن ئەلەم؛
داغى ھىجران — ھىجران غېمى، كۆلپىتى:

ماڭا گەر قويدى بۇلبۇل داغى ھىجران،
يەنادىن كۆرمەسۇن ئۇل ھەم ۋەفانى.
— خىرقەتى.

داغى ھىرمان — تىلەك، ئارزۇ، مۇراتقا يېتەلمەسلىك دىغى (كۆلپىتى)؛
داغى ئۆرتەمەك — داغلىماق، كۆيدۈرمەك؛ تامغا باسماق.

**داغدار** [داغدار] داغ چۈشكەن، بۇلغانغان.

**داغۇلى** [داغولى] ئالدامچى؛ ھەييار.

**داغۇلىي** [داغولى] «داغۇلى» غا قاراڭ.

**داغى** [داغى] يەنە؛ ھەم، ھەمدە:

تاغنى ئەرىتۇر ئاھىم ئەسەر قىلغۇسى بىر كۈن،
كۆڭلۈڭ نىچەكىم بولسە تېمۈر، تاش داغى پۇلاد.
— لۇتفى.

**دافىئ** [دافع] (ئە) خالاس قىلماق، قايتۇرماق، يوق قىلماق؛ قايتۇرغۇچى، يوقاتقۇچى:

ئىبەرتىپ ھەر تەرەفكە نەچچە ئادەم،
دىرەكلەپ بىر مۇئالىج دافىئى غەم.
— ناقىس.

دافىشى سەۋدا ـ سەۋدا (روھىي كېسەللىك) لى يوقاتقۇچى؛ داۋالىغۇچى؛ زېرىكىشنى قايتۇرغۇچى؛
دافىشى گەزەند ـ زەرەرنى قايتۇرغۇچى؛
دەردغە دافىئ ـ دەردنى قايتۇرغۇچى؛
رەنجغە دافىئ ـ كېسەللىكنى، ئاغرىقنى (داۋالاپ) يوق قىلغۇچى.

**داڭ** [دانک] 1 › ھەر بىر نەرسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى؛ مەلۇم ھەسسىيە مىقدار:

...بۇ مەبلەغ ۋە مىقداردىن چەھار داڭنى ئۆزى ئالغاي، دۇ داڭنى ئول ئىككەۋگە يەتكۈرگەي.
ـ نەۋائى.

2 › تاڭ قالماق، ھەيران بولۇپ جايىدا تۇرۇپ قالماق:
مەگەركىم بۇ تۆركى بولۇپدۇر ساراڭ،
باشىم يەرگە قويغاچ تۇرۇپ قالدى داڭ.
ـ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دال** [دال] (ئە) 1 › ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى سەككىزىنچى ھەرپ «د» نىڭ نامى؛ 2 › ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن، پۈكۈك:
رەھم ئېتىپ باقغىل بىرەر ھالىمغە سەن تەڭرى ئۈچۈن،
ھەجرۇ فۇرقەتدىن بولۇپدۇر قامەتىم ئانداغكى دال.
ـ قەلەندەر.

3 › سۆيگىنىنىڭ چېچى، ماڭلىيى (ماڭلاي چاچ)، كوكۇلا:
كاكۇلۇڭ ئەلگە جەھاننى تىيرە قىلغان دۇد ئېرۇر،
ھەر سارى زۇلفۇڭ ئىكى ياندە تۈشكەن دال ئاڭا.
ـ نەۋائى.

4 › دەلىل، بەلگە؛ 5 › دالالەت قىلغۇچى:
بارچە خەلايىق توپ بىكىن تاشلار ئاياقىڭ ئۆزە باش،
بۇ ئىشكە زۇلفۇڭ دال ئېرۇر، سەن ئانى چەۋگان ئەيلەمە.
ـ زەلىلى.

دال ئەيلەمەك ـ ئەگمەك، پۈكمەك؛
دال تاپماق ـ يولىيورۇق تاپماق، دالالەتكە ئېرىشمەك؛
دال ئولماق ـ بەلگە، نىشانە بولماق، دەلىل بولماق؛
دالۇگۇل ـ نەقىش، بېزەك؛ ئۈست كىيىمگە چۈشۈرۈلگەن دال «د» شەكلىدىكى گۈل.

**دالان** [دالآن] (پ) دالان، دەھلىز.

**دالباي** [دالبای] ئۇۋ قۇشىغا بېرىلىدىغان گۆش، پارچە گۆش.

**دالدا** [دالدا] 1 › ئارقا، ئارقا جاي، دالدا (پاناھ) جاي؛ 2 › تايانچ.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**دال ـ گۈل** [دا‌كل] (پ) 1› نەقش، بېزەك؛ 2› چايشاپ ۋە رومال قاتارلىقلارغا
تىكىلگەن گۈللەرنىڭ بىر خىلى، «دال» غا قاراڭ.

**دالۇچى** [دالوچى] پالچى، قارىسغا سۆزلىگۈچى؛
ئۇل مۇنەججىم خەلق ئارا ئەبلەھ بولۇر،
دالۇچى ۋە قۇرئەچى گۇمرەھ بولۇر.
— خەراباتى.

**دام** [دام] (پ) 1› تۇزاق، تور؛
كۆكۈل ۋەھشىسىن ئۇل بىر زۇلفى دامىغە ئەسىر ئەتكىل،
نە چاغ سەييادلارغە بىر كىيىك ئۆززە تالاش ئولسۇن.
— ئەرشى.

2› مىكىر، ھىيلە؛
يۈزىدە داملار شەكلىن كۆرۈپ ئۇل،
قىلۇر جان قۇشلارىن تۇتماقغە چارە.
— ئەرشى.

3› ئاشىق، مۇپتىلا؛ 4› تۇرلۇك ھايۋانلار.
ئەسىرى دام بولماق — تۇزاقا ئىلىنماق، قولغا چۈشمەك؛
دامۇ دەد — 1› زۇلۇم كۆرستىش؛ 2› يىرتقۇچ ۋە يىرتقۇچ بولمىغان
ھايۋانلار؛
دامى راھ — يولغا قويۇلغان تۇزاق؛ توسۇق؛
دام ياياق — ھىيلە قىلماق.

**داماد** [داماد] كۈيئوغۇل؛ باغلانغان؛
يوق ئېركەن، ئەي قەلەندەر، ئەقلۇ ھوشۇم،
كى دۇنيا زالىغە داماد بولدۇم.
— قەلەندەر.

**دامان** [دامان] (پ) «دامەن» گە قاراڭ؛
نى بولۇر كەلسەڭ بىرەر بۇ كۈلبەئى ئەھزانىمە،
تەلمۈرۈپ كۆزۈم ئاقاردى گەرچە دامانىڭ تىلەپ.
— قەلەندەر.

پاك دامان — نومۇسلۇق، پاكىزە؛ ئېتىكى تازا؛
ئۇلكى تەۋۋابۇن رەھىمدۇر تەۋبە قىلغىل يىغلاغىل،
ۋادەرىغا، بۇ مۇلەۋۋەس پاك دامانىڭغە ھەيف.
— شەۋقى.

**دامانە** [دامانە] (پ) «دامەنە» گە قاراڭ؛
قاف دامانەسى — قاپ تېغى ئېتىكى.

**دامە** [دامە] (ئە) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «داۋام قىلسۇن، داۋام ئەتسۇن، ئۆزۈن

بولسۇن» مەنىلىرىنى بىرىدۇ؛
دامە ھەياتۇھۇ ـ ئۆمۈرى ئۇزۇن بولسۇن! (دۇئا ئىبارىسى).

دامەن [دامن] (پ) 1 › ئېتەك:

ئايا پادىشاھا فەقىرلەرغە باق،
سەخا دامەنىنى غەرىبلەرغە قاق.
— ئا. نىزارى.

2 › ئۆڭكۈر، چوڭقۇرلۇق، ئويۇلغان، چوڭقۇر جاي؛ 3 › ھەر نەرسىنىڭ ئاخىرى، چەت، ياقا:

دامەنى سەھرا دېمەسلەر لالەزارى بولماسا،
زىينەتى گۈلشەن بىرۇرمۇ سەبزەزارى بولماسا.
— زەلىلى.

4 › سەھرا، باياۋان:

كىم يەتدى چۇ ئول دامەنغە مەجنۇن،
كىم سەير ئېتىپ مېھرى گەردۇن.
— نەۋائى.

ئالۇدە دامەن ـ ئىپلاس، يارىماس، نومۇسسىز، بۇزۇق؛ ئېتىكى بۇلغانغان.
پاك دامەن ـ نومۇسلۇق، پاكىز؛ ئېتىكى تازا؛
تەر دامەن ـ نومۇسسىز، گۇناھكار؛
دامەنى پاك ـ «پاك دامەن» گە قاراڭ:

جەھاندا نازەنىن كۆپتۇر ۋە لېكىن،
سېنىڭدەك كىمدە بار دۇر دامەنى پاك.
— لۇتفى.

دامەنە [دامنه] (پ) چەت، قىرغاق؛ ئېتەك.

دامەنفەشان [دامن فشان] (پ) 1 › ئېتەك يايغۇچى؛ 2 › ئۆزىدىن كەتكەن، زوق ـ ئىشتىياقتىن ئۆزىنى تۇتالمىغان.

دامەنكەشان [دامنكشان] (پ) 1 › ئېتەك سۆرەپ يۈرۈش، سۆرىلىش؛ 2 › پېشىنى (ئېتىكىنى) قېقىش؛ ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش.

دامەنگىر [دامنگير] (پ) 1 › ھەققىنى تەلەپ قىلغۇچى، دەۋاگەر؛ 2 › ئېتىكىنى تۇتقۇچى، پېشىگە ئېسىلغۇچى.
دامەنگىر بولماق ـ توختاتماق، تۇتماق؛ توسۇق بولماق.

دامگاھ [دامگاه] (پ) 1 › ئوۋ ئوچۇن تۇزاق قۇرۇلغان جاي؛ 2 › بۇ دۇنيا، پانىي ئالەم.

دامگەھ [دامگه] (پ) «دامگاھ» قا قاراڭ.

دان [دان] (پ) 1 › ئۇرۇق، دان؛

www.uyghurkitap.com

ئۇنەرمۇ دان ئەگەر نەم ئولماسا يەر،
چۇمۇپ دان بىخ ئۇرۇپ بەس كۆرسۇتۇر سەر.
— خىرقەتى.

2 › يەمچۇك، دان:
چوقۇپ بۇ مۇرغ ئول داننى تۇتۇلدى،
تۇتۇپ بەند ئەتتىلەر قايدىن قۇتۇلدى.
— خىرقەتى.

3 › گۈزەللەر يۈزىدىكى خال:
مۇرغى تاۋۇقتەك ئېرۇرمەن چۈن سېنىڭ ئىشقىڭداكىم،
بۇ غەرەزدىن تىلىنۇرمەن ئاي يۈزۈڭدە دان كۆرۈپ.
— موللا بىلال.

4 › سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «بىلگۈچى» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ:
بىسياردان — كۆپ بىلگۈچى؛
خۇردە دان — ئىنچىكە (مۇرەككەپ) ۋە نازۇك نەرسىلەرنى بىلگۈچى.

دانا [دانا] (پ) بىلىمدان، ئەقىللىق، دانىشمەن:
تەغافۇلدىنمۇ يا دانالىغىدىنمۇ بىلەلمەنكىم،
ئالىپ ئۇيقۇنى مەندىن لەھزەئى بىدارەلىغ بىلمەس.
— ئەرشى.

دانا بولماق — دانىشمەن، ئالىم بولماق؛
دانايى ئافاق — يىگانە بىلىملىك، تەڭداشسىز بىلىم ئىگىسى؛
دانايى دەۋران — ئۆز دەۋرىنىڭ دانا كىشىسى؛
دانايى زاھىد — زاھىدلار داناسى؛
دانايى ئىشق — ئىشق ئەھلىنىڭ داناسى، دانىشمەن ئاشىق:
شۇكرىلىللاھ، ئىشقىڭە دەرلەر مېنى دانايى ئىشق،
تاكى قىلدىم بۇ خوتەندە سەن بىلەن سەۋدايى ئىشق.
— قەلەندەر.

فەن دانالارى — ئالىملار.

داناmەنىش [دانامنش] (پ) دانا تەبىئەتلىك.

داناۋەر [داناور] دانا، بىلىملىك، ئالىم.

داناۋەش [داناوش] (پ) دانالارچە، دانا سۈپەت، داناسىمان، بىلىمدان.

دانە [دانه] (پ) 1 › ئۇرۇق، دان:
كۆرۈك ئىككى ۋەفالىق ئىشقىنىڭ دېھقانىنىڭ ھالىن،
مۇھەببەت دانەسىن ئىككى كۆڭۈللەرگە تېرىشىپدۇر.
— قەلەندەر.

يەمچۇك (قۇشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تۇزاق ئەتراپىغا چېچىلغان دان)؛

2› يالغۇز، يەككە، يېگانە:

گەر يىغىلسە يەر يۈزىدىن قالمايىن ساھىب جەمال،
بارچەسىن گويا سەدەفدۇر، سەن ئارادە دانە سەن.
— قەلەندەر.

3› گۈزەللەر يۈزىدىكى خال:

دانەئى ھۇسنىن كۆرۈپ، ئەي ئەرشىئى ئاشۇفتە دىل،
ئىشق دامىغە سېنىڭدەك مۇبتەلايى تاپمادىم.
— ئەرشى.

4› تامچە، تارام - تارام:

كۆزىدىن دانە - دانە ياش ئاقىزىپ،
گۆھەر خىزمەت قىلىپ بىر - بىر تامىزىپ،
— خىرقەتى.

5› چىش:

... بىر - بىرىگە قاۋۇشماي ئۈز ھالىغە كۈلۈپ، باشى كۆكسىگە تۈشۈپ، ئاغزى ھۇققەسىدىن دانەلەرى تۆكۈلۈپ، ...
— نەۋائى.

دانە خەشخاش - كۆكنار (ئەپىيۇن) ئۇرۇقى؛
دانە ساچماق - ئۇرۇق چاچماق؛
دانەئى ئەنجۇم - يۇلتۇزلار، يۇلتۇز دانىلىرى:

فىتنە ئەھكامىن سۈرۈرگە دانەئى ئەنجۇم ساچىپ،
ئىگنەسىن غەم خىرقەسىن تىكمەككە فۇلاد ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

**دانە پاش** [دانە پاش] (پ) 1› دان (ئۇرۇق) چاچقۇچى؛ 2› دان (ئۇرۇق) چاچقۇچ:

دېگىل دۇددىن شۇئلە دام ئەتتى فاش،
شەرەرلەردىن ئولدى ئانگا دانە پاش.
— نەۋائى.

**دانەرىز** [دانە ريز] (پ) دان چاچقۇچى:

بەسى ئەل بولۇپ تام ئۆزە دانە رىز،
ئۇچۇرۇپ كەبۇتەر بېرۇر ئەردى خىز.
— نەۋائى.

**دانەندە** [داننده] (پ) بىلگۈچى، بىلىمدان، بىلەرمەن، ئالىم.

**دانىش** [دانش] (پ) بىلىم، ئىلىم، مەرىپەت؛ بىلىش؛ مەلۇمات:

بەئزەغە بازارمەنا، بەئزەلەر قىلمىشلا ھېچ،
بىرگە ئەقلۇ فەھم دانىش، بىرنى نادان ئەيلەيان.
— موللا سالىھ.

دانىش ئەھلى ـ ئىلىم ئەھلى، ئالىملار:
نەچچە يارۇ دانىش ئەھلىغە بار ئىردى ئۇلفەتىم،
كۆز ئاچىپ يۇمغۇنچە ئايرىلغاچ ئاشىپدۇر ھەيرەتىم.
— ئەرشى.

**دانىش ئامۇز** [دانش آموز] (پ) مۇئەللىم، بىلىم ئۆگەتكۈچى، بىلىمدان.

**دانىش ئايىن** [دانش آين] (پ) 1) «دانىشمەند» كە قاراڭ؛ 2) تىلەك، ئىستەك:
قىلىپ دانىش ئايىن دۇئا ئىپتىدا،
دۇئادىن سۇڭ ئەتتى بۇ يەڭلىغ ئەدا.
— نەۋائى.

**دانىشپەرۋەر** [دانش پرور] (پ) ئىلىم ھامىيسى.

**دانىش پۇجۇھ** [دانش پجوه] (پ) تەتقىقاتچى، ئىلىم ئىزدىگۈچى، ئىلىم يولىدا ئىزدەنگۈچى، ئىلىمگە ئىنتىلگۈچى.

**دانىش قەرىن** [دانش قرين] (پ) بىلىمنى ئۆزلەشتۈرگەن (يېتۈك) ئالىم.

**دانىشمەند** [دانشمند] (پ) بىلىمدان، بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق، دانا، دانىشمەن؛ پەيلاسوپ، ئالىم.

**دانىشمەندانە** [دانشمندانه] (پ) بىلىمدانلارچە، بىلىملىكلەرچە، ئالىملارچە.

**دانىش نەۋەرد** [دانش نورد] (پ) بىلىم بىلەن يېتىشكەن، بىلىم جەھەتتە يېتىلگەن.

**دانىشۋەر** [دانشور] (پ) «دانىشمەند» كە قاراڭ:
يىغىلدى مەسلەھەتدان زۇ فۇنۇنلار،
ھەمە دانىشۋەرى ساھىب ئورۇنلار.
— ناقىس.

**داۋ** [داو] 1) شەترەنج (شاھمات)، قىمارغا ئوخشاش ئويۇنلاردا يېڭىلىدىن يۈرۈش ياكى باشلاش نۆۋىتى؛ 2) قىمارغا پۇل تاشلاش؛ 3) تالىشىش (يۈرۈش ياكى باشلاش نۆۋىتىنى).

**داۋەر** [داور] (پ) شاھ، پادىشاھ؛ ھۆكۈمدار، ھاكىم.
**داۋەرى ئەئزەم** ـ ئۇلۇغ پادىشاھ.

**داۋۇد** [داود] ئىسىم، داۋۇد پەيغەمبەر:
يەھياۋۇ نۇھ، ئادەم سەفى داۋۇد سۇلەيمان يىغلادى،
دوستۇڭ مۇھەممەدنى شەفىئ ئەيلەپ ئىجابەتدىن سوراغ.
— شەۋقى.

**داۋۇد ئاسار** [داود آسار] داۋۇد پەيغەمبەرگە ئوخشاش.

**داۋۇدى** [داودى] (ئە) مۇزىكىدا بىر كۈينىڭ نامى:
سۇ ئەيلەي بۇ جەھان خەلقىن ئىرىتىپ،

مېنىڭ داۋۇدى يەگىلىغ ئۇد سازىم
— خىرقەتى.

**داۋۇدىي** [داودى] (ئە) «داۋۇدى» غا قاراڭ.

**داۋۇلغە** [داولغا] «دۇبۇلغا» گە قاراڭ.

**دائىر** [دائر] (ئە) 1 › ئايلانغۇچى؛ ئايلاندۇرغۇچى؛ 2 › دائىر، ئائىت، تېگىشلىك؛
دائىر ئەيلەمەك — ئايلاندۇرماق؛
دائىر بولماق — ئايلانماق؛
دائىر ئولماق — «دائىر بولماق» قا قاراڭ.

**دائىرە** [دائره] (ئە) 1 › دائىرە، مەيدان، ئايلانما، ئايلانما سىزىق (چەمبىرەك)؛ 2 › چېگرا؛ 3 › ئاسمان، ئالەم تۈزۈلۈشى؛
دائىرەئى سىپىھر — ئاسمان چەمبىرىكى، دۇنيا؛
دائىرەئى لاجۇۋەرد — ئاسمان؛
دائىرەئى ھەقىقەت — ھەقىقەت دائىرىسى؛
دائىرەئى ئۇشر — پەلەكنىڭ ئونىنچى دائىرىسى.

**دائىم** [دائم] (ئە) دائىم، ھەمىشە، ھەممە ۋاقىت.

**دائىما** [دائما] (ئە) «دائىم» غا قاراڭ.

**دائىي** [داعى] (ئە) ئىستىگۈچى، تەلەپ قىلغۇچى، خالىغۇچى؛ چاقىرغۇچى، دەۋەت قىلغۇچى:

بىرىگە چاكەرۇ بەندە ئاتايى،
بىرىگە خادىمۇ دائىيى كەمتەر.

— ئاتايى.

**دائىيە** [داعيه] (ئە) 1 › ئارزۇ، مەقسەت؛ ئىستەك، خاھىش؛ ئىرادە؛ 2 › تەقەززا؛ 3 › سەۋەب؛ 4 › چاقىرىق، تىلەك ئىزھار قىلماق؛ چاقىرغۇچى، تىلەك ئىزھار قىلغۇچى، تەشۋىقاتچى:

ئۇلۇغ دائىيەلەرى بىر ئۇلۇغ چال،
دۇرۇست ئەندىشەلەر بىرلە سۆچۈك قال.

— ناقىس.

**داي** [داى] 1 › قۇز، سوقما تام قۇرلىرى:

كىم بارىسىن يەر بىلە ھەمۋار ئېتىك،
داي ئارا ئولتۇرتۇگۇ دېۋار ئېتىك.

— نەۋائى.

2 › لاي، سوقما، سوقما تام لېيى:

چېكىنىپ ھەزى ئۇچۇن دەۋرىندە دىۋار،
قىلىپ دايىن ھىسارى ئاھەنىنۋار.

— نەۋائى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**دايە** [دايە] (ئە) ئىنىكئانا، بالا باققۇچى، بالا تەربىيىلىگۈچى ئانا؛

تاپىپ كەلتۈردىلەر بىر سەرۋى سايە،
بۇ گۈل يۈزلۈككە ئانى قىلدى دايە.

— ناقىس.

**دايەئى جىگەر سوز** — ئىچكۈيەر ئىنىكئانا؛
**دايەئى مېھرىبان** — مېھرىبان، كۆيۈمچان ئىنىكئانا:

دېدىم مەن: ئايا دايەئى مېھرىبان،
ۋەتەنگە يانارمەن سەھەر بىگۇمان.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دايەگانە** [دايەگانە] (ئە + پ) ئىنىكئانىلارچە، ئىنىكئانىغا ئوخشاش.

**دايىگەر** [دايگر] سوقمىچى، سوقما تام ئەتكۈچى، تام ئەتكۈچى ئۇستا:

بولۇپ ھەر دايىگەر گەردۇنغە پەيۋەست،
قالىپ بەل ئۆرگۈچى بالچىغ ئەرا پەست.

— نەۋائى.

**دايىرە** [دايرە] (ئە) «دائىرە» گە قاراڭ.

**دەبان** [دبان] دەپ:

كېلۈرمۇ جان ئىلىگە گەھ دەبان جانانە ئاندىن كۆپ،
ياساپ مەن ھۇجرەلەر كۆپ-كۆپ، ئۇلۇغ كاشانە ئاندىن كۆپ.

— ئەرشى.

**دەببابە** [دبابە] (ئە) 1) شاھمات ئورۇقىدىن بىرى، 2) ئېيىق:

سەفلەر ئىچرە پىل ئىلە زۇررافە ھەم،
رۇھ بىلە دەببابەيۇ كەششافە ھەم.

— نەۋائى.

**دەبباغ** [دباغ] (ئە) 1) كۆنچى، تېرە پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى؛ 2) بوقا تېرىسىدىن قاپقا ئوخشىتىپ ياسالغان، يا ئوقى ئۆتمەيدىغان قىلىن كىيىم؛ تېرە كىيىم 3) قەدىمكى «شەترەنجى كەبىر» ناملىق شاھماتنىڭ ئوپپىتىسىر دەرىجىلىك ئورۇقىدىن بىرىنىڭ نامى.

**دەبدەبە** [دبدبە] (ئە) 1) تەنتەنە؛ سۆلەت، ھەيۋەت.

شەھى كامرانلار كەبى دەبدەبە،
تۈزۈپدۇر، دېدىكىم قىلاي تەجرىبە.

— ئا. نىزارى.

2) يۇقىرى ئاۋاز، شاۋقۇن-سۈرەن:

مېنىپ رەخش ئۈزرە قىلىپ يولنى تەي،
تۈزۈپ دەبدەبە مىسلى كاۋۇس كەي.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەبدەبە قىلماق — ھەيۋە قىلماق، ھەيۋە كۆرسەتمەك.

**دەبۇر** [دبور] مەرتەم، كەررە؛

يەتتە دەبۇر — يەتتە مەرتەم.

**دەبۇر** [دبور] (ئە) غەرب شامىلى، غەربتىن شەرققە ئۇرۇلغان شامال.

**دەبىر** [دبير] (ئە) 1› كاتىپ، مىرزا:

دېدىكىم: دەبىرغە پۈتۈك نامەئى،

ئانى ئۆلتۈرۈرگە چېكىلىك خامەئى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2› ئاتارۇد (مېركورىي) سەييارىسى؛ 3› ھېسابچى، پادىشاھلىق پۇلنى ھېساب - كىتاب قىلغۇچى؛

دەبىرى رەقەمسەنج — تەجرىبىلىك كاتىپ؛

دەبىرى مەزكۇر — ئەسلىتىلگەن، تىلغا ئېلىنغان، قەيد قىلىنغان كاتىپ؛

كۆك دەبىرى — ئاسمان كاتىپى؛ ئاتارۇد يۇلتۇزى.

**دەبىرىستان** [دبيرستان] (ئە + پ) 1› يېزىقچىلىق ئۆيى؛ 2› مەكتەپ؛

دەبىرىستان ئەھلى — مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى.

**دەبىستان** [دبستان] (ئە + پ) ئوقۇش (ئەدەپ، قائىدە ئۆگىنىش) ئۆيى، تەلىم - تەربىيە ئۆيى؛ مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ.

**دەجلە** [دجله] (ئە) دەجلە دەرياسى (باغدات شەھرى يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريا).

**دەججال** [دجال] (ئە) 1› ئالدامچى، ھىيلىگەر؛ 2› ئەپسانىۋى مەخلۇق.

**دەخل** [دخل] (ئە) 1› كىرىش (بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە)، ئارىلىشىش، مۇناسىۋەتتە بولۇش، ئالاقىدە بولۇش؛ بەھرىمەن بولۇش، داخىل؛ 2› دارامەت، كىرىم:

خەرج قىلغىل دەخلىنىڭ ئەندازەسى،

بۇيرۇدى بۇ سۆزنى ھېكمەت قازىسى.

— خەراباتى.

دەخل ئەتمەك — «دەخل بەرمەك» كە قاراڭ؛

دەخل ئەيلەمەك — كىرىشمەك، ئارىلاشماق، مۇناسىۋەتتە بولماق؛

دەخل بەرمەك — ئارىلاشتۇرماق، يېقىنلاشتۇرماق؛ كىرگۈزمەك؛

دەخل قىلماق — 1› ئارىلاشماق، مۇناسىۋەتتە بولماق، ئالاقىدە بولماق؛ 2› باستۇرۇپ كىرمەك، ھۇجۇم قىلماق؛

دەخلى بار — كېرەكلىك، پايدىلىق، زۆرۈرلۈك؛

دەخلىنىڭ ئەندازەسى — كىرىم ئۆلچىمى، ئەھۋالى.

www.uyghurkitap.com

دەخمە [دخمە] مەقبەرە.

دەخى [دخى] يەنە:

چارشەنبە كۈنى يار كىرزە كەلدى چەمەن ئىچرە،
بۇلبۇل دەخى كۆردى يۈزىنى، تۈشدى فىغانە.

ـــ ئەسسەمى.

دەد [دد] (پ) يىرتقۇچ، ياۋايى ھايۋان؛ شىر؛
دەدۇ ۋەھش ـ ۋەھشي، يىرتقۇچ ھايۋانلار.

دەدەك [ددک] «دادەك» كە قاراڭ.

دەدىل [ددىل] (ئە) دادىل، جەسۇر؛ جەسۇرانە، مەردانە.

دەر [در] (پ) ئىشىك:
دەرۇ دىۋار ـ ئىشىك ۋە تام.

دەرا [درا] (ئە) قوڭغۇراق:

بولسا گەر ئۆلۈك تىرىلۇر تەۋسەنى ئۈستىدە سەن،
كەلسە مەجنۇنۇڭ قۇلاقىغە كىرەر ئاۋاز دەرا.

ـــ قەلەندەر.

دەراز [دراز] (پ) ئۇزۇن، دارازا:
بىلەلمەسمەن ئۇمرۇم ئىرۇرمۇ دەراز،
كى بىر يىل ئۆتەرمۇ ۋە يا ئاندىن ئاز.

ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

سۆزۈڭنى تولا قىلماغايسەن دەراز،
قىلىپ مۇختەسەر ئەمدى قىل سۆزنى ئاز.

ـــ ئا. نىزارى.

دەراز دەست ـ قولى ئۇزۇن؛ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك؛
دەراز نەفەس ـ 1 › ئۇزۇن نەپەس، تىنىق؛ 2 › ئەزمە، گەپنى چاينىاپ، سوزۇپ قىلغۇچى.

دەراھەم [دراھم] (ئە) [بىرلىكى: دىرھەم] «دەرھەم» گە قاراڭ.

دەراي [دراى] (ئە) «دەرا» غا قاراڭ.

دەرە [درە] 1 › ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى تار يول، ئاچال؛ 2 › ئىگىز - پەس دەشت (چۆل) يەرلەر؛ «دەرى» گە قاراڭ.

دەرەجات [درجات] (ئە) [بىرلىكى: دەرەجە] دەرىجىلەر، مەرتىۋىلەر؛ ئىززەت - ھۆرمەت:

ئەگەرچە قوي سەرى مەھرەمنى قەلب ھەمدەمگە،
كۆتەر كەرەم بىلە ھەممنى تاپىلغۇسى دەرەجات.

ـــ شەۋقى.

رەفىئ دەرەجات ـ يۈكسەك دەرىجىلەر؛

رەفمئۇد - دەرەجات – يۇقىرى دەرىجىلەر، مەرتىۋىلەر.

**دەرەجە** [درجه] (ئە) 1) مەرتىۋە، دەرىجە؛ تەرتىپ؛ «دەرەجات» قا قاراڭ.

**دەرەخت** [درخت] 1) دەرەخ؛ 2) قامەت؛ ۋۇجۇد، بارلىق:

كىم ئەسكىرىبان ھەياتى رەختى،
مايىل ئەتسە يىقىلغەلى دەرەختى.
— نەۋائى.

3) بۇلۇم، باب:

... مەشھۇر مۇنداقدۇركى، ئالار سۇلۇك ئەييامىدە قىرق ئەر-
بەئىن چىقارىپتۇرلەر ۋە تۆرت ئەربەئىن بىر دەرەخت ئۈستىدە
چىقارىپتۇرلەر.
— نەۋائى.

دەرەختى بىسەمەر – مېۋىسىز دەرەخ:

دەرىغا، قىلمادىم تائەت قېرىلىق نەۋبەتى يەتتى،
ۋۇجۇدۇم باغى ئۆرۈلدى دەرەختى بىسەمەر يەگلىغ.
— شەۋقى.

**دەرەخش** [درخش] (پ) 1) يالتىراش، پارلاش؛ 2) چاقماق، چېقىن.

**دەرەخشان** [درخشان] «دەرەخشەندە» گە قاراڭ.

**دەرەخشەندە** [درخشنده] (پ) روشەن، پارقىراق، پارلاق، پارقىراپ تۇرىدىغان؛
دەرەخشەندە بولماق – پارقىرىماق، پارلىماق.

**دەرەفش** [درفش] (پ) 1) بىگىز، دەرەش؛ 2) بايراق، تۇغ، ئەلەم:

... كاۋە ئاھەنگەرنى ئۇلۇق تەربىيەت قىلىپ، تەيەممۇن ئۇچۇن
ئانىڭ يىغاچقە باغلاپ ئەلەم قىلغان سەختىيانىنى مۇرەسسەئ
قىلدىكىم، دەرەفشى كاۋىيانى ئانى دەرلەر.
— نەۋائى.

**دەرەك** [درک] خەۋەر، دېرەك:
دەرەكۇل - ئەسرار – سىرلاردىن خەۋەر بېرىش.

**دەرەڭ** [درنک] (پ) 1) ئاستا، ئالدىرىماي، ئېھتىيات بىلەن؛ 2) پۇرسەت،
ۋاقىت؛ 3) توختىلىش، قارار تېپىش، ئارام:

بولۇپ جۇملە مۇشتاق ئاڭا ئىچكەلى،
ئۇلار قىلدى مەن يەگلىغ ئاندە دەرەڭ.
— خۇشھال غەرىبى.

دەرەڭ ئەيلەمەك – تەخىر قىلماق؛ كېچىكمەك؛
دەرەڭ بولماق – توختالماق؛
دەرەڭ قىلماق – «دەرەڭ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**دەرەم** [درم] «دىرەم» گە قاراڭ:
بىر دەرەم چاغلىق زەكاتى ھۇسنىدىن قىلمىش دەرىخ،
دۇررى ئەشكىمدىن تەلەب كويىدا ساچسام يۈز تەمەت.
— ئەرشى.

**دەرەندە** [درنده] «دەررەندە» گە قاراڭ:
بۇ يەگىلىغ دەرەندە ئىچەي دىسە سۇ،
ئالسپ قۇيرۇغىدا قىلىپ لۇقمە بۇ.
— ئا. نىزارى.

**دەرەۋ** [درو] (پ) بۇغداي، ئارپىغا ئوخشاش دانلىق زىرائەتلەرنى ئورۇش:
قاچان ساچسە تۇفراققە بۇغداي بىرەۋ،
يوق ئىمكان كىم ئول ئارپا قىلغاي دەرەۋ.
— نەۋائى.

**دەربان** [دربان] (پ) دەرۋازىۋەن، ئىشىك ساقچىسى:
نېچۈك قىلغاي ئىشىكدىن قوغلاسە ئىتلارنى دەربانىم،
بۇ غەم بىرلەن يۈزۈم ئەكسىدىن ئولغاچ زەئفىران كاغەز.
— شەۋقى.

**دەربايىست** [دربايست] (پ) 1› مۇۋاپىق، توغرا كېلىدىغان؛ 2› كېرەك، زۆرۈر:
دەربايىست بولماق — مۇناسىپ بولماق؛ لازىم بولماق، كېرەك بولماق.

**دەر بەدەر** [دربدر] (پ) ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈش، كوچىمۇ كوچا چېپىپ يۈرۈش،
سەرگەردان؛ بەگباش:
نىگارا ئىشتىياقىڭدا زەئىفۇ ناتەۋان بولدۇم،
ھەمىشە دەربەدەر ئالەم ئارا بىخانىمان بولدۇم.
— فىراقى.

**دەربەر** [دربر] 1› ئۆز ئىچىگە ئېلىش، تەركىبىدە بولۇش، ئىچىدە بولۇش؛
2› ئىگە، ئىگە بولماق:
كىمكى ۋەسفىڭنى ئىشىتتى، ئەي پەرىزادى زەمان،
كېچەۋۇ كۈندۈز خەيالى بۇ — ئانى دەربەر قىلاي.
— قەلەندەر.
3› كنيىنمەك، ياسانماق؛ ياسىماق، بېزىمەك، زىننەتلىمەك:
شۇم رەقىب ئەيلەر جەفا ئانىڭگە دىلبەر قىلماسۇن،
جەۋر، سەركەشلىك كىتابىن مۇنچە دەربەر قىلماسۇن.
— قەلەندەر.

**دەربەست** [دربست] 1› قورشۇۋېلىنغان، توسۇقلۇق؛
ئانىڭ ئولدى تەراز ھەم دەربەست،
نەچە كىشۋەر داغى ئاڭا پەيۋەست.

— نەۋائی.

2 › هەممە، بارلىق، هەممىسى.

دەربەند [دربند] (پ) 1 › ئىشىك، دەرۋازا؛ ئىشىك ئالدى، بوسۇغا؛ تاغ ئارلىقىدىكى ئۆتۈشۈش جاي، تاغ ئاغزى:

قۇتۇلماغلىق كەمەند زۇلفىدىن كۆڭلۇمگە دۇر مۇشكىل،
نەھەك بەھرىنى بىپايان ئىدىم دەربەندى شەست ئولدۇم.

— زەلىلى.

2 › قەلئە؛ 3 › جاي نامى (خاس ئىسىم):

... ئەرز قىلدىلاركىم، قىفچاق دەربەندىغە مۇستەۋلى بولۇپتۇر،
ئول يولغە ئۈبۈر قىلىپ،... دەربەندنى ئالىپ ئابادان قىلىپ،...
ئانداق مەزبۇت قىلدى.

— نەۋائی.

قەلئە دەربەندى — قورغان دەرۋازىسى.

دەربەندلىق [دربندلیق] قامال، قورشاۋدا قالماق، مۇھاسىرە ئىچىدە قالماق؛ تۇتقۇنلۇق.

دەرپەي [درپی] ئارقىمۇ ئارقا، كەينى - كەينىدىن، توختىماي؛ توختاتتىماي:

نەچچە ئىمساك ئەتكەسەن، ئەي ساقى، مەي دەرپەي تۇتۇپ،
بىر يولى ياغۇ يىقىت يا ياز خۇمارىم جام ئىلە.

— ئەرشى.

دەرج [درج] 1 › سۆزلەش، بايان قىلىش؛ 2 › ئورالغان خەت؛ 3 › سەدەپ قۇتىچە؛ خەزىنە؛ 4 › ئاغىز، لەۋ؛ ئەزگۇ (ياخشى) سۆزلەر:

دەرج ئەتمەك — سۆزلىمەك، بايان قىلماق؛

دەرج قىلماق — 1 › «دەرج ئەتمەك» كە قاراڭ؛ 2 › سۆز، پاساھەت دۇرلىرىنى چاچماق؛

دەرجى دەقايىق — نەپىس خەزىنىلەر؛

دۇرلەر دەرج قىلماق — ياخشى سۆزلەر ئېيتماق.

دەرخاست [درخواست] (پ) ئىلتىماس، تەلەب، ئۆتۈنۈش:

غەلەت، كەمنى يارانلار سىز قىلىك راست،
ئېرۇر دەرخاست بىزدىن قويماڭىز كاست.

— خىرقەتى.

دەرخاست قىلماق — ئىلتىماس قىلماق، سورىماق؛ تەلەپ قىلماق.

دەرخەر [درخر] (پ) «دەرخۇر» غا قاراڭ.

دەرخەرد [درخرد] (پ) «دەرخۇر» غا قاراڭ.

دەرخۇر [درخور] (پ) لايىق، مۇناسىپ، ئەرزىيدىغان، يارىشا:

جام دەرخۇر ئاڭا كەئىسى خۇرشىد،

www.uyghurkitap.com

دېمە خۇرشىدكى، جامى جەمشىد.

— نەۋائى.

دەرخۇرد [درخورد] (پ) «دەرخۇر» غا قاراڭ.

دەرد [درد] 1> كېسەللىك، دەرد، ئاغرىق؛ 2> غەم، قايغۇ؛ كۈلپەت، ئازاب، مېھنەت؛ 3> ئىشق، سۆيگۈ، مۇھەببەت؛ ئاشىق؛

دەرد ئالۇد — خەستە، دەردلىك، غەملىك، دەردكە تولغان، قايغۇلۇق؛

دەرد ئەھلى — ئاشىقلار:

قىلىپ جارى مۇھەببەت ئوتىنى تىز،
ئېتىپ دەرد ئەھلى كۆزىنى گۆھەررىز.

— خىرقەتى.

دەرد پەرۋەرد — دەرد ئىچىدە ئۆسكەن، دەردكە يولۇققان، دەردلىك؛

دەرد پەيدا بولماق — تولغاق تۇتماق؛

دەرد پەيۋەند — دەردكە گىرىپتار بولغان، خاپىلىققا دۇچار بولغان؛

دەرد تۇشمەك — غەم چۈشمەك؛

دەرد جامىن تۇتماق — ئىشق دەردىنىڭ جامىنى تۇتماق؛

دەرد سالماق — دەردكە گىرىپتار قىلماق، دەرد كەلتۈرمەك، ئاغرىتماق، قىينىماق؛

دەردسىز — بىغەم، بىپەرۋا، ھېچ نەرسە بىلەن كارى يوق؟

دەرد ئېلتماق — قىينىماق، ئازابلىماق؛

دەردۇ ئافەت — دەرد ۋە ئاپەت؛

دەردۇ ئاھ — دەرد ۋە ئاھ؛

دەردۇ بەلا — دەرد ۋە بالا، بالا-قازا، بالايىئاپەت:

تا سېنىڭدەك نازەنىنغە ئاشنا قىلدى فەلەك،
مېھنەتۇ دەردۇ بەلاغە مۇبتەلا قىلدى فەلەك.

— قەلەندەر.

دەردۇ بەلا تىكەنلەرى — غەم، كۈلپەت، جازا، ئاپەت تىكەنلىرى؛

دەردۇ بەلا چاقمىنى — غەم-كۈلپەت، جاپا، ئازار چاقمىقى، چېقىنى؛

دەردۇ ئەلەم — دەرد ۋە ئەلەم، غەم-قايغۇ، ئازاب-ئوقۇبەت:

ھىجرىڭ ئوتىدىن ئاھ ئۇرۇپ شامۇ سەھەر قان يىغلابان،
دەردۇ ئەلەم بىرلە فىغان نالان قىلىپ سىزدى قاراغ.

— شەۋقى.

دەردۇ رەنج — دەرد ۋە رەنج:

قاراڭ ھالىمغە كىم ھەيرەت بىلە، ئەي ۋامىقۇ-ئۇزرا،
كۆرۈپ ئەيلەپ تەرەھھۇم دەردۇ رەنجى بىشۇمارىمغە.

— ئا. نىزارى.

دەردۇ غەم ــ دەرد ۋە غەم:

بىرەر لۇتفۇ كەرەمدىن رەھم ئېتىپ ھالىمغە باققايسەن،
لەچە دەردۇ غەمىڭدىن، ئەي مەھى تەررار، يىغلارمەن.
ــ قەلەندەر.

دەردۇ مىھنەت ــ مىھنەت ۋە ئازاب، مىھنەت ئازابى:

ئىشق ئۇلپەت چەشمەسىدىن دەردۇ مىھنەت جۇش ئېتەر،
تۇپراغى ھەسرەت بىلەن بىتكەن ھىسارى كاشغەر.
ــ گۇمنام.

دەردۇ مىھنەت تاشىغە باش ئۇرماق ــ كۆلپەتكە دۇچار بولماق، ئازاب-
ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولماق، بېشىغا غەم چۈشمەك؛
دەردۇ ئىشق ئاتەشكەدەسى ــ ئىشق مەنبەسى؛
دەردى بىخۇدلۇق ــ ھوشسىزلىق دەردى؛
دەردى بىدەرمان ــ «دەردى بىدەۋا» غا قاراڭ؛
دەردى بىدەۋا ــ ئىلاجسىز (ئامال قىلغىلى بولمايدىغان) دەرد؛ داۋالاپ
ساقايتىپ بولمايدىغان ئاغرىق؛
دەردى دىل ــ كۆڭۈل دەردى، كۆڭۈل ئىزتىرابى، غىمى، ھەسرىتى:

قات ــ قات يۈرەگىم باغلادى قان غۇنچە مەگىزلىك،
بۇ دەردى دىلىمنى گۈلى خەندانىمە ئايتىڭ.
ــ لۇتفى.

دەردى فۇرقەت ــ پىراق دەردى، ئازابى:

سەبا بۇلبۇلنى كەلتۈردى ئوشۇل ۋەقت،
ئاچىلدى دەردى فۇرقەت باغلاغان بەخت.
ــ خىرقەتى.

دەردى فىراق ــ ھىجران قايغۇسى، ئايرىلىش ئىزتىرابى، ئايرىلىق:

زەھرە يارىلۇر دەردى فىراقىڭدە كۆڭۈلدىن،
ئاھىكى چىقار ئوق كەبى يارىم كېچەلەردە.
ــ ئاتايى.

دەردى مۇفرىت ــ ھەددىدىن زىيادە دەرت، كۆلپەت؛
دەردى ناياب ــ كەم ئۇچرايدىغان دەرد، ئازاب؛
دەردى ھال ــ مۇشكۇل ھال-ئەھۋال:

دېدى: گۈل دەردى ھالىم سورمادىڭ دەپ،
تىكەن ھەم جىسمى جانىم ئۆرتەدى دەپ.
ــ خىرقەتى.

دەردى ھىجران ــ ھىجران (ئايرىلىق) دەردى، ئازابى:

ئول كۆڭۈلكىم دائىما ئىشى سىنىڭلە ۋەسل ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يالدى شەۋقىڭدىن ئەسرى دەردى ھىجران ئۇلدى، كەل.
— نەسىمي.

دەردى ئىشتىياق — سېغىنغانلىق، سېغىنىش قايغۇسى؛
دەردى ئىشق — ئىشق دەردى، ئازابى:
تاش يۈرەكى كۆرۈنۈر ئۇل شوخنىڭ قورساغ ئارا،
دەردى ئىشقى بىر تىكەندەك بار دۇرۇر تىرناغ ئارا.
— قەلەندەر.

دەردا [دردا] ئەي، ۋاي، ۋاھ! دەرىغا! ئەپسۇس:
ھەرچەند سەئيى ئەيلەپ بەزمەڭگە تاپمادىم يول،
دەرداۋۇ يۈز دەرىغا، بولدۇم ئۆزۈم ھىجابى.
— زەلىلى.

دەرداكى [درداكه] «دەردا» غا قاراڭ.

دەردكەش [دردكش] دەردلىك، دەردمەن:
جۇنۇندىن ئەقلكۆش، بەل دەردكەش ھەم،
پەرى رۇخسارە، بەل دىۋانەۋەش ھەم.
— نەۋائى.

دەردلى [دردلى] دەردلىك:
فەقەت ھالىنى كۆرگەنلەر ئېتىپ ئاھ،
ئۇچار ئەترافدا قۇشلار دەردلى ھەمراھ.
— سەيفى سەرايى.

دەردمەند [دردمند] (پ) 1) دەردلىك، غەملىك، قايغۇلۇق، مۇڭلۇق؛ كېسەل، دەردمەن:
دەردىمنى تۆكەرگە دەرد مەند يوق،
ھالىم ئۇلاشۇرگە مۇستەمەند يوق.
— موللا سالىھ.

2) ئاشىق، ئىشق دەردىگە مۇپتىلا:
ئاشىقمەن، ئۇل قىلۇر ئەغيارغە مەھبۇبلۇق،
دەردمەندمەن ۋەلې ئۇل ئۆزگەگە دەرمان بېرۇر.
— بابىر.

دەردمەندانە [دردمندانه] (پ) دەردلىك، غەملىك، قايغۇلۇق؛ دەردمەن كىشىلەردەك:
دەردمەندانە تۇشمەك — ئاشىقانە بولماق؛ غەملىك، قايغۇلۇق كۆرۈنمەك.

دەردمەند شىيۋە [دردمند شيوه] ئادەتتە كېسەلگە ئوخشاش يۈرۈيدىغان:
... مەۋلانا سەيفي ... بەغايەت دەرۋىشۋەش ۋە فانىي سىفەت
ۋە دەردمەند شىيۋە يىگىتدۇر.
— نەۋائى

دەردمەندى [دردمندى] «دەردمەند» كە قاراڭ:
چەرخ ئۆزە خۇرشىددەك بارمەن جەھان ئىچرە غەرىب،
دەردمەندى تاپمادىم قىلغاي ماڭا ھەمرازلىق.
— ئەرشى

دەردناك [دردناك] (پ) 1) دەردلىك، دەردكە، سۆيگۈگە مۇپتىلا (گىرىپتار)، قايغۇلۇق، مۇڭلۇق، غەملىك:
تۇتۇپ ماتەمنى بولۇپ دەردناك،
پىچاق بىرلە قىلسام ئۆزۈمنى ھەلاك.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئاغرىنىشلىق، خاپا:
بۇ ئىشتىن جەھان بولماسۇن دەردناك،
چۇ قايىم مەقام ئۇلدى پەيدا نى باك.
— نەۋائى.

دەردىسەر [دردسر] (پ) باش ئاغرىقى، قىيىنلىش؛ قىيىنچىلىق، تەشۋىش:
بولماسا گەر بىللە ئول شوخى پەرى پەيكەر ماڭا،
ئارتادۇر سەيرى چەمەندىن نەچچە دەردىسەر ماڭا.
— قەلەندەر.

دەرراك [دراك] (ئە) ئەقىللىق، زىرەك، ئۆتكۈر؛ سەزگۈر:
دەرراك تەبئ - زىھنى ئۆتكۈر.

دەرران [دران] (پ) يىرتقۇچى، پارچە - پارچە قىلغۇچى؛ يىرتقۇچ.
ئەجەل خەنجەرلەرى جىسمىنى دەرران،
ئۆتۇپ ئاندىن ئەجەل غەۋغاسى نەرران.
— نەۋائى.

شىرى دەرران - يىرتقۇچ شىر.

دەررە [دره] (ئە) قامچا، دەررە.

دەررەندە [درنده] (پ) يىرتقۇچ، ۋەھشى ھايۋان.

دەرز [درز] (پ) يىرىلغان جاي، يىرىق، دەز، چاك:
دەرز ئەتمەك - يارماق؛ دەز، چاك كەتكۈزمەك؛
دەرز - بەردەرز - زىچ، بىر - بىرىگە تېگىپ تۇرغان؛
دەرز قىلماق - «دەرز ئەتمەك» كە قاراڭ.

درزابان [درزابان] دەرۋازىۋەن:
دەرۋازىغا ئول يەتدى،
دەرزابان دىم ئايتدى.
— نىيازى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**دەرزىگەر** [درزی گر] قاداقچى (چىنە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى قادايدىغان ئادەم).

**دەرس** [درس] دەرس، ساۋاق؛
**دەرس تەركىن تۇتماق** — دەرس تاشلىماق، ئوقۇماسلىق؛
**دەرسى سەرد** — سوغۇققا توڭدۇرۇپ ئۆگىتىش، سوغۇقتىن دەرس بېرىش:
قىشلار ئەتفالىغە توڭدۇرماق بەسى تەئلىم ئېتىپ،
دەرسى سەرد ئەيلەرگە يوقتۇر بۇ كەبى موللا ساۋۇق.
— ئەرشى.
**دەرسى ئىشق** — سۆيگۈ دەرسى، مۇھەببەت ساۋىقى:
نى ئۈچۈن ئەھلى جەھان ئىشقدا كامىل ئولماسۇن،
كىم ئېرىلمەي دەرسى ئىشق ئەيلەرگەدۇر قابىل يىگىت.
— ئەرشى.

**دەرسگاھ** [درسگاه] (ئە + پ) دەرسخانا، مەكتەپ.

**دەرك** [درک] (ئە) پەم، ئىدراك بىلەن تېپىش، ھېس قىلىش، سېزىش، پەملەش، پەم قىلىش، چۈشىنىش، بىلىش، ئىدراك، ئەقىل:
بارچە ئىنسىيان ئەھلىگە سەندىن دۇئا، مەندىن نىجات،
رىفئەتىڭ دەركىدە ئانداغ خەير كەلدى مۇدرەكات.
— ئەرشى.
**ئەھلى دەرك** — ئىدراك ۋە پاراسەت ئىگىلىرى، پەم - پاراسەتلىك كىشىلەر، ئىدراكلىق كىشىلەر؛ دانالار؛
**دەرك ئەتمەك** — پەم - پاراسەت بىلەن تاپماق، سەزمەك، بىلمەك؛
**دەرك قىلماق** — «دەرك ئەتمەك» كە قاراڭ:
يېمەك - ئىچمەكىن ھەم قىلىپ تەرك ئول،
كى مەھۋەش ۋىسالىن قىلىپ دەرك ئول.
— ئا. نىزارى.
**دەركى مەئنى** — مەزمۇننى بىلىش، چۈشىنىش.

**دەركار** [درکار] لازىم، كېرەك، زۆرۈر:
ئەگەر بەختىڭ ئۇ ياغدۇر، ئەختەرىڭ يار،
بۇ پەردىن ئۆت، بۇ تاشنى ئەيلە دەركار.
— ناقىس.

**دەرگاھ** [درگاه] (پ) 1) ئىشىك، بوسۇغا؛ ئاستانە:
ئۆلەرمەن دەرگاھىڭدىن كەتمەگەيمەن،
بەغايەت شەرھى ھالىڭنى ئىشىتتىم.
— خىرقەتى.
2) ئوردا، پادىشاھ قەسرى، ساراي؛ 3) ئۆي، مەرتىۋىلىك كىشىلەر

تۇرىدىغان جاي؛ 4› تەڭرى ھۇزۇرى:
دەرگاھى ئالى ـ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئالى جاي؛
دەرگاھى ئەزەل ـ ئەڭ بۇرۇنقى دەرگاھ، تەڭرىنىڭ ھۇزۇرى:
قىلىپ شۇكرانە دەرگاھى ئەزەلگە،
ئۇلەشتۇردى جەۋاھىرلارنى ئەلگە.
ـــ ناقىس.

دەرگاھى كىبىرىيان ـ تەڭرىنىڭ دەرگاھى؛
دەرگاھى ھەق ـ «دەرھاھى كىبىرىيان»غا قاراڭ:
قىلىپ دەرگاھى ھەقغە شۇكرى ـ ئىھسان،
بولۇرغە ۋەئدە قىلدىم ئاندا مىھمان.
ـــ ناقىس.

دەرگەھ [دركه] (پ) «دەرگاھ» قا قاراڭ:
كېلىپ مەن دەرگەھىڭگە خىيرە چەشمىم رەۋشەن ئولغاي دەپ،
نەسىب ئولغايمىكىن شايەد كۆزۈمگە سۇرمەئى مازاغ.
ـــ شەۋقى.

دەرگەھ نىشىن [دركه نشن] (پ) 1› ساراي ئەھلى؛ 2› پادىشاھ.

دەرگىر [دركير] (پ) ئۆزىگە ئالغۇچى، قوبۇل قىلغۇچى، ئورۇنلىغۇچى:
بىلىپ بارچە كىم مەنىڭ دەرگىر ئەمەس،
رىزادىن ئۆكۈن ھىچ تەدبىر ئەمەس.
ـــ نەۋائى.

دەرمان [درمان] (پ) 1› كۈچ، قۇۋۋەت:
ناتەۋان جانىمغە جانا ئۇلفەتىڭ دەرمان ئىدى،
ماڭا ئەمدى فۇرقەتىڭدىن نې تەۋان قالدى نې تاب.
ـــ ئەرشى.

2› داۋا؛ چارە، تەدبىر، ئىلاج:
بۇ ئۆلۈم دەردىگە دەرمان تاپمايىن لۇقمان ھەكىم،
ھىيلە ئەيلەپ ھەم فىلاتۇن جانغە ھېكمەت بىر تەرەف.
ـــ شەۋقى.

دەرمان ئەتمەك ـ ئىلاج قىلماق، داۋالىماق؛
دەرمان قىلماق ـ «دەرمان ئەتمەك» كە قاراڭ.

دەرماندە [درمانده] (پ) قىيىن ئەھۋالدا قالغان، ئەھۋالى ناچارلار، بىچارە:
يار ئەمەس دەرماندە بولغان چاغ ساڭا يار ئولماسا،
كىم يىقىلغاندا تۇتۇپ ئىلكىڭ مەدەتكار ئولماسا.
ـــ زەلىلى.

دەرماندە بولماق ـ ئامالسىزلىقتىن ئارا يولدا قالماق؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەرمانده قالماق— «دەرمانده بولماق» قا قاراڭ.

**دەرمەھەل** [درمحل] (ئە + پ) ئۆز ۋاقتىدا، تېزدىن:

مەن دېدىم: «ئەي بىئەدەپ، سەن غۇنچەغە يەتكۈرمە زەئىف»،
دەرمەھەل كەلدىم ھۇشۇمغە كۆز ئاچىپ كۆردۈم رەقىب.
—موللا سالىھ.

**دەرمىيان** [درميان] (پ) ئوتتۇرىدا، ئارىدا:

ۋەقتى يەنە ئافەتى زەمانە،
كۆردى ئىكىمىزنى دەرمىيانە.
—موللا سالىھ.

**دەرھەم** [درهم] 1) چېتىشقان، چىرماشقان، بىرلىشىپ كەتكەن؛ توپلانغان؛ 2) ئوراپ ئالغان، ئورىۋالغان؛ 3) چېچىلغان، پەرىشان بولغان:

ئىشق ئېلىنىڭ ئاھىدىن ئول سەرۋ قەد خەم بولماسۇن،
غەم ئېلىدىن ئول مۇئەنبەر زۇلفى دەرھەم بولماسۇن.
— بابىر.

دەرھەم ئەتمەك— قوشماق، ئارىلاشتۇرماق؛

دەرھەم ئەيلەمەك— ئارىلاشتۇرماق؛ ئورىماق؛

دەرھەم قىلماق— «دەرھەم ئەتمەك» كە قاراڭ؛

دەرھەم ئۇرماق— توپلىماق.

**دەرۋىزە** [دروبزه] (پ) «دەريوزە» گە قاراڭ.

**دەرۋىش** [درو يش] (پ) 1) پېقىر، كەمبەغەل؛ 2) خۇدا جوي، تەسەۋۋۇپ مەسلەكلىرىدىن بىرىگە مەنسۇپ بولغان كىشى، سوپى، زاھىد، دۇنيانى تەرك قىلغان كىشى؛ 3) پاك، ساپدىل؛ 4) شەخس نامى، لەقەم.

**دەرۋىش** [درويش] (پ) «دەرۋېش» كە قاراڭ:

ئول تۈنىكىم ئىككىنچى دەرۋىش باشىدىن ئۆتكەن ۋاقىئاتىنى بىر-بىر تەقرىر قىلىپ ئىتمامىغە يەتكەندە، پادىشاھ ئازادە بەخت ئۆز قەسرىگە يانىپ كېلىپ، دەرۋىشلەرنىڭ ئول تاق ئىچىدە كۆرۈپ ئىدى، ئۇلارنى دەئۋەت قىلغالى كىشى ئىبەرگەنى......
— ئا. نىزارى

**دەرۋىشانە** [دورويشانه] (پ) 1) دەرۋىشلەرگە ئوخشاش، دەرۋىشسىمان، دەرۋىشلەرچە؛ 2) دەرۋىشلەرگە ئاتاپ تەييارلانغان ئاش.

**دەرۋىشخوي** [درو يش خوى] دەرۋىشلەرگە ئوخشاش، دەرۋىشلەرچە:

بولۇپ سەلتەنەت تەختىدە فەقر جوي،

شەھ ئۇلسە ۋەلي بولسە دەرۋىشخوي.

—نەۋائى.

**دەرۋىشدوست** [درویش دوست] كەمبەغەللەرگە شەپقەت قىلغۇچى، كەمبەغەلپەرۋەر.

**دەرۋىشۋەش** [درویش‌وش] (پ) «دەرۋىشخوي» غاقاراڭ.

**دەرى** [دردی] (پ) ‹1› جىلغا، تاغ ئارىلىقىدىكى چوڭقۇرلۇقتا ياشىغۇچى قۇش:

شەترەنجۇ بەختۇ نەردى سەئادەت سىنىڭ بىلەن،
كىم ئۇينادى ئۇتۇلدىيۇ باغلاندى شەش دەرى.
—سەيفى سەرايى.

‹2› «دەرە» گە قاراڭ:

پاسبانى بىمۇرۇۋۋەت رەشكىدىن ياندۇرماغىل،
بۇ دەرى دەرگاھىدىن دىدارى سۇلتاندۇر تەمە.
—زەلىلى.

كەبكى دەرى— تاغ كەكلىكى:

مەلىكە ئۆي ئىچدە بەئىد ئىشۋەناز،
كى كەبكى دەرىدەك بولۇپ جىلۋە ساز.
—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دەرىجە** [دریجه] «دەرىچە» گە قاراڭ:

مۇنىڭدىن ھەم ئاچاي يەتتە دەرىجە،
كىرىپ ئىستەي، تاپاي بەختىم بارىچە.
—خىرقەتى.

**دەرىچە** [دریچه] دېرىزە، كۆنگۆرە؛

دەرىچە دۇن—ئىشىك — دەېرىزە:

ئانا ئىشىككە يەتتى،
دەرىچە دۇن ئاچىلدى:

—نىيازى.

**دەرىدە** [دریده] يىرتىق، يىرتىلغان:

كىيىپ جىسمىغە بىر دەرىدە چاپان،
ساچىدۇر پەتىلە، يۈزىدۇر سامان.
—ئا. نىزارى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ www.uyghurkitap.com

دەرىغ [دريغ] (پ) 1) ئەپسۇس! ئەتتەك! نادامەت:

دەرىغ، ئول كوڭلۇم ئىچرە پارە قىلغان يارەلىغ بىلمەس،
ئۆكۈپ جانىم ئارا بارچە غەممىن ئەفكا رەلىغ بىلمەس.

—ئەرشى.

2) قىزغىنىش، ئاياش، كۆز قىيماسلىق:

...فەرزەندىم بەھا ئۇددىن ھەقدە تەربىيەت ۋە شەفقەتىنى دەرىغ تۇتماغايسەن.

—نەۋائى.

دەرىغ بولماق— ئىچىنارلىق، ئەپسۇسلىنارلىق بولماق؛
دەرىغ تارتماق— ئەپسۇس قىلماق، ئەپسۇسلانماق؛
دەرىغ تۇتماق— ئايىماق، قىزغانماق.

دەرىغا [دريغا] (پ) «دەرىغا، ھەي ئەتتەك، ئەپسۇس، ئىبست!» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئۈندەش سۆز:

دەرىغا! ھېچكىم بىلمەس ئىسە ئەفتادە ھالىمنى،
نىگارىم لۇتفۇ قەھرىدىن ئۆزۈم كۆرسەم ئەيان كاغەز.

—شەۋقى.

دەرىي [درى] (پ) «دەرى» گە قاراڭ.

دەريا [دريا] (پ) 1) دەريا؛ 2) دېڭىز:

كىرمەگەيمەن جەننەتۇل - مەئۋاغە دىلبەر بولماسا،
شىشە پۇشى تۇشمەگەي دەرياغە گۆھەر بولماسا.

—زەلىلى.

3) ئىقىن، مۇھىت؛ 4) چەكسىز، چېگراسىز؛ 5) ئەسەر، كىتاب («مەنتىقۇت - تەير» گە ئىشارە):

دۇرغە گەرچە تاپماسە ھەم دەسترەس،
يىغسە دەريا مەۋجىدىن خاشاكۇ خەس.

—نەۋائى.

6) مەنە دەرياسى، ئىلىم:

قەلەندەر سەيرىنى ۋەقتى سەپەردە كىمكى مەنئ ئەيلەر،
ئىرۇر زەنجىر ئىلە باشدىن ئاياغ دەرياىى يىغماغلىق.

—زەلىلى.

7) بەھرە ئىلىش، ساياھەت قىلىش:

دەريا ئاتا— ئالىي ھىممەت، ناھايىتى ھىممەتلىك، مۇرۇۋۋەتلىك؛
دەرياىي ئەففەت— ئايەت كەلتۈرگۈچى دەريا؛

دەريايى ئەبرار– 1) ياخشىلار دەرياسى؛ 2) خسرەۋ دىھلەۋىي قەسىدىسىنىڭ نامى؛

دەريايى ئەئزەم – ئۇلۇغ دەريا، كاتتا دەريا:

ئىبرۇر ئۇل دىۋە – دۇشمەن خەسمى مەلئۇن،
ئىبرۇر دەريايى ئەئزەم – خىزرى مەيمۇن.
—ناقىس.

دەريايى جەيھۇن– جەيھۇن دەرياسى (ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى):

ۋەسل باغىدا نىگارىم ئەيلەگەچ كۆپ ئىلتىفات،
سۆزنى جۇشى كۆڭلۇمە دەريايى جەيھۇندۇر بۇ گۇن.
—قەلەندەر.

دەريايى خۇنخار – قان ئىچكۈچى دەريا، قانخور دەريا؛

ئىبرۇر ھەر بۇرجىدا دەريايى خۇنخار،
داغى ھەر ياندا تاغى چەرخى دىۋار.
—ناقىس.

دەريايى رەھمەت – رەھىم – شەپقەت دەرياسى، رەھمەت دەرياسى؛

شەفائەت بىرلە ھەق دەريايى رەھمەتدىن ئۇمىد ئەتسەڭ،
تەكەببۇر قىلماغىل شەۋقى ئۇزۇڭنى ئەيلەگىل مەئجۇز.
—شەۋقى.

دەريا زەمىر– كەڭ بىلىم دولقۇنىغا ئىگە بولغان كۆڭۇل؛ كۆڭلى كەڭ؛ بىلىملىك:

مۇئەللىم ئىدى ئانچە دەريا زەمىر،
ئانىڭدىن بۇ شەھزادە ئەئلا زەمىر.
—ئا. نىزارى.

دەريايى ساھىل – دەريانىڭ قىرغىغى، ساھىلى،

خۇدايا يەتكۇزۇپ ئۇل مەغفىرەت دەريايى ساھىلغە،
بىھەققى ھۆرمەتى «تاھا» گۇنەھدىن ئەيلەگەيسەن پاك.
—شەۋقى.

دەريايى شاھى– شاھلىق دەرياسى:

بىلىپ ئۇل خەستە ھالاتىن كەماھى،
كى بار ئىبرمىش دۇرى دەريايى شاھى.
—نەۋائى.

دەريايى شەۋق– دەريا ۋە دېڭىزغا ئوخشاش جۇش ئۇرۇپ دولقۇنلىنىپ تۇرغان زوق ۋە ئىستەك؛

www.uyghurkitap.com



دەريايى ئۇممان– ئۇممان دېڭىزى، ئوكيان:

تۆكۈپ ياشنى قەيس باران كەبى،
نە بارانكى، دەريايى ئۇممان كەبى.

—ئا. نىزارى.

دەريايى ئىلىم– بىلىم ئېقىمى، ئىلىم دەرياسى؛
غەرىقى دەريايى رەھمەت قىلماق– رەھمەت دەرياسىغا پاتماق؛ كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق.

**دەريا بار** [دريابار] (پ) دەريالار، دېڭىزلار؛ كاتتا دېڭىز، ئوكيان.

**دەريا جەناب** [دريا جناب] كەڭ، پايانسىز دەرگاھ:

سۆز ئاندىن سۇرۇپ شاھى دەريا جەناب،
بېرىپ بۇيلە سۇقراتى دانا جەۋاب.

—نەۋائى.

**دەريادىل** [دريادل] (پ) ‹1› دىلى دەريا، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ؛ ‹2› زور ئالىم، يېتۈك ئالىم.

**دەريا زەدە** [دريازده] (پ) دەريا پالاكىتىگە ئۇچرىغان؛ كونىرىغان، ئىشتىن چىققان.

**دەريا ستىز** [دريا ستيز] (پ) دەريادەك قەھرلىك.

**دەريا شۇكۇھ** [درياشكوه] زىيادە، ھېسابسىز شان - شەۋكەتلىك:

بۇ ئايىن بىلە شاھى دەريا شۇكۇھ،
يۈرۈپ قىلدى دەريانى يۈكدىن سۇنۇھ.

—نەۋائى.

**دەريا كەش** [درياكش] (پ) ‹1› كېمىچى، قېيىقچى؛ ‹2› كۆپ ئىچكۈچى.

**دەريا گەرد** [درياكرد] (پ) دەريادا يۈرگۈچى، غەۋۋاس.

**دەريا مايە** [درمامايه] (پ) سەرمايىسى دەريا كەبى كۆپ، ھېسابسىز باي.

**دەريا نەۋال** [دريانوال] (پ) ‹1› دۆلەت ئىگىسى، دۆلەتلىك كىشى:

يانە قەتلە دارائى دەريا نەۋال،
دېدى: ئەي ھەكىمى مەسىھا مىسال.

—نەۋائى.

‹2› ھېسابسىز سېخى، زور ھىممەتلىك، خەير - ئېھسانى دەريا كەبى كەڭ.

**دەريا نەۋەرد** [دريانورد] دېڭىز ساياھەتچىسى.

**دەريا ۋەش** [دريا وش] دەريا كەبى، دەريادەك.

**دەريە** [دريه] (پ) «دەريا» غا قاراڭ:

ئۇشۇل ۋەقت مەھزۇن دېدى: «ئەي ئاتا،

سالاي تورنى مەن دەريەغە بىخەتا.
—ئا. نىزارى.

**دەريوزە** [دريوزه] (پ) 1) گادايلىق، تىلەمچىلىك؛ 2) گاداي، تىلەمچى، پېقىر؛ 3) دەرۋىش؛ 4) خاھىش، ئىستەك:
دەريوزە ئەتمەك — تىلەنمەك، تىلەمچىلىك قىلماق؛ ئىستىمەك؛
دەريوزە قىلماق — «دەريوزە ئەتمەك» كە قاراڭ.

**دەريوزە نەماي** [دريوزه‌نماى] (پ) تىلەمچى، گاداي چىراي، گادايغا ئوخشاپ قالغان.

**دەرموزە** [درموزه] (پ) «دەريوزە» گە قاراڭ.

**دەژەم** [دژم] (پ) «دىژەم» گە قاراڭ.

**دەژەمۋار** [دژم‌وار] (پ) «دىژەمۋار» غا قاراڭ.

**دەساتىن** [دساتين] [بىرلىكى: داستان] داستانلار؛ قوشاق، نەغمىلەر، «داستان» غا قاراڭ:
دەساتىنى خاتىر نەۋاز — يېقىملىق داستانلار.

**دەست** [دست] (پ) 1) قول:
شۇجائەت بابىدا بولساڭ تەھەمتەن،
بولۇبان زىرى دەستىڭ دىۋ ئەسۋەد.
—ئەرشى.

2) ھۆكۈم، پەرمان:
سۆيۈپ ھەم يەنە شاھنىڭ دەستىنى،
ئوقۇپ ئىردىم ئەۋۋەل ئىگىز - پەستىنى.
—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) كەررە، مەرتەم، نۆۋەت:
ماڭا تەشنە ئانچە بىرىپ ئىردى دەست،
سۇمۇردۇم ھەرارەت ئىشى بولدى پەست.
—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

چابۇك دەست — چاققان، چىۋەر؛
چىپرە دەست — باتۇر؛ پالۋان؛
دەست ئەندازلى — 1) قول ئۇزىتىش؛ 2) بىمالال سۆزلەش؛
دەست بەدەست — قولمۇ قول؛ ھەمدەم، ھەمراھ؛
دەست بەرمەك — 1) ھاسىل بولماق، پەيدا بولماق؛ مۇيەسسەر بولماق؛ ئىرىشمەك؛ ئىش ئوڭدىن كەلمەك:
ئەيمەنىپ ھاسىد تىلىندىن دەست بەرمەس چۈن سەلام،
كۆز ئۇچى بىرلە يىراقتىن مەرھەبا بولسۇن ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



—لۇتفى.

2> ئىمكان، ئىلاج، مۇمكانىيەت:
جەۋاب كۆتدى بولۇپ ئۇ ئىشق ئارا مەست،
ۋەلى تەقدىر كۆلۈپ تېز بەرمەدى دەست.
—سەيفى سەرايى.

دەست تاپماق— 1> قولغا چۈشۈرمەك؛ قولغا چۈشمەك، ئەسىر ئېلىنماق؛ 2> زەپەر، غەلبە قىلماق؛ ئۈستۈن بولماق؛ غالىب كەلمەك؛

چابۇك دەست — قولى ئىتتىك، چاققان، قولى ئەپلىك:
ئىدىمەن شوخ، چابۇك دەستۇ تەنناز،
سەبا رەفتارى گۆلگۈن ئەيلەدىم تاز.
—ناقىس.

دەستى بەيئەت— تەۋە بولماق، تەۋەلىككە ئۆتمەك:
زىيارەت قىلىپ دەستى بەيئەت بېرىپ،
قىلىپ هال پۇرسىش، نەسىھەت قىلىپ.
—موللا شاكىر.

دەستى تەقدىر — تەقدىر قولى، تەقدىر قىسمىتى:
گەھى قىلدى فەلەك جەۋرىنى تەقدىر،
گەھى ئەتتى بەهانە دەستى تەقدىر.
—لۇتفى.

دەستى كۆتاھ — قولى قىسقا:
خۇش ياراشۇر سەرۋەدەك قەددى ئۆزە سىيم ئالماسى،
ئاهكىم، يەتمەس ئاڭا بۇ دەستى كۆتاھىم مېنىڭ.
—لۇتفى.

**دەستار** [دستار] (پ) سەللە:
ئەي خىرەدمەندلەر، سۆزۈمگە فەهم — ئىدراك ئەيلەلىڭ،
باشىڭغە كۆك دەستار كىيىپ فەريادۇ ئەفغان ئەيلەبان.
—موللا سالىھ.

ئاشۇفتە دەستار— سەللىسى چۇۋۇلغان.

**دەستارخان** [دستارخوان] (پ) داستىخان؛ سۇپرا.

**دەستاس** [دستاس] (پ) قول تۈگمىنى، يارغۇنچاق:
دەستاسى گەردۇن— ئاسمان تۈگمىنى، پەلەك گەردىشى؛
سۇهاۋەش دانەسىن دەستاسى گەردۇن،
مېنى يىل دەۋر ئەتسە بولماي تارتماق ئۈن.
—نەۋائى.

**دەست ئاەۇز** [دست آموز] (پ) قولغا ئۆگىتىلگەن، رام قىلىنغان.

**دەستان** [دستان] (پ) 1› داستان، قىسسە، ھېكايە؛ 2› مىكىر، ھىيلە؛ 3› كۈيلەش؛ سايراش، ناۋا، نەغمە؛ 4› پالۋان (رۇستەمنىڭ لەقىمى):
كۆپرەك تەۋارىخدە رۇستەمى دەستاننى ئانىڭ نەسلىدىن دەپتۇرلەر.
— نەۋائى.

**دەستان سەرا** [دستان سرا] (پ) «دەستان سەراي» غا قاراڭ.

**دەستان سەراي** [دستان سراى] (پ) داستان ئوقۇغۇچى، داستان ئېيتقۇچى، كۈيلىگۈچى.

**دەست ئاۋىز** [دست آويز] (پ) تۆھپە، ھەدىيە، سوۋغا.

**دەستە** [دسته] (پ) 1› تۇتقۇچ، دەستە، ساپ؛ 2› بىر تۇتام، بىر توپ، بىر دەستە (گۈل):

قىلىپ گۈلنى يىگىتلەر بەستە - بەستە،
يېبەرۇر مەئشۇقىغە دەستە - دەستە.
—خىرقەتى.

3› مەسخىرە:

جىلۋەگەر ئول كۆزگۈدە جان سۈرەتى،
دەستە بولۇپ ئاڭا ئارىغ ھەيئەتى.
—نەۋائى.

سىيەگۈن دەستە— كۈمۈش ساپلىق؛ كۈمۈش دەستە.

**دەستئەفشان** [دست افشان] (پ) قول سىلكىش، ۋاز كېچىش.

**دەست پېچ** [دست پيچ] (پ) 1› قولغا ئوراش، يۆگەش؛ 2› سەۋەب، ۋاستە؛ «دەست ئاۋىز» غا قاراڭ.

**دەستبوس** [دست بوس] (پ) قول تۇتۇشۇش.
دەسبوس قىلماق— قول تۇتۇشماق.

**دەستبۇرد** [دست برد] (پ) 1› تۇساتتىن ھۇجۇم قىلىش؛ كۈچۋە قۇۋۋەت كۆر- سىتىش؛ ئېلىشىش؛ 2› غەلىبە؛ ئۈستۈنلۈك؛ 3› كۈچ، قۇدرەت؛
دەستبۇرد ئاشكار ئەيلەمەك - تۇساتتىن ھەمەل (ھۇجۇم) قىلماق.

**دەسترەس** [دست رس] (پ) ‹1› قولى يېتىش، ئىمكانىيەت پەيدا قىلىش؛ ‹2› ئىمكانىيەت، پۇرسەت؛ ‹3› قۇدرەت، ئىقتىدار، كۈچ، قۇۋۋەت:
دەسترەس تاپماق— ئىمكان تاپماق؛ يېتىشمەك، ئېرىشمەك؛
دەسترەسى يوق— ئىمكانى يوق، يېتىشىش مۇمكىن بولمىغان، قولى

www.uyghurkitap.com



قىسقىلىق.

**دەست رەنج** [دست رنج] (پ) 1) قول ئەمگىكى، قول ئىشى؛ 2) مۇشەققەت.

**دەستكار** [دستكار] (پ) 1) سەنئەت؛ ھۈنەر؛ سەنئەتكار، ئۇستا؛ 2) قولدا ئىشلەنگەن؛ ئويمىكارلىق؛ 3) ياردەمچى، مەدەتكار.

**دەستگاھ** [دستگاه] (پ) 1) ئەسۋاب، ئەسۋاب-ئۈسكىنە، ياراق؛
2) بايلىق، دۆلەت، قۇدرەت ۋە ئىمكانىيەت؛ ئىقتىدار:

ھەقايىق پەناھ، مەئرىفەت دەستگاھ،
دەقايىق دىسارۇ مەئارىق پەناھ.
—ئا. نىزارى.

3) ئەمەل، مەرتىۋە:

دەستگاھىن بەلەندراق قىلدى،
قاشىدە ئەرجۇمەندراق قىلدى.
—نەۋائى.

4) ۋەج، سەۋەب.

بۇ دەئۋى دەستگاھىن بىر زەمان يىغ،
چۇ دەئۋى ئىچرە مەئنى يوق، نې ئاسىغ؟
—نەۋائى.

**دەستگىر** [دستگير] (پ) 1) ياردەمچى، قوللىغۇچى، يول كۆرسەتكۈچى، مەدەتكار:

ئانىڭ ئاتاسىدۇر ئاتامغە ۋەزىر،
يامان - ياخشى ئىشىدا ئىدى دەستگىر.
—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) قولغا ئېلىش، قولغا چۈشۈرۈش؛ قولغا چۈشمەك، ئەسىر ئېلىنماق:

دەستگىر بولماق— 1) مەدەت بەرمەك، ياردەم بەرمەك:

كۆكۈل ئارەزىن ئەيلە بەدرى مۇنىر،
نەۋا يەتكۈرۈپ بىزگە بول دەستگىر.
—ئا. نىزارى.

2) ئەسىر بولماق، ئەسىر ئېلىنماق، قولغا چۈشمەك:

سېزدىپ ئېردىكى ئۇل غۇربەت ئەسىرى،
ھەمانا بولدى دۈشمەن دەستگىرى.
—نەۋائى.

دەستگىر قىلماق— قولغا چۈشۈرمەك، ئەسىر ئالماق:

دېدى: «كىرمەسۇن قاشىمە ئۇل ۋەزىر،

قىلالماس جەھاندا مېنى دەستگىر.»

—نىزارى.

**دەستمايە** [دستمايه] سەرمايە، دەسمايە، نەق پۇل:

ئىدى دەستمايە سەراسەر ئاڭا،

يىگىرمە سەكىز تۇمەن مىڭ زەر ئاڭا.

—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دەستمۇزد** [دستمزد] ئىش ھەققى، مائاش:

ئانىڭ چۇن رىشتەئى ئۇمرىنى ئۇزدۇڭ،

ئىرۇر بۇ گەنجى مەخفىي دەستمۇزدۇڭ.

—نەۋائى.

**دەستۇ پا** [دست و پا] (پ) قول ۋە ئاياغ؛

دەستۇپا ئۇرماق– تەلپۈنمەك،ھەرىكەت قىلماق، تىرىشماق، ئىنتىلمەك.

**دەستۇر** [ دستور] (پ) 1 › بۇيرۇق، پەرمايىش؛ ئىجازەت، رۇخسەت:

نە بائىسدىن بولۇپدۇر سىزگە دەستۇر،

داغى ئول ھۇر كىمدۇر، كىمگە مەقسۇر.

—ناقىس.

2 › رەسىم، ئادەت؛ قائىدە، يۇسۇن، تەرتىپ:

قەدەم دەستۇرى بىرلە ئول كالانى،

كالا ئىرمەس، جەھانغە ماجەرانى.

—ناقىس.

3 › كۆرگەزمە؛ نەمۇنە، قوللانما؛

دەستۇر تاپماق– ئىمكانىيەت تاپماق؛ ئىجازەت ئالماق؛

دەستۇرۇل - ئەمەل– ئىش - ھەركەتنىڭ دەستۇرى، قائىدىسى:

شاھى راھى شەرئىنى تا ئۆلگۈچە تەرك ئەتمەگىل،

قەۋلى پەيغەمبەردۇرۇر ئۇممەتكە دەستۇرۇل - ئەمەل.

—زەلىلى.

**دەستۇرخان** [دستورخوان] «دەستارخان»غا قاراڭ:

...ئەلۋان - ئەلۋان تەئاملارنى تارتىپ دەستۇرخاننى يىغىپ بولغاندا بابىر شاھ مۇسىقىغە ئىشارەت قىلىپ ئىردىلار، بۇ ئەزىز تەنبۇرىنى قوللارىغە ئالىپ، «چۆل ئىراق» مۇقامىغە نەۋازىشغە كەلتۇردى.

—مۆجىزى.

**دەستيار** [دستيار] (پ) ياردەمچى، ھىمايىچى، كۆمەكچى.

**دەشت** [دشت] (پ) 1 ›چۆل، سەھرا، باياۋان:

كىزىپ دەشتلەرنى شىكار ئەيلەدى،

شىكارىكى ئانداغ شىئار ئەيلەدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) جاي نامى:

بىر پەنجشەنبە كۈنى ئۇل ھەزرەت خىزمەتلەرىدە گازۇرگاھدىن دەشت يۈزى بىلە خىيابان سارى باردلەدۇر ئېردى.

—نەۋائى.

دەشت بەھايىمى— ياۋايى ھايۋان؛

دەشت تۇتماق— دەشت، سەھرا، باياۋاندا تۇرماق؛

دەشت قەتئى— دەشت كېزىش؛

دەشتنى سىپېھر مەزرەسىدەك كۆكەرتىرمەك — بېيىماق، باي بولماق، مال — دۇنياسى زىيادە كۆپەيمەك؛

دەشتۇ جىبال — سەھرا ۋە تاغ، تاغۇ دەشت:

كى باردۇر ماڭا ئانچە مالۇ مەئال،

چۇ يايلاق ماڭا ئۇشبۇ دەشتۇ جىبال.

—ئا. نىزارى.

دەشتى بەيابان—چۆل — باياۋان:

سەبا نەغمە قىلىپ، بۇلبۇل غەزەلخان،

ئۆتكەۋلەن تەي قىلىپ دەشتى بەيابان؛

—خىرقەتى.

دەشتى سەھرا—دەشت ۋە سەھرا، باياۋان:

تا جەمالىڭ كەئبەسىدىن ئارزۇ ئەتكەن كىشى،

دەشتى سەھرالارنى قەتئ ئەيلەپ فەنا بولدى دەرىغ.

—شەۋقى.

دەشتى غەم—غەم —ئەلەم چۆلى، سەھراسى:

بۇ يەردىن قۇدرەتى يەتكۈنچە كەتتى،

كېزىپ بۇ دەشتى غەم بىر يەرگە يەتتى.

—خىرقەتى.

دەشتى كەربەلا—ئىراقتا بىر جاينىڭ نامى:

كۆڭۈل ئەھلىنى ھەرگىز سالماغىل فۇرقەت ئارا، يا رەب،

شەھىدى ئىشقىغە ئۇل نەۋئى دەشتى كەربەلا يوقتۇر.

—ئەرشى.

دەشتى مەلاھەت— ئىنتايىن جەزىبىلىك، كۆڭۈل تارتىدىغان جاي؛

دەشتى مىنۇ سىرىشت— گۈللەنگەن سەھرا؛

دەشتى نەبەرد— ئۇرۇش مەيدانى:

نەسىمىيۇغابىر سارى سۇردى گەرد،

كۆرۈندى خەلايىققە دەشتى نەبەرد.
—نەۋائى.
دەشتى ھامۇن – «دەشتى سەھرا» غا قاراڭ:
كېزىپ فەرھاد يەڭلىغ دەشتى ھامۇن،
ۋەزىرى ئېردى ئاقىل ئاندا مەجنۇن.
—ناقىس.
دەشتى ھەجران–جۇدالىق دەشتى، ھىجران ئازابى:
ئىشق تۇغيان ئەيلەبان بىچارەنى زار ئەيلەدى،
دەشتى ھىجران ئىچرە قىلدى بىزنى ھەريان بۇ كېچە.
—ئا. نىزارى.
فەنا دەشتى – يوتلۇق باياۋىنىنى، يوقلىش چۆلى، ئۆلۈم:
فەنا دەشتىغە يۈز كەلتۈر بەقا ھاسىل ئۇمىد بىرلەن،
بارۇرسەن تاڭلا مەھشەر ئىززۇ نازۇ ئىفتىخار ئەيلەپ.
—شەۋقى.

دەشتبان [دشت بان] (پ) قورۇقچى، نازارەتچى.
دەشت پەيما [دشت پيماى] (پ) دەشت كەزگۈچى، سەھرادا يۈرگۈچى.
دەشت بەيماي [دشت پيماى] (پ) «دەشت پەيما» غا قاراڭ.
دەشترەۋ [دشت رو] (پ) «دەشت پەيما»-غا قاراڭ.
دەشتنەۋەرد [دشت نورد] (پ) چۆل، سەھرا، باياۋان كەزگۈچى، دەشت ئايلانغۇچى؛ دەشتتە قالغان:
كۆردى شەھكىم سپاھى دەشتنەۋەرد،
پاتتى ئانداقكى يوق ئالازدىن گەرد.
—نەۋائى.

دەشنام [دشنام] (پ) سۆكۈش، قاغاش؛ ئەيىبىنى ئېيتىپ ئۇيالدۇرۇش؛ ھاقارەت:
خۇش ئېرۇر نارىنىدەك چۇنكىم ئاپىپ ئاچچىغ - چۇچۇك،
لۇتفى بىرلە سورسا گەر ھالىمنى ھەم دەشنام ئىلە.
—ئەرشى.
دەشنام ئەتمەك– سۆكمەك، قارغىماق؛ ئۇيالدۇرماق؛
دەشنام ئەيلەمەك– «دەشنام ئەتمەك» كە قاراڭ.

دەشنە [دشنه] (پ) خەنجەر، ئۇچى ئۆتكۈر پىچاق:
قىلاي دەشنەئى بىرلە باغرىنى چاك،
ۋە گەرنە ئۆزۈمنى قىلايىن ھەلاك.
—ئا. نىزارى، ن زىيائى.
دەشنەئى خۇنرېز– قان تۆككۈچى خەنجەر؛

دەشنە يېمەك— خەنجەر يېمەك؛ جاراھەتلەنمەك.

**دەغا** [دغا] (پ) ئالدام، ھىيلە، مىكىر؛ ھەييارلىق، ھىيلىگەرلىك؛

ئىسيان ئارا قالغان ئىبتىلانىمۇ دەيىن؟

مەئمۇر ئەتكەن نەفسى دەغانىمۇ دەيىن؟

—نەۋائى.

**دەغاباز** [دغاباز] (پ) ھىيلىگەر، ئالدامچى.

**دەغەل** [دغل] (ئە) مەككار، ھىيلىگەر، ئالدامچى؛ قىلتاقچى؛ قوپال، نائەھلى:

مەئرىفەتدۇر خالىس ئالتۇن تەمغەسى فەزلۇ ھۇنەر،

ئالتىنى تانى دەغەلدىن، ئارى دىنار ئىستەمە.

—نەسىمى.

**دەغەلۋەش** [دغل وش] (ئە+پ) 1› مەككارسىمان، ھىيلىگەرگە ئوخشىغان، ھىيلىگەردەك؛ 2› قوپال، نا ئەھلى.

**دەغدەغە** [دغدغە] (پ) 1› قورقۇنچ، ۋەھىمە، دەھشەت؛ ‹2› تىنچسىزلىق، تەشۋىش؛ پەرىشانلىق؛ 3› دەۋا:

بۇ دەغدەغەدىن كەنارە ئىستە،

ھەم فىكر ئىلە بولسە چارە ئىستە.

—نەۋائى.

4› شەۋكەت، ئۇلۇغۋارلىق؛ 5› مايىللىق، خاھىش، ئىستەك، ئارزۇ.

**دەغى** [دغى] «داغى» گە قاراڭ:

گەردىش رۇزكاردىن تۇلكىنى دەي قىين ئاتا،

تار زەماندىن دەغى خۇرۇس ئىلە خۇكنى ئەمەك.

—زەلىلى.

**دەف** [دف] (پ) داپ:

كى تەنبۇرۇ چەڭگۇ دەفۇ ئەرغەنۇن،

چالىپ جەمئى ئاندا كۆپ ئەھلى فۇنۇن.

—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دەفاتىر** [دفاتر] (پ) «دەفتەر» گە قاراڭ:

كىلىپ كۆڭلىمە مەجنۇن، لەيلى يادى،

دەفاتىر ئۈستىنە سۆز سىلى ياغدى.

—سەيفى سەرايى.

**دەفائىن** [دفاين] (ئە) «دەفايىن» غا قاراڭ.

**دەفايىن** [دفاين] (ئە) [بىرلىكى: دەفىنە] كۆمۈلگەن بايلىقلار، خەزىنىلەر،

كۆمۈكلۈك نەرسلەر، مال ـ دۇنيالار:

قىلىپ راست ئانچە دەفايىن شەرەف،

سەفەر ئەزم قىلدىم بۇخارا تەرەف.

—ئا. نىزارى، ن زىيائى.

**دەفئە** [دفعه] (ئە)[كۆپلۈكى: دەفائەت] مەرتەم، كەررە، قايتا، قېتىم نۆۋەت:

...خاجە ئىستەپ بارىپ، ئۆزى ئالىپ بارغان مەتائلارىنى

تافسۇرۇپ، شەھەرگە ياقىن كەلگەنىدە ئۆز ئىلگەرى ئۆيگە كېلىپ ئۇلار

ئەمۋالىنى قاراقچىلار ئالىپ، ئىككىنچى دەفئە سەفەر ئىختىيار ئەتكەنى.

—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەفئە ـ دەفئە— قايتا ـ قايتا، مەرتەم ـ مەرتەم.

**دەفەئات** [دفعات] (ئە) قايتا ـ قايتا؛ «دەفئە» گە قارالى.

**دەفئەتەن** [دفعتاً] 1 › تۇيۇقسىز، كۇتۇلمىگەندە، بىراقلا:

ئىبەردى دەفئەتەن ئىككى ۋەزىرنى،

ئالىپ كەلمەك ئۈچۈن ئول بىنەزىرنى.

—ناقىس.

2 › قايتا، قايتىدىن، قايتىلاپ:

كىرەلمەي دەفئەتەن ئارام ئالدى،

يىراقدىن كۆزىنى ھەۋلىغە سالدى.

—ناقىس.

**دەفەك** [دفك] (پ) «دەف» كە قارالى.

**دەفتەر** [دفتر] (پ) [كۆپلۈكى: دەفاتىر] 1 › دەپتەر، تىكىلگەن (تۆپلەنگەن) قەغەزلەر:

نە تالىئىدۇر ماڭاكىم ئەختەرى بەختىم تاپىلمايدۇر،

فەلەك ئەۋراقىنى ھەر نىچەكىم دەفتەردەك ئاختاردىم.

—بابىر.

‹ 2 › كىتاب:

شەۋكەتى ھۇسنۇڭ بىلە شەئنى جۇنۇنۇمغە باقىپ،

دەفتەرى پەرھادۇ شىرىن پارەئى ئەفسانەدۇر.

—ئەرشى.

‹ 3 › داستان:

شەرھ ئەگەر قىلسام جەمالىڭ دەفتەرىدىن بىر ۋەرەق،

ھەر سۆزى مىڭ فەسل ئولۇر، ھەر فەسلى نەچچە بابلەر.

uyghurkitap.com



—نەسىمى.

4) شېئىر توپلىمى؛ 5) ھېساب كىتاب ـ توپلىمى؛

تىلەپ دەفتەر ئۇل شاھ دىۋانىدىن،
كى مەخزەن ئېدى جەمئ فەرمانىدىن.

—نەۋائى.

6) ئۇسلۇب، قائىدە ـ قانۇن كىتابى؛ 7) دۇنيا، ئالەم؛

دەفتەرى ساۋۇس ـ مۇئامىلە قائىدە ـ قانۇنى؛

دەفتەرى ھەجر ـ ئايرىلىق، جۇدالىق، پىراق ھەققىدە قىسسە، ھىجرانلىق داستانى؛

دەفتەرى ھۇسن ـ گۈزەللىك مەجمۇئى، چىراي، بەت:

تاشنى كۆردۈمەن، ئەي گۈلچەھرەئى نا مېھرىبان،
جەننەتۇ باغى ئىرەمدەك بولدى كۆزۈمگە جەھان،
دەفتەرى ھۇسنۇڭنى قىلدىم نەچچە تۇرلۇك داستان.

—قەلەندەر.

**دەفن** [دفن] (ئە) يەرگەر كۆمۈش، دەپنە قىلىش؛ يوقىتىش؛ قۇتۇلۇش:

چۇ دەفن ئەتكەلى يەرنى چاك ئەيلەدى،
لەھەد ھۆكمىدە بىر مەغاك ئەيلەدى.

—نىزارى.

**دەفن ئەتمەك** ـ (يەرگە) كۆممەك، يەرلىككە (گۆرگە) قويماق؛

**دەفن ئەيلەمەك** ـ «دەفن ئەتمەك» كە قاراڭ؛ **دەفن قىلماق** ـ 1) «دەفن ئەتمەك» كە قاراڭ؛ 2) خەزىنە، بايلىق، مال ـ دۇنيانى يوشۇرماق، كۆممەك.

**دەفئ** [دفع] (ئە) قايتۇرۇش، يىراقلاشتۇرۇش، ھەيدەش، رەت قىلىش، كەتكۈزۈش يوقىتىش:

يۈزلەنىپ ئەمنۇ فەراغەت غۇسسەۋۇ غەم بولدى دەفئ،
ئەيشۇ ئىشرەت قىلدىيۇ رەنجۇ مۇشەققەت قالمادى.

—بابىر.

**دەفئ ئەتمەك** ـ 1) ئادا قىلماق؛ ساقىت قىلماق؛ 2) «دەفئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

نەچەكىم خەستە جاندۇرمەن مەيى لەئلىڭگە، ئەي ساقى،
تەبەسسۇم جامىنى پۇر ئەيلەگىل، دەفئ ئەت خۇمارىمنى.

—ئەرشى.

**دەفئ ئەيلەمەك** ـ قايتۇرماق، رەت قىلماق؛ يوقاتماق، كەتكۈزمەك:

بەندە ئاجىزغە قەزادىن گور ئەزابى يەتسەلەر،
رەھم ئېتىپ دەفئ ئەيلەگەن سۇلتانى غەففاردىغە ئەرز.
—شەۋقى.

دەفئ قىلماق — 1) «دەفئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
2) ئۆزىنى ساقلاپ قالماق، ئۆزىنى قوغدىماق، قوغدانماق:
ئېزەنگۇ قامچىلاپ دەفئ قىلدى بەھرام،
ئايتتىكىم: «سەن ئەي سەردارى ئەييام...
—لۇتفى.

دەفئى ئازار ئەيلەمەك — ئازارنى يوقاتماق، كەتكۈزمەك؛
دەفئى ئەتەش — تەشنالىقنى يوق قىلىش؛
دەفئى بولماق — يوقالماق، ساقىت بولماق:
دېدى: بولدى بېشەك رەۋا ھاجەتىم،
بەھەمدىللاھ، دەفئ بولۇپ ئافەتىم.
—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەفئى جۇنۇن — جۇنۇنلۇقنى قايتۇرۇش، تەلۋىلىكتىن شىپا تېپىش؛
دەفئى خۇمار — خۇمارنى قايتۇرۇش، تەشنالىقنى قاندۇرۇش؛ مەستلىكتىن يېشىلىش:
زىھىكىم ئەنبەر ئەفشان كاكۇلۇڭ دەفئى خۇمار ئەيلەپ،
خەياللىڭ خىلۋەتىدە رۇزى - شەب ۋەقتىمنى قىلمىش چاغ.
—شەۋقى.

دەفئى زەرەر ئەيلەمەك — زىياننى قايتۇرماق، زىياندىن قۇتۇلماق؛
دەفئى سەۋدا — سەۋدايىلىقنى داۋالاش، ساراڭلىقنى يوقىتىش:
دەفئى سەۋدايىمغا يازغىل بىر شىپانىڭ نۇسخەسىن،
كىم خىرەد بۇقراتى كۆڭلۈمنى قارا بادىن ئاتار.
—تەجەللى.

دەفئى غەم — غەم - ئەلەمنى يوقىتىش، قۇتۇلۇش:
ئەمدى مەدھۇش بولدى دەپ قىلما خىيال ئەي ساقىيا،
دەفئى غەم ئەيلەپ ماڭا سەن بادەنى ئېنئامە تۇت.
—موللا بىلال.

دەفئى فىراق — ئايرىلىش ئازابىدىن قۇتۇلماق، ۋىسال تاپماق
زەنجىر دېمەڭ، ئىلكىدىكى دىلبەرنىڭ،
كىم دەفئى فىراقىغە تۇمارىم كېلەدۇر.
—گۇمنام.

www.uyghurkitap.com



دەفئى مەلال ـ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلماق، قۇتقۇزماق؛

زەمانىكى ئول شەھغە كەچمىش خەيال،

قىلۇر نەزم ئەلفازى دەفئى مەلال.

ــئا. نىزارى.

دەفئى مەلامەت ـ تەنە ۋە نۇقسانلارنى يوقىتىش؛

دەفئى ئولماق ـ كەتمەك، قايتماق، يوقالماق.

**دەفىنە** [دفينه] (ئە) [كۆپلۈكى: دەفايىن] 1 › بايلىق، خەزىنە، مال ـ دۇنيا؛ كۆمۈلگەن نەرسە؛ 2 › مەنىلەر خەزىنىسى؛ «دەفايىن»غا قاراڭ:

سەفىنە دىمەيكى، خەزىنەدۇر، ھەر بەيىتى بىر ئۆي مەئانى

گەۋھەرلەرىدىن ئاندا [دىۋاندا] يۈز دەفىنە.

ــنەۋائى.

**دەقائىق** [دقائق] (ئە) [بىرلىكى: دەقىق] ئىنچىكە ۋە نازۇك مەنىلەر، نازۇك پىكىرلەر؛ «دەقىق» كە قاراڭ:

دەقايىق خەيلى ـ ئىلىم ـ مەرىپەت كىشىلىرى، دانىشمەنلەر، ئەدىبلەر، بىلىم ئىگىلىرى.

**دەققاق** [دقاق] (ئە) 1 › بىرەر ئىشقا دىققەت بىلەن ئىنچىكىلەپ قارىغۇچى، نازۇكپەم كىشى، زىرىپ ئادەم؛ چوڭقۇر چۈشەنچىلىك؛ 2 › ئەللاپ (ئۇن ساتقۇچى)، ئۇن سودىگىرى.

**دەقىق** [دقيق] (ئە) [كۆپلۈكى: دەقايىق] 1 › نەپىس، ئىنچىكە، نازۇك، لەتىپ؛ قىيىن، چوڭقۇر مەنىلىك:

لەئلى لەبىڭ كۆرەي دەبان كۆز ياشىم ئەيلەدىم ئەقىق،

خالى خەتتىڭنى بىلمەدىم تۇرفە كىتابەتى دەقىق.

ــزەلىلى.

2 › دىققەت بىلەن ئۆگىنىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈش؛

ھەكىملەر مىزاجىنى تەفتىش ئېتىپ،

دەقىق ئىلىملار بىرلە ئەندىش ئېتىپ.

ــئا. نىزارى.

دەكاكىن 3 › قىسقا:

...تەرىققەت ئادابى سۇلۇكىدە ئانداق دەقىق رەۋىش بىلە تەرىقلەرىن تۈزدىلەر.

ــ نەۋائى

دەقىق تەئەققۇلمۇغ ـ ئۆتكۈر ۋە ئىنچىكە چۈشەنچىلىك، چوڭقۇر پەم؛

نۇكتەئى دەقىق ـ نازۇك سۆز.

**دەكاكىن** [دكاكين] (ئە) دۇكانلار؛ «دوكان» غا قاراڭ.

**دەكلە** [دكلا] «دىكلەي» گە قاراڭ.

**دەڭ** [دنگ] (پ) 1› ھوشسىزلىق؛ گاراڭ، ئاڭسىز:

بىر قەلەندەر بار ئىدى مەبھۇتى دەڭ،
سۇبھۇ شام ئانىڭ غىزاسى ئىردى بەڭ.
— نەۋائى.

2› ھەيران، ھەيرەت؛ 3› داڭ، قوڭغۇراق:

گەردۇنى ھەفت ئەۋرەڭ، شىنگەرفىۋۇ تۆمۇررەڭ،
يا مىسسۇ نۇقرەۋۇ دەڭ، يا كۇھسار ئەمەسمۇ؟
— زەلىلى.

دەڭ ئەيلەمەك – 1› بىھوش قىلماق، 2› ھەيرەتتە قالدۇرماق؛
دەڭ قالماق – ھەيران قالماق، ھەيران بولماق، نىمە قىلارىنى بىلمەسلىك؛
دەڭ قىلماق – «دەڭ ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**دەلال** [دلال] قىلىق، ناز – كەرەشمە:

تەركى ئىشق ئەتتى نەۋائى، تۇتۇبان تەقۋىيۇ زۇھدە
ئەي سەنەملەر، ئاڭا كۆپ غەنجۇ دەلال ئەيلەمەگىز.
— نەۋائى.

**دەلالەت** [دەلالت] (ئە) 1› نىشانە، ئالامەت، بەلگە؛ گۇۋاھلىق؛ شاھىتلىق 2› كۆرسىتىش، يولغا سېلىش، ئۈندەش؛ 3› ھەرىكەت قىلماق، ئىستىلمەك، ئۇرۇنماق؛
دەلالەت قىلماق — ئىشارەت قىلماق، كۆرسەتمەك، بىلدۇرمەك؛ ئۈندىمەك.

**دەلايىل** [دلايل] (ئە) [بىرلىكى: دەلىل] دەلىللەر، ھۆججەتلەر:

يۈزۈڭدۇر شەمئ، ۋەللەيلى نىقابى ئەنبەرىڭ، جانا،
تىلەيدۇر گەر كىشى، باردۇر بۇ مەئنىغە دەلايىل كۆپ.
— ۋەفائى.

دەلايىل كۆرگۈزمەك — دەلىللەر كۆرسەتمەك.

**دەلدە** [دلدا] دالدا، پاناھ، پاناھ جاي:

دەۋر ئېلى جەۋرىدىن ئۆلدۈم، قېنى مەيخانە يولى،
كىم ئىرۇر قاچقالى كۆپ دەلدەسى بىر لەھزە پەناھ.
— نەۋائى.

**دەلق** [دلق] (ئە) دەرۋىشلەر كىيىمى، جەندە:

مەخزەنى گەۋھەرى سۇخەن تەلبە زەلىلى تاپماغاچ،
دەلقى قەلەندەرى بىلەن دەر – بەدەر گەدا ھەنۇز.
— زەلىلى.

دەلقى پەشمىنە – يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم؛

دەلقى خىزرۋەش ــ كۆك تون؛ يېشىل تون؛
سارىغلىغ دەلق ــ مەللەتون.

**دەللاك** [دلاك] (ئە) هاماماد كىشىلەرنى ئۇۋۇلاپ، تېنىنى ئىشقىلاپ يۇيۇپ قويغۇچى كىشى، خىزمەتچى، خىزمەتكار.

**دەللال** [دلال] خىزمەتچى؛ كېلىشتۇرگۇچى، بەدىك:
ياراتتى هەر جېرىدارىغە دەللال،
تۆرەتتى جۇملە مۇشكىللەرگە هەللال.
ــ خىرقەتى.

**دەللالە** [دلاله] (ئە) دەللال، هىيلىگەر (ئايال)، ۋاسىتىچى، بەدىك (ئايال):
تولا تەكرار ئېتىپ ئازغۇردى ئاخىر،
ئۇشۇل دەللالەئى بەدبەختى كافىر.
ــ ناقىس.

**دەللە** [دله] (ئە) جادۇگەر، هىيلىگەر، هەييار (خوتۇن)؛
دەللەتۇل ــ مۇختالە ــ ئەپسانىلەردە هىيلىگەرلىك بىلەن نام چىقارغان هەييار خوتۇن؛
دەللەئى پۇرفەن ــ كۆپ هۈنەرلىك دەللە، ناهايىتى هىيلىگەر.

**دەلۋ** [دلو] (ئە) 1) چېلەك، سوغا:
قىرىق غۇلاچ سىيلى جىبورتوپ سالىپ،
دەلۋ بىلەن چەشمەسىدىن سۇ ئالىپ.
ــ زەلىلى.
2) قەدىمكى ئاسترونومىيەدە ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئون بىرىنچىسى؛ قىش پەسلىنىڭ ئۈچىنچى ئېيى:
دەلۋ چاغى، جەدد چاغى، جىلۋەگەردۇر بۇلئەجەب،
يوقدۇرۇر دەۋزەخدە مۇنداغ هەم يانا هاشا ساۋۇق.
ــ ئەرشى.

**دەلبر** [دلبر] (پ) «دەلىر» گە قاراڭ.

**دەلىر** [دلير] (پ) يۈرەكلىك، شىجائەتلىك، جاسارەتلىك، جەسۇر، پالۋان، باتۇر، دادىل:
ئۆزى شوخ ئەمما بەغايەت دەلىر،
جەمالىغە دەهر ئىچرە شەهلەر ئەسىر.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
دەلىرى زەمان ــ زامانىنىڭ پالۋان، باتۇرلىرى، جاسارەتلىك كىشىلىرى:
بۇ يەڭلىغ جەۋاب بەردى دەرۋىشلەر،
دەلىرى زەمان نىك ئەندىشلەر.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دەلىرانە** [دلىرانە] (پ) جەسۇرلارچە، باتۇرلارچە، دادىللىق بىلەن.

**دەلىل** [دلىل] (ئە) 1) ھۆججەت، ئىسپات، ئاساس؛ گۇۋاھ:

يوق مەكانىڭ كۆزۈمگە پىنھان سەن،

بارلىقىڭغە دەلىل ھەمە ئافاق.

— شەۋقى.

2) باشقۇرغۇچى؛ يول باشلىغۇچى؛ يېتەكچى:

دەلىل ئولدى خىزىر يەڭلىغ تۇتۇپ قول،

ئۇ يەردىن بىر تەرەفكە باشلادى يول.

— ناقىس.

دەلىل ئەيلەمەك — شاھىت قىلماق؛ دەلىل كۆرسەتمەك؛

دەلىل بولماق — يېتەكچىلىك قىلماق؛

دەلىل ئولماق — ئىسپات بەرمەك، گۇۋاھ بولماق:

شەھىد ھۆكمىدە ئايەت ئولمىش سەبات،

دەلىل ئولدى ئولكىم ئىرۇرلەر ھەيات.

— ئا. نىزارى.

دەلىلۇللاھ — ئاللانىڭ دەلىلى، تەڭرى ئەۋەتكەن يول كۆرسەتكۈچى.

**دەلىل ئاۋەر** [دلىل آور] (ئە + پ) دەلىل كەلتۈرگۈچى، ھۆججەت كۆرسەتكۈچى.

**دەلىلە** [دلىلة] «دەلىل» گە قاراڭ:

مۇھىم ئىشلارىدا ۋەسلە قىلىپ،

كى بەيتۇ شىرادا دەلىلە قىلىپ.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**دەم** [دم] (پ) 1) نەپەس، ھايات، ۋاقىت، ئۆمۈر:

كېچەۋۇ كۈندۈز تىلەر يىغلاپ قەلەندەر تەڭرىدىن،

قىلماغىل ئاخىر دەمىدە ئانى ئىماندىن جۇدا.

— قەلەندەر.

2) پەيت، پۇرسەت، ۋاقىت، كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىق؛

بىر دەمى ۋەسلى خەيالىدىن كۆڭۈل فارىغ ئەمەس،

سۆھبەتىم ئەھلى جەھان بىرلە ئىرۇر مەھزى مەئاش.

— ئەرشى.

3) ئەھۋال، ھالەت، تۇرمۇش:

ئىشق ئىسىدىن ئەت دەمىمنى مۇشكىن،

ئىشق ئوتىدىن ئەت يۈزۈمنى رەڭگىن.

— نەۋائى.

4) ئاۋاز، ئۈن، سادا؛ 5) كۆيۈك، غەم، ئەندىشە؛ 6) ئىلھام؛

www.uyghurkitap.com

7› شامال، يەل شاماللىڭ ئىسسىق ھارارىتى؛ 8› تۆمۈرچىلەرنىڭ كۆرىكى؛ 9› قىزىل رەڭلىك مەي؛ 10› بىس (شەمشەرنىڭ بىسى):

بىئەدەبىكى تەئنە ئىلە قىلسا ئەگەر سۆزۈمگە رەد،
تىغى زەبان ئاڭا كۆزۈك چۇن دەمى زۇلفىقار ئۆتەر.
— زەلىلى.

دەم ئاچماق — ئىغىز ئاچماق، گەپ قىلماق؛
دەم ئەتمەك — دەم (ھاۋا) بەرمەك؛
دەم تاپماق — راھەت تاپماق؛ جانلانماق؛
دەم تارتماق — سۈمۈرمەك، دەم تارتماق:

دۇنيا ھەمە ئانىڭ سارى يۈز قويسا قەدەم،
دەم تارتار جەھاننى مىساى ئەژدەھا.
— سەبۇرى.

دەم چەكمەك — ئاھ چەكمەك، ئىچىگە تارتماق؛
دەم قىلماق — دەمىدە، دەمىدە قىلماق:

قۇلىن لام ئەلىف قەددىنى خەم قىلىپ،
ئوقۇپ ھىرزلارنى ئاڭا دەم قىلىپ.
—ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

دەم ئۇرماق — نەپەس چىقارماق:

دەم ئۇرسا ئوت ئوتۇن ئۆزرە تۇتاشۇر،
ئۆچەر چوغ ھەرنەچە ئوچاقتىن ئاشۇر.
— خىرقەتى.

دەم ئۇرمان —نەپەس چىقارمايمەن، سۆز ئاچمايمەن؛

يۈز ئۆيۈرسەڭ تاغى مەن يۈز چەۋۈرمەن،
غەمىڭدىن باشقا، بىللاھكىم، دەم ئۇرمەن.
— لۇتفى.

دەمى ئىيسا — «دەمى ئىيسەۋى» گە قاراڭ:

قۇياشكىم مىھر ئەمەس ناز ئەۋجىدە يول نەۋئىكىم تىنماس،
دەمى ئىيسا بىلە ئاھىم ئۇرۇجى گەر تۇتاش ئولسۇن.
— ئەرشى.

دەمى پەيكان — تىنىق، نەپەس ئوقى:

خەدەڭگىڭ تەئنەسىگە، ئەرشىيا، كۆكسۈڭ نىشان ئەتكىل،
دەمى پەيكانى ئەزبەسكىم ھەياتى جاۋىدانىمدۇر.
— ئەرشى.

دەمى تىغ — تىنىق خەنجىرى، نەپەس تىغى.

بۇ جان باشىغە، ئەي زالىم، دەمى تىنىغلىڭ تەمەننادۇر،
زىبەس جان باشىغە مېئراج تىنىغىغە فىدا بولماق.
— ئەرشى.

دەمى خەش —ياخشى نەپەس؛ ياخشىلىق، ئىلتىپات، ياخشى گەپ؛
دەمى دۇد — نەپەس، تىنىق تۇتۇنلىرى، ئىسلىرى.
چۇنان تولغانىپ ئۇردى ئول پىچۇ تاب،
دەمى دۇدى بولدى جەھانغە ھىجاب.
— ئا. نىزارى.
دەمى سۆزالەمەي — بىر دەم سۆزلىيەلمەي:
ئانىڭ ۋەھمى بىرلە كېتىپ ئەقلى ھۇش،
دەمى سۆزلەمەي، بەلكى بولدۇم خەمۇش.
— ئا. نىزارى.
دەمى غەمناك — غەمكىنلىك تىنىقلىرى. مۇڭلۇق ئاھلار:
ئەگەر گۈل بىرلەن ئولتۇرسام دەمى غەمناك ئەيلەرمەن،
ۋەگەر غۇنچە بىلە بولسام گىرىبان چاك ئەيلەرمەن.
— قەلەندەر.

دەمى مۇلكەش —پادىشاھلىق مېيى (شارابى)، شاھانە مەي:
قوي قىسسەئى جەمشىدنى جامى ئىلكىندىن،
گەر بولسا دەمى مۇلكەش جەندۇر ماڭا، ئەي دوست.
— ئاتايى.

دەمى نىشات — شادلىق نەپەسلىرى
دەمى نىشات مەي ئەيشى بادەسى تۇتائالماس،
سىپىھر دائىر چەرخ نىگۇن گۇمبەزى دەۋۋار.
— سەبۇرى.
دەمى نەقد — ھازىرقى ۋاقىت، يېقىن پۇرسەت؛
دەمى ئىسەۋى — ئەيسا نەپىسى (ئەپسانىلەردە بايان قىلىنىشىچە: ئەيسانىڭ نەپىسى ئۆلۈكنى تىرىلدۇرەرمىش)؛
دەم يولى — نەپەس يولى، كېكىردەك.

دەما ـ دەم [دمادم] (پ) ئۈزلۈكسىز، ئۈزۈلدۈرمەي، ئارقىمۇئارقا:
ئەنبەرىن خالىڭ فىداسى قىلغالي ئۇششاقلار،
جان قولۇرىن ئىلكىگە ئالىپ دەما دەم ساناشۇر.
— ئەرشى

www.uyghurkitap.com

**دەم بەدەم** [مبدم] «دەما ـ دەم» گە قاراڭ:

دەم بەدەم، سائەت ـ بەسائەت مەينى كەلتۇر نۇش ئېتەي،
سۇبھى، شام، بەلكى دەۋام ئۆتكۈزمەيىن ئەيىامە تۇت.
— موللا بىلال.

**دەمار** [دمار] (ئە)' 1› تارمار؛ يوق قىلىش، ھالاك قىلىش؛ 1› يىلىنىز، تومۇر؛ 3› تۈتۈن:

سەنەم زۇلفىدەك ئەيلەبان تارۇمار،
قوپارۇر ئېردى بارچەمىزدىن دەمار.
— نەۋائى.

دەمار چىقارماق ـ ھالاك قىلماق.

**دەمان** [دمان] دەھشەتلىك؛ ھەممىلە قىلغۇچى، نەرە تارتقۇچى؛ قورقۇنچلۇق (كۆپىنچە پىل، شىر، ئارسلانغا ئوخشاش ھايۋانلارغا قارىتىلىدۇ)؛

پىلى دەمان ـ ھەيۋەتلىك پىل؛
دەمان چەكمەك ـ نەرە تارتماق.

**دەمەك** [دمك] 1› (ئىلگىرى ئادەم ئولتۇرغان، كېيىن كۆچۈپ كەتكەن) جاي، تاشلاندۇق يەر؛ ۋەيرانە، ئەسكى، كونا؛ 2› سەھرا، دەشت.

**دەمدار** [دمدار] قۇيرۇق، سايە:

ئارقاسىدا نەفسى مۇردارنىڭ،
ئەرگەشىبان چۇن سەگى دەمدارمەن.
— موللا سالىھ.

**دەمدەمە** [دمدمه] پاراڭ، مۇھاكىمە، مەسلىھەت:

يىغىپ ئۆز سىپاھىنى قىلىپ دەبدەبە،
كى شەھزادە بىرلە تۈزۈپ دەمدەمە.
— ئا. نىزارى.

**دەمساز** [دمساز] (پ) ھەمدەم، ھەمدەرد، ئۈلپەت، دوست، ھەمسۆھبەت سۆھبەتداش، سىرداش:

چەكسەم ئول رەشكى پەرى ھەجرىدە تۈرلۈك نالەلەر،
قاندىن ئەتكەي بۇلبۇلى بىخانىمان دەمسازلىق.
— ئەرشى.

دەمساز ئەتمەك ـ دوست تۇتماق، ئۈلپەت، ھەمدەرد بولماق؛
دەمساز ئولماق ـ «دەمساز ئەتمەك» كە قاراڭ.

باغ کوردی کیم اتلان سالک سیکنیر        قیلیب نیمش یانی تونی نغیر
قاردی مل سلیب بو سوزلار        یانی نی حمد نی قیلدی اوزه
اوبا تونا م ننک بیرنی ... غاتیاس        اتاسی تا ج خیش تو جه بیا کس
تو نار یب تونکلنی جمله جهان دین        بو تو ملیل ا میلا رنی جانه ین
یورک تیبی درد و سوزیلا        ب نیب دکلی یور و زیلا
اولوق بولدین مغبت اتی دلارام        قو یوب تا غلار غه یوز لانک ناشام
نه بولدو ر بار نه یر هیری اوریا        نه ای یار تو رکلر ای دین دی بو ر
اردی یا تو لمعف اری تو تایر لار        اکر بولوق اوت تشیا لی نزر
یو لو قتی نکیال اندا ق دیدا لا        کیم اوشید ا تیا نزور بیمال
نوک یول لا میغت اول ای دخواه        یا تو توت یا رشو رلار نی نی
کدار تب عرش اعلا خه دشا لار        دز نیلات تا ریب نزد ا بیار لار
یو جالت ولا ایی اوج نشا دور        سو تیب بور و دی ... لا لو
نه یار ماق دیتی یار ماقدی سبز دار        نه تی لاری او تو معا ...

یکولان بر بری و مسین خنبت قوت        یا نیا یا نه شب چون قی را یا قوت
قا بر خا نه دی یا فلا رقا له دی اشتیب        تا لب بیکار بولد یلار یو روتیش
تو تو یان ر قیا جر به یا ید دم        تیا لی دیه بیلار اول ای شکی دم
بری بیری تیز منکا نهفتی تو نوب        او بو دیلار ا یا قلا ری کو تو نوب
تو حا لت الار تیغ ا دنیو هستی        فلک سی یا به یی سغره ه ... حیت
ز نا که قیغدی ر یار تجه انکیز        یا کمی نا تنس نیا نا شلا دی خونریز
زکی بورد ولا کلدی تو توب خاقان چین فتح یار گاه
یاد ایر دی اس در زنکی مخوار        زحل دین نحس ر اق مریخ کدار
سواو رنیه اقال اجیب قاقو جی        نیا را و تقا سا لیب اوز یا نا تو جی
اتی جدا بوی مسل جبار دیب        کو زی محرز خ یوزی محشر کو نی دیب
اتی تو نمس بو بر عد لار غه قاان        که سو ر ما س ان اگر قیب نمک توز جان
ایدو دی و یکت تجه زنکی بیداقل        قراو للار قو یوت جلا رایه کی یول
تو رو ب ... سل یورند را بزیی        بیب تب ... شتا دی تی او زنی



بسم الله الرحمن الرحیم


اوّل


الا یا ایها الساقی کلیب دوب رندلار تیلغه        کوروندی آسان عشق اوّل کیم تاریب مشکلغه
صبا اول طره ننک بوین کیم آچیب طره دین آخر        که مشکین جعد تا بیدین نه خونلار یا غلادی دلغه
که سجاده ننک رنکین مید قیل بیر مغان ایتور        که سالک بیخبر بولماغای تیکمای راه منزلغه
که جانان منزلی ایچره منکا خوش عیش چون هر دم        قونکلفو غو ایلاکای فریاد اکر باغلانسه محملغه
قرانکغو تون دا موج دین و هم هم کرد ایدین قایغو        نیچوک بیلکای منینک حالیم نینک یوکی توشمه ساحلغه
ایشم کاییم اوزوم کامیم آخر تاپتی بد نامیلیق        قچان قیلغای نهان رازی اگر کلتورسه محفلغه
حضور استار ایسانک حافظا اندین توبماغیل غافل
قاچان تیماغلیق بودنیادا قچان لول عشق اچمالغه

اگر اول ترک شیرازی تو لیغه آلسه کونکلو منی        که خالی هندوی غه برکوم سمرقند و بخارانی
برای ساقی می باقی کی جنت ده تغالای کیم        که کرنی آبادیقا سیدا عجیب کل کل الار مصلی نی

دلا که قور قمه حسود خبث دین که ایمن بول        یمان که خاطری امید واریمه تیماس
جنان تیز میلکم اگر خاکره بول ریکیمکه        غبار خاطره بول رهکذاریمه تیماس
کیوردی قور قامه حافظنی شرح قصه کیم
که سمع خادشی کا محکایه تیماس

سحر چو بلبلی بیدل کبی که کزدیم باغ        یوراک نکهتی سنبل قیلای علاج دماغ
نکاه کیم کلی سوری یوزیغه کیم قیلدیم        ایردی که تون کیچه ده روشنی کیم مجو چراغ
جنانکه حسن جوانلیغ دا اودیکه مغرور        الیب دو درلی بلبل اگر کو نه فراغ
آچیب دو نرکس رعنا کوزینی حیرت دین        قویوب بولاکه سودا اچان دل یوز داغ
تیلی ننک تیغی سوسن کمه سرزنش دا ایچب        اغیز آچیب که شقایق که خلق غه انغاغ
کهی چو باده پرست دیکیب صراحی ایلکیده کیم        کهی کی ساقی قامت دیک الیب قولیغه آیاغ
نشاط ایچه جوانلیغ کی کل غنیمت بیل        که حافظا یوق ایر و دی خبر سول غیر بلاغ






源　泉（布拉克）（维吾尔文）总33期 بۇلاق (ئومۇمىي 33 - سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

«MAGAZINE OF BULAK»(UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：　CN65－1063/1
本刊代号：　58－108 定价：1.90元
国外代号：　Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 1.90 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 1118